## ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد

# بەرقى ئەسەرلىرى (1)


1. ئاپتۇرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى..............................2 ـ بەت

2. «بەرقى» تەخەللۇسىنىڭ ئۆتمىشى..........................4 ـ بەت

3. كىتاب ئوقۇش ماھارىتى يېتىلدۈرۈش........................13 ـ بەت

4. «سەرخۇش» تۇغقان سەرخۇش خىياللار(ئەدەبىي ئاخبارات)..........21 ـ بەت

5. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئاياللار تەربىيىسى قارىشى.................25 ـ بەت

6. بىزگە قانداق قىزلار كېرەك؟...............................31 ـ بەت

7. دۇنيا قاراش توغرىسىدا..................................35 ـ بەت

8. ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلاردا نېمە كەم........................45 ـ بەت

9. ئىرادە ۋە نىشان (سۆھبەت خاتىرىسى).......................55 ـ بەت

10 قەشقەر تەسراتلىرى (نەسر)...............................71 ـ بەت

11. بىر ئادەمنىڭ ھىكايىسى (ئەدەبىي ئاخبارات)..................73 ـ بەت

12. ئىشسىزلىقمۇ ياكى ئىقتىدارسىزلىقمۇ..........................98 ـ بەت


قوشۇمچە:


تىلنىڭ قۇدرىتى، ئۇستاز ھۆرمىتى (ئابدۇمجىت مۇھەممەد)....110 ـ بەت

لۈلچەكسىز زامان ( بەرقى شېئىرلىرىدىن تاللانما )..................117 ـ بەت

شەيتان (ھېكايە)........................................137 ـ بەت

# ئاپتۇرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى 1971 ـ يىلى دۇنيا مەدەنىيەت ئۇچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسدە تۇغۇلغان. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل –ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىققا كىرىشكەن.

ئەسەرلىرى 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 2001 ـ يىللىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيتى » ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان.

بۇ تىرىشچان ئەدىبنىڭ 2001 ـ يىلى «قىز پەسلى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى، 2003 ـ يىلى «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» دېگەن ماقالىلەر توپلىمى، 2004 ـ يىلى «ئارتىبالىق ھەققىدە قىسسە» دېگەن پوۋېستلار توپلىمى بىلەن « سۆيگۈ ۋە قىساس» دېگەن رومانى ۋە 2011 ـ يىلى «ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ ۋە چۈمۈلە روھى» دېگەن ماقالىلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ ئالقىشلانغان.







ئابدۇلئەھەت ئابدۇرەشىد بەرقى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


ئابدۇلئەھەت ئابدۇرەشىد بەرقى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


http://xjzjxh.com/


BABUR

# «بەرقى» تەخەللۇسنىڭ ئۆتمىشى

دائىم باشقا جايلارغا لىكسىيە سۆزلىگىلى بارسام ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەخەللۇسىڭىز ھەققىدە بىر نەرسە دەپ بەرسىڭىز دىگەن سۇئالىغا دۇچ كىلىمەن. ھەتتا بەزىلەر سورۇنلاردا تەخەللۇسۇم ھەققىدە گەپ كوچىلىشىدۇ. تەخەللۇسۇمنى ئاللىكىملەرگە باغلايدۇ. ئوقۇرمەنلەردىن تاپشۇرۇۋالغان خەتلىرىمنىڭ بەزىسىدىمۇ تەخەللۇسۇمغا ئائىت سۇئاللار بار. ھازىرغا قەدەر مۇشۇ سۇئاللارغا ئىمكان بار جاۋاپ بېرىشكە، سۇئال سورىغۇچىلارنىڭ قىزىقسىنىشىنى بېسىشقا تىرىشىپ كەلدىم. لېكىن بۇ ھەقتىكى سۇئاللار ئازىيىشنىڭ ئورنىغا كۆپىيىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن كالالامغا ھەر بىر قىزىققۇچىغا بىر نۇۋەت جاۋاپ بېرىپ يۈرگىچە جامائەت قىزىققان مەسىلە بولغاندىكىن بىرەر مەتبۇئاتتا بىر يولى جاۋاپ بېرىپ، ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى ئېزاھلاپ ئىشنى تۈگەتمەيمۇ دىگەن ئوي كەلدى. لېكىن مۇشۇنداق قىلسام باشقىلارنىڭ << تېخى يازغان نەرسىسىنىڭ تايىنى يوق، ئۆزىنى ئۇلۇغلار قاتارىدا ساناپ تەخەللۇسى ھەققىدە ھېكايە يېزىپ كېتىپتىغۇ بۇ >> دىگەن سۇئاللىرىغا، تەنىللىرىگە دۇچ كەلسەم قانداق قىلارمەن دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش يەنە بىر مەزگىل تاشلىنىپ قالدى. لىكىن ماڭا قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ھىكايىنى ئاڭلىغۇسى باردەك، بۇ ھەقتىكى قىزىقىشى تېخى بېسىلمىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا نۇرغۇن ئويلىنىش ئارقىلىق ھۆرمەتتىن ئىتائەت ئەلا دەپ بۇ ماقالىنى يېزىپ، تەخەللۇس قويۇشۇمنىڭ ئۆتمىشىنى بايان قىلىش قارارىغا كەلدىم.

مەندىكى ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش ئۆزۈمگە تۇغما قىزىقىشتەك تۇيىلىدۇ. ئەقلىمگە كەلسەم دادام ھويلىمىزغا قويۇلغان شوتىنىڭ بالدىقىدا ئولتۇرۇپ، ئىشكىلەرنى تاقاتقۇزۇپ بىر ياغلىققا چىگىپ قويۇلغان بىر دەپتەرنى قولىغا ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز جىم بولاتتۇق، دادام دەپتەرنى ئوقۇشقا باشلايتتى. دەپتەر ئوقۇلۇپ << ئەلقىسسە . . . . تاڭ يورۇپ، شۇنىڭ بىلەن شەھرىزات ھىكايىسنى توختاتتى،>> دىگەن يەرگە كەلگەندە ھەممىمىزنىڭ ھىكايە سۆزلىۋاتقان شەھرىزات دىگەن خوتۇنغا ئاچچىقىمىز كىلەتتى. بىر ھىكايە سوزلەپ بولغۇچە تۈگەپ كىتىدىغان قانداق قىسقا كىچە بۇ دەپ جىلە بولاتتىم. ئەنە شۇ چاغلاردا ئاڭلىغان شەھرىزاتنىڭ ھىكايىللىرى ھازىرمۇ ئېسىمدە بار. شەھرىزاتنىڭ ھكايىسىنىڭ ساداسى ئىچىدە چوڭ بولدۇم. كىتاب ئوقۇش تۇرمۇشۇمنىڭ ئايرىلغىلى بولمايدىغان بىر تەركىبى قىسمىغا ئايلاندى.

تۇنجى ئەسىرىمنى قاچان يازدىم ئېسىمدە يوق. ئەنە شۇنداق ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلىدىم. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئابدۇۋارىس ئاناپەت ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىمىز يېزىقچىلىق سىنىپى ئاچتى. مەن بۇ سىنىپنىڭ شېئىرىيەت قىسمىغا قاتناشتىم. دەرس جەريانىدا ئابدۇۋارىس ئاناپەتنىڭ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە خېلى داڭقى بار ئىستىقباللىق بىر شائىر ئىكەنلىنى بىلىۋالدۇق. ئۇ كىشى بىرگە شېئىر يېزىشنىڭ بىر قىسىم قانۇنىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ مەشىققە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلگە تەرىقىسىدە ئوسمانجان ساۋۇت ۋە قۇربان باراتنىڭ ئىككى پارچە شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى، << ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن قۇربان بارات بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىككى ياش شائىر، سىلەرمۇ ئاشۇ شائىرلاردەك بولۇشقا تىرىشىڭلار >> دىدى ئۇستازىمىز ئەڭ ئاخىرىدا. ئويلاپ باقسام ۋاقىت بەكمۇ تىز ئۆتىدىكەن، 86 ـ 87 ـ يىللىرى ئۇيغۇرنىڭ ياش شائىرى دەپ ئاتالغان ئىككى بۈيۈك سىما مانا بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ پىشقەدەم شائىرلىرى بولۇپ قالدى. بۇ يىل (2006 ـ يىلى ) كوچىدا ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، شائىرغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەردىم. شائىر ئۆزىنىڭ پىنسىيەگە چىققانلىقىنى تىلغا ئالدى. شۇ چاغدا كاللامغا ئابدۇۋارىس ئاناپەتنىڭ ياش شائىر دەپ ئوسمانجان ساۋۇتنى سۈپەتلىگەن تۇرقى كەلدى. شۇندىن كىيىن يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتتىم. يازغان نەرسىلىرىم ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا مەشھۇر بولۇشقا باشلىدى. ئابدۇۋارىس ئاناپەت بىلەن پات ـ پات ئالاقە قىلىپ تۇردۇم. ئۇ كىشى يازغانلىرىمنى ئىرىنمەي تۈزۈتۈپ بېرەتتى پىكىر بېرەتتى. ئۇ كىشى بىلەن بولغان ئالاقىمىز تولۇق ئوتتۇرىنىڭ كىيىنكى يىللىرىدا ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇ كىشى شۇ چاغدا ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ قايسى ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ، 2000 ـ يىلى يېقىن دوستلىرىمنىڭ ياردىمىدە تۇنجى شېئىرلار توپلىمىمنى نەشر قىلدۇردۇم. شۇ چاغدا ماڭا شېئىر ھەققىدە ئەڭ دەسلەپكى بىلىملەرنى بەرگەن ئۇستازىم ئابدۇۋارىس ئاناپەت ئېسىمگە كەلدى، بەلكىم ئۇ كىشى مىنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ كىشىگە تۇنجى كىتابىمنى كۆرسەتكۈم كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر پارچە كىتابنى ئاكا ئاغىنەم، بۈگۈنكى مۇۋاپىقىيىتىمگە مۇھىم تەسىر كورسەتكەن شەخسلەرنىڭ بىرى يازغۇچى مۇتەللىپ سەيپۇللا ئارقىلىق ئابدۇۋارىس ئاناپەتكە سۇندۇم. ئۇ كىشى كىتاپقا قانداق باھا بەردى ماڭا ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئۇ كىشى

ناھىيەدە ئەمەل تۇتتۇاتقان بولغاچقا ئىزدەپمۇ كەتمىدىم.

تولۇق ئوتتۇردا رەسمى ئوت ئالغان يېزىقچىلىق ھەۋىسى ماڭا رۇدۇپايدەك چاپلاشتى، ئالى مەكتەپ ھاياتىنى جددىي ئۆگىنىش ۋە جاپالىق مەشىق بىلەن ئوتكۇزدۇم. كىيىنكى مەزگىللەردە، بولۇپمۇ ئالى مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىردا شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەۋەسدە نامىم چىقىپ قىلىشقا باشلىدى. مەشھۇر شائىر ماموت زايىتنىڭ كۆكۈل بۆلىشى بىلەن تارىم ژورنىلىدا رەسىمىم بىلەن تونۇشتۇرۇلدۇم. ئۇزۇمنى شائىر بولۇپ قالغاندەك ياكى ئانچە ـ مۇنچە بىر ئىشلارنى قىلالىغاندەك سېزىدىغان بولدۇم، ئۆزۈمگە ئىشەنچ پەيدا بولدى، لىكىن مەن شۇ يىللاردا تەخەللۇس قويۇش كويىدا بولمىدىم، مەن تەخەللۇس قويۇشنى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئىشى، بىزگە تەخەللۇس قويۇش نەدە تۇرۇپتۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇنداقتىمۇ ئارسلانلار چوڭ شىرلارنى دوراپ ئوينىغاندەك بەزىدە قەلەمداش ئاغىنىلەر بىلەن ھەر خىل تەخەللۇسلار بىلەن ئۆزىمىزنى چاقرىپ ئويناپتتۇق، كولدۇرلىتاتتۇق. بىر سىنىپتا ئوقۇغان تالانتلىق ساۋاقداشلىرىمدىن مۇھەممەتجان سەيدۇللا، ئابدۇغەنجان سەيدىن، مەخمۇت ئەللەر، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ۋە كەينىمىزدە ئوقۇيدىغان شۇ چاغلاردىلا ئەدەبىيات ساھەسدە خېلى نام چىقرىپ قالغان تالانتلىق مەكتەپداش ۋە ساۋاقداشلاردىن مۇتىللا قىرانى، زاماندىن پاكزات، ۋەلى كەرىم كۆكئالىپ، ئابابەكرى توختى، ئابلەت ئابدۇرەھىم قاتارلىقلار مۇشۇنداق چاخچاقلارنىڭ دائىملىق ئوبىكتى ئىدى. ھەممىمىزدە ئەدەبىيات ساھەسدە ئۇلۇغ بىر ئىشلارنى قىلالىساقمۇ كۆزگە كورۇنگۇدەك بىرەر ئىشلارنى قىلىش ئارزۇيىمىز بار ئىدى. يۈرىكىمىزدە ئەدەبىياتقا بولغان پاكىز مۇھەببەت لاۋۇلدايتتى.

ئەنە شۇنداق ئەدەبىياتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن كۆيۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە **1991** ـ ۋە **1992** ـ يىللىرى گېزىت ـ ژورناللاردا ئابلەت ئابدۇرەشت ئىسىملىك بىر رەھبەرنىڭ ئىسمى غولداپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتقا تەتىلگە بارسام ئۇرۇق ـ تۇققانلارنىڭ <<رادىئو ۋە تىلىۋۇزۇردا ئابلەت ئابدۇرەشت دىگەن ئىسمنى ئاڭلاپ سىزمىكىن دەپ ئويلاپ يۈرىكىمىز شاتلىنىپ كەتتى >> دېگىنىنى ئاڭلىدىم، كىيىن ئابلەت ئابدۇرەشت دىگەن ئاكىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن باللار ماڭا رەئىس دەپ چاخچاق قىلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ بەزىدە

ئىسمىمنىڭ ئۇخشاشلىقىدىن كېلىپ چىققان بۇ ماس كېلىپ قېلىشتىن ھەيران قالاتتىم، ھەتتا بەزىلەر ماڭا قارىتىپ << ئەمدى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە خىزمەت قىلىشتىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدىغان بولدى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرەشت ساڭا ئىسمىمىز ئۇخشاشكەن دەپ بىۋاستە خىزمەت بېرىۋېتەمدۇ تېخى >> دەپ چاخچاق قىلىشاتتى، لېكىن بۇ چاخچاقلار ھېچقانداق غەرەزسىز ئىدى. مېنىڭ كاللامدىمۇ ئىسمىمىزنىڭ ئوخشاشلىقى تۈپەيلىدىن پايدا ئېلىپ قالارمەن دېگەن ئويى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئىسمى ئوخشاش كىشىلەر بەكمۇ كۆپ ئىدى. 1992 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدىن باشلاپ گېزىت ـ ژورناللارغا بىرەر نەرسەم چىقىپ قالسا تەھرىرلەر ئوقۇغۇچى دەپ ئىزاھلاپ قويۇدىغان بولۇشتى، مەنمۇ ئوقۇغۇچى دەپ ئىزاھلاشتىن مەلۇم بىر قاراتمىلىقنى سەزگەندەك بولاتتىم. ئەنە شۇ يىللاردا ئەتراپىمدا تەخەللۇس قويامسەن نىمە؟ دېگەن سۇئاللارمۇ پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ بۇ سۇئالى گېزىت ـ ژورناللارنىڭ مېنىڭ ئىسمىمغا قوشۇپ قويغان ئىزاھاتىغا قارىتىلغان ئىدى. لېكىن مەن پەرۋا قىلمىدىم، چۈنكى كاللامدا ئەدەبىياتتا تېخى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋاپىقيەت قازانماي تۇرۇپ ئۇرۇق كالىغا يوغان مۆڭگۈز دېگەندەك ئىش بولمىسۇن دەپ ئويلايتتىم، رەئىس ئابلەت ئابدۇرەشت بىر ئەلنىڭ چوڭى، مەن بىر ئالى مەكتەپنىڭ ئاددى ئوقۇغۇچىسى، خەقلەر ھەرگىز ئىككىمىزنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ دېگەن ئويى كاللامغا ھۆكۈمران ئىدى. لېكىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرەشت تۈپەيلىدىن ئىسمىمنىڭ قىزىق نوقتىغا ئايلانغىنى ماڭا ئايان ئىدى. ئەسەرلىرىممۇ ئىلگىرىكىدەك تەھرىر بولۇم ئىشخانىللىرىدا ئۇنچە بېسىلىپ قالماس بولۇپ قالغان ئىدى. ئېھتىمال ئۇلار ئىسمىم بىلەن رەئىسنىڭ ئىسمىنى تەبئىيلا باغلاپ چۈشۈنۈپ نىمە يازدىكىن دەپ دەرھال ئوقۇپ باقسا كېرەك.

كېيىن ئوقۇش پۈتتۈردۈم. شۇ چاققىچە گېزىت ـ ژورناللار ئەسەرلىرىمنى باسسا ئوقۇغۇچى دەپ ئىزاھلاپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى. باشقىلار تەخەللۇس قويۇڭ دىسە مەنمۇ تەخەللۇسۇم ئوقۇغۇچى دەپ چاخچاق قىلىپ يۈردۈم. 1994 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئامىتىم كېلىپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە بۆلۈندۈم، شۇنىڭدىن كېيىن ئەسەرلىرىمنىڭ كەينىدىكى ئىزاھات ئۆزگىرىپ ئوقۇتقۇچى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

1

1995 ـ يىلى يازلىق تەتىلدە مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن خوتەنگە كېچىكىپ قايتتىم. تەتىلدىن كەلسەم

ئاغىنەم ۋەلى كەرىم شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ دىپلومنى كۆتۈرۈپ ئۆرۈمچىدە خىزمەت ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. دوسلۇق رىشتىمىز تەبىئىي ھالدا ئىككىمىزنى بىر جايغا يىغدى. ئۇ ۋاقىتنىچە ياتىقىمدا يېتىپ يۈردى. دەل شۇ چاغدا جەمىيەتتە قارا چاي ھەققىدە ھېكايىلەر پەيدا بولغان، قارا چاي ھەققىدىكى غەيۋەتلەر، بولۇپمۇ قۇتراتقۇ پاراڭلار سەل غولداپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ كاللامدا بۇنداق قۇتراتقۇ پاراڭلاپ غولداپ كەتسە شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشنى كۈتۈپ ياتقان تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈدىغانلارغا بولۇپ بەرمىسۇن، مۇشۇ ھەقتە بىر نەرسە يېزىپ قارا چاينىڭ ئىستىمالىمىزدىن يىراقلىششى ئاللىقانداق كىشلەرنىڭ غەيۋەتتىدىن ئەمەس بەلكى قارا چاينىڭ سۈپىتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە بىر نەرسە يېزىپ يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ قويۇش ھەققىدىكى ئويۇمنى ۋەلى كەرىمگە بىلدۈردۈم. بۇ ماتېريال يىغىشنى، كەڭ كولەملىك تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولغاچقا ۋەلى كەرىمگە بىللە يازايلى دەپ تەكلىپ قىلدىم، ۋەلى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تەخمىنەن ئىككى ئاي چامىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق، قارا چايغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاقتۇردۇق. ئالىملارنى زىيارەت قىلدۇق.

جاپالىق ئەمگەك نەتىجىسىدە << قارا چاي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شاللاش ئېڭى >>دېگەن نامدىكى ماقالە ئىككىمىزنىڭ نامىدا 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى <<ئاسىيا كىندىكى >>گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ماقالە ئېلان قىلىنىپ ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىدى. ھەتتا گېزىت كىشلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي بەزىلەر گېزىتنى كۆپەيتىپ ساتتى، ئاڭلىساق بەزى جايلاردا پىر پارچە گېزىتنىڭ باھاسى بەش يۈئەنگە چىقىپتۇ، ئارقىدىن ماقالىنى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى، پەن ۋە تۇرمۇش ژورنىلى، بۆرتالا گېزىتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىن چىقىدىغان تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى دېگەن مەجمۇگە كۆچۈرۈپ باستى.

ئەنە شۇ چاغدا تەخەللۇس قويۇش مەسىلەم جىددىي بىر ئىشقا ئايلاندى، بىر كۈنى ياتىقىمدا ئولتۇرسام ئىشىك چېكىلدى، قارىسام بىر كاتتا شائىرىمىز ياتاقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شائىرنى ياتاققا باشلىدىم. شائىر گەپنى ئۇدۇللا ئېيتىپ <<رەئىس ئابلەت ئابدۇرەشىت سىزنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن، ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇيدىكەن، لېكىن يېقىندىن بۇيان بەزىلەر سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى رەئىسنى يازدىمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىپ

بەزى ئۇقۇشماسلىقلار پەيدا بولغاندەك قىلدۇ شۇڭا رەئىس ئەشۇ بالا بىر تەخەللۇس قوللانغان بولسا دەپ تەكلىپ بەرگەن، شۇڭا ئاتايتەن يېنىڭىزغا كېلىشىم >> دېدى .

مەن خىزمەتكە چىققاندىن بۇيانقى ئىككى يىلدا ئۇرۇمچىدە خېلى ئىشلارنى چۈشۈنۈپ قالغان ئىدىم. ئېھتىمال بەزىلەر مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ رەئىس ئابلەت ئابدۇرەشىتنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن رەئىسكە گەپ تېپىش مەقسىتىدە يازغانلىرىمنى سۈيىستېمال قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ تەخەللۇس قويۇش مەسىلەم رەسمىي كۈن ـ تەرتىپكە چۈشتى. مەن بۇ ھەقتە خىزمەتدىشىم، ماڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نۇرغۇن تەسىر كورسەتكەن ئۇستاز ئورنىدىكى ئاكا بۇرادىرىم ئابدۇقادىر جالالىدىندىن مەسلىھەت سورىدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىنمۇ يېقىندىن بۇيان بۇ ئىشقا كوڭۈل بولۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ مۇشۇ ھەقتە ئىزدىنىپ بېقىش ھەققىدە ۋەدە بەردى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئابدۇقادىر جالالىدىن <<بەرقى دېگەن سوزنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن بولسىڭىز، ئوت، يالقۇن دېگەن مەنىسى بار، ئەينى چاغدا كىشىلەر ئۇنى تەجەللى ھەزرەتنى سۈپەتلەشكىمۇ ئىشلەتكەن، يەنى ئۇنى بەرقى تەجەللى دەپمۇ ئاتىغان >> دېگەن ھېكايىنى قىستۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن مەن رەسمىي ھالدا بەرقى دېگەن تەخەللۇسنى قوللاندىم.

مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ قويىدىغان بىر ئىش مەن بەرقى دېگەن تەخەللۇسنى قويۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن بەزىلەر مۇنداق بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بىر چاغدا ئۇرۇمچىدىكى بىر نەچچە ياش شائىر بىرلىشىپ بىر نەچچە پارچە شېئىر يېزىپتۇ، ھەر بىر مىسرانى بىرەيلەن يېزىپتۇ ۋە ئارقىدىن ئۇنى تەڭرىتاغ ژورنىلىدا ئېلان قىلىپتۇ، ھەققەتەن مەن ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا بەلكىم 1991 ـ 1992 ـ يىللىرى بولۇشى مۇمكىن تەڭرىتاغ ژورنىلىدا بەرقى ئەيشىدىن دېگەن ئىمزادا شەپەق مۇسەللىسى دېگەن بىر پارچە شېئىرنى كۆرگەن ئىدىم. <<بەلكىم ئابدۇقادىر سىزگە شۇ چاغدىكى تەسىراتى بويىچە مۇشۇ گەپنى تەخەللۇس قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن >>دېيىشتى ئۇلار ، مەن پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم كېيىنمۇ ئابدۇقادىركام شۇنداق بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى، مۇمكىن بولسا تۈزۈك ئىشلارنى قىلىپ تەخەللۇسنى ئېخىمۇ چاقنىتىشىمنى تىلىدى.

بەلكىم تەخەللۇسنى چاقناتقاندىمەن، مانا بۇگۈن بۇ تەخەللۇس ئىسمىمغا ئوخشاش بولۇپ كەتتى. ھەتتا مەن ئۇنى جەمەتىمگە فاملە قىلىپ قوللىنىش قارارىغا كەلدىم، ئايالىم روشەنگۈل بۇ قارارىمغا قوشۇلدى، ھەتتا بىر كۈنى كىچىك ئوغلۇمنىڭ نوپۇسنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇپ ساقچىخانىغا بارغاندا ئىسمىمنى رەسمى ھالدا تەخەللۇس بىلەن قوشۇپ ئاتىماقچى، يازماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلىش ئەمەلگە ئاشسا كىملىككە ئايالىمنىڭ ئىسمى روشەنگۈل ئابدۇلەزىز بەرقى، ئوغۇللۇرىمنىڭ ئىسمى ئالىپ ئابدۇلەھەد بەرقى، ئىلتەرىش ئابدۇلەھەد بەرقى دەپ ئاتىلاتتى، لىكىن ساقچىخانىدىكىلەر بۇنداق قىلىشىمغا << بۇ ھەقتە ھىچقانداق ھۆججەت يوق >> دەپ يول قويمىدى. مەن بۇ ھەقتە مەلۇم مەزگىل ئىزدىنىپ كېيىن بولدى قىلدىم، لېكىن ئايالىم، بالىلىرىم ئۆزىنىڭ شۇنداق ئاتىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىپ بولدى ۋە ۋاقتى كەلسە غەيرى، رەسمي سورۇنلاردا شۇنداق ئاتاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرىۋاتىدۇ،

2

بەزىلەر مەندىن نىمشقا ئىسمىڭىزنى يەنە ئۆزگەرتتىڭىز دەپ سورىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئىسمىمنى 2001 ـ يىلدىن باشلاپ ئابلەت ئابدۇرەشت بەرقى دەپ ئاتماي ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشت بەرقى دەپ ئاتىغىنىم ئىدى.

مەن ئەسىمگە كەلسەم ئۆيدىكىلەر مېنى ئابدۇلئەھەد ياكى ئەھەت دەپ ئاتايدىكەندۇق، ئەزان توۋلاپ ئىسمىمنى قويغان بوۋام بولسا ئابدۇلئەھەد دەپ ئاتايتتى. لېكىن ئاچىللىرىم ۋە قوشنىلارنىڭ بالىلىرى مېنى ئەھەت دەپ ئاتايتتى، مەنمۇ دەپتەرلەرگە شۇنداق ئىمزا قوياتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئىسمىمنى يەنە شۇنداق يازدىم، لېكىن بۇنداق قىلىش بوۋامغا ياقمىدى، بوۋام ئەرەپ تىلىغا پىششىق ئادەم بولغاچقا، شۇنداقلا يېزىمىزدىكى ئىناۋەتلىك موللا بولغاچقا ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئابدۇلئەھەد دىگەن ئۇلۇغ ئىسىم، ئۇنى خالىغانچە قىسقارتساق بولمايدۇ دىگەن ئىدىم بوۋام بىر چاغدا، شۇندىن كېيىن ئىسمىمنى ئابدۇلئەھەد دەپ يېزىپ يۈردۈم. لېكىن كىشىلەر ئادەتلەنگىنى بويىچە ئەھەت ئابلەھەت دىگەندەك ئاتاپ يۈرۈۋۋەردى، 1988 ـ يىلى تۇنجى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغاندا ئىسمىم گېزىتكە يېزىپ بەرگىنىم بويىچە ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشت دەپ ئېلان قىلىندى.

1989 ـ يىلى شنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستىغا ئوقۇشقا كەلدىم ۋە ئىسمىمنى ئابدۇلەھەد ئابدۇرەشت دەپ مەلۇم قىلدىم، لېكىن ئىسمىمنى يازغان ئادەم ئاددىي قىلىپ ئابلەت دىمەمسەن ئۇكام، ماۋۇ قەغەزگە پاتمايدىكەن دىدى ۋە ماقۇللۇقۇمنى ئالماي تۇرۇپ شۇنداق يازدى. سەل ئاچچىقىم كەلدى، لېكىن گەپ قىلالمىدىم. كېيىن ئىسمىم شۇنداق ئومۇملاشتى، لىكىن كىملىك ۋە باشقا جايلارغا ئىزچىل ئابدۇلەھەد ئابدۇرەشت دەپ يازدىم. لېكىن مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن جەدۋەلدىكى ئىسىم يازىدىغان جاينىڭ خەنزۇلارنىڭ ئىسمىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ توت خەت ياكى ئۈچ خەتلىك بوش ئورۇن قالدۇرۇلغانلىقىنى، مەندەك ئىسمى ئۇزۇن ئادەمنى زادى ئويلىشىلمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئوزۇم يازغان ئىسملىرىم ئابدۇلئەھەد، خەق يازغان ئىسملىرىم ئەخەت، ئابلەت، ئابدۇ دىگەندەك ئۇننەچچە خىل يېزىلىدىغان بولۇپ قالدى، بېشىدا ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ كېيىن كۆنۈپ كەتتىم. ھەتتا ئىسمىمنى قىسقا يېزىش زۆرۈرىيىتىدىن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئىسمىمنى بىر مەزگىل ئابلەت دەپ يازدىم، ھازىرمۇ ئاتىلىشتا ئابلەت يېزىشتا ئابدۇلئەھەد دەپ قوللىنىۋاتىمەن.

ئەمما گېزىت ـ ژورناللاردا ئىسمىمنى ئابدۇلئەھەد دەپ يېزىشقا رەسمىي قارار بېرىشىمدىكى سەۋەپ مۇنداق.

بىرىنجى ئەزان ئېيتىپ قويۇلغان ئىسمىم ئابدۇلئەھەد ئىدى.

ئىككىنجى 1988 ـ يىلى تارىم ژورنىلىدا يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ سەئۇدىي ئەرەبىستانغا چىققاندىكى ساياھەت خاتىرىسىنى ئوقۇغان ئىدىم. يازغۇچى سەئۇدىي ئەرەبىستان پادىشاھى بىلەن كۆرۈشكەندە ئىسمىنى زوردۇن سابىر دەپ مەلۇم قىلىدۇ، پادىشاھ بۇ ئىسمىنى ئاڭلاپ سەل تۇرۇپ كېتىدۇ ۋە <<زوھۇرىدىن سەبۇر >> دەپ تۈزۈتۈپ قويىدۇ.

ئەمىلىيەتتە نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى ئەرەپچە، قۇرئان كەرىمدىن ئىزدەپ تېپىپ قويۇلغان ئىسىم بولۇپ ھەتتا مېنىڭ ئىسمىم ئاللانىڭ 99 ئىسمىنىڭ بىرى ئىدى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا باللىرىغا مۇشۇ نوقتىدىن ئىسىم قويۋاتتى، لېكىن بىز بۇ ئىسىملارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇۋالغان ئىدۇق. ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندا ئەرەپچە مەنىسىنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ كېتىشىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن ئىدۇق، لېكىن بۇ ئۇلۇق ئىسىملار ئۇيغۇرچە مانا شۇنداق ئاتالسا مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتەتتى. مەنىسى قانداق ئۆزگىرىپ كېتىدۇ بىلمەيمەن. لېكىن ئىلگىرىكى مەندە

بولمايدىغانلىقى راست ئىدى.

ئۆچىنجى، ئەسەرلىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن بەزى ئەسەرلىرىم چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، ئۇلارنىڭ بەزىللىرى ئابلەت دېگەن ئىسمىدىن تەئەججۇپلەندى، ئۇلارنىڭ تەئەججۇپلىنىشىگە مەلۇم گاڭگىراش ۋە نىمىشقا مۇنداق گۈزەل ئىسىملارنى بۇزۇپ ئېيتىغاندۇ؟ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى خەق بۇزۇپ ئېيتسا نىمىشقا ھاقارەت ھىس قىلمايدىغاندۇ دېگەن مەنە بار ئىدى.

مەن مانا شۇ سەۋەپلەردىن ئىسمىمنى ئەرەپچىسى قانداق بولسا شۇنداق ئاتاش، ئەڭ بولمىغاندا بىۋاام قانداق قويغان بولسا شۇنداق ئاتاش قارارىغا كەلدىم،

لېكىن بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇنداق قىلىشىمنى توغرا تېپىپ كەتمىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەرەپچە ئىسمىنىڭ بىزگە كېلىپ ئۆيغۇرچە تۈس ئېلىشى مىللىي كىملىكىمىزنى بىلدۈرىغان بەلگە ئىدى. ئۇندىن باشقا مەندەك چوڭ زىيالىنىڭ ئىسمىنى پۈتۈنلەي ئەرەپچە ئاتىشى جامائەت پىكرىنى خاتا يېتەكلەرمىش، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ جامائەت پىكرىنى خاتا يېتەكلەيدۇ دېگىنى سىزگە ئەگىشىپ نۇرغۇن ئادەم ئىسمىنى ئەرەپچە پىتى ئاتايدۇ ھەتتا دىنغا بېرىلىدۇ دېگەننى كۆرستەتتى. لېكىن مەن شۇنداق بولسا نىمە بوپتۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى مەن ئىسمىنى ئۆز پىتى، ئەشۇ ئەرەپچە گۈزەل مەنىسى پىتى ئاتاشنى ئارزۇ قىلاتتىم. چۈنكى ئەجدادىم ئىسىم قويغاندا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كىشىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرستىدۇ دېگەن گەپكە ئىشىنەتتى، مەنمۇ ئىشىنەتتىم. ئىسىم ئۆبرازىمغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر بەلگە ئىدى. زوردۇن سابىر ئەپەندىمدەك ھەق ئىسمىنى تۈزۈتۈپ قويىدىغان كۆڭگە ھەم قالغۇم يوق ئىدى.

3

ئىسىم ۋە تەخەللۇسلىرىم ھەققىدىكى ھېكايە تۈگىدى. لېكىن بۇ ھەقتىكى ئەگەشمە خىياللار تۈگىمىدى. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىمنى تەبىئىي ھالدا ھوقۇق ئىگىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىشى، ھەتتا شۇ سەۋەپتىن ئىسمىمغا شۇنداق قىزىقىشى مەندە بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ئىدى، مەلۇم نوقتىدىن قارىغاندا بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان ھوقۇق قۇلچىلىقىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى ئىدى. سۇئال قويغۇم كېلىدۇ؟ ناۋادا ئىسىمىم رەئىسنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولمىغان بولسا مەن مۇشۇنداق سۇئاللارغا

دۆچ كېلەمتىم؟ بەلكىم رەئىسنىڭ ئىسمى بىلەن ئىسمىمنىڭ ئوخشاش بولۇپ قېلىشى تېزراق مەشھۇر بولۇشىمغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. نىمىشقا بىز ھەممە ئىشنى ئەنە شۇنداق نوقتىدىن چۈشۈنىمىز؟ ھوقۇق قىممەتلىك نەرسە، ھوقۇققا ئىنتىلىش نورماللىق ئىچىدىكى نورماللىق، لېكىن ھوقۇقنىڭ قۇلىغا ئايلىنىش سىزنى تېخىمۇ ھوقۇقسىز قالدۇرۇشى مۇمكىن.

تەكتىلەپ قويىدىغان يەنە بىر مەسىلە ئىسمىدىن ئىبارەت كىشىلىك ھوقۇقنىڭ 21 ـ ئەسىرگە كىرگەندىمۇ قانۇن تەرىپىدىن گەۋدىلەندۈرۈپ ئۆز ئورنىنى تاپالماسلىقى. ئىسمىمىزنى يازىدىغان كەڭرىراق كاتەككە ئىگە بولالماسلىق ۋە ئىسمىمىزنى باشقا مىللەتنىڭ ئىسمىنىڭ قائىدىسى بويىچە يېزىشقا مەجبۇر بولۇش.

ئىسىم ئادەمنىڭ ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كىشىلىك ھوقۇقى، بۇ ھوقۇق ھەر بىر ئادەم تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك، لېكىن بۇنى قوغداش ئۆزىمىزگە ۋە مۇشۇ تۇپنىڭ ئىسمىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە، ئاڭلىقلىقىغا باغلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىززەت نەپسىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگىمۇ باغلىق. مەن ھازىرمۇ ھەر دائىم ئىسىم مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمەن، پوچتىخانىلاردىن قەلەم ھەققى ئالغاندا، جەدۋەل تولدۇرغاندا بۇنداق مەسىلە دائىم مېنى قىينايدۇ، ئىسمىمنىڭ ئۆزۈممۇ خالىماي ھەر خىل يېزىلىشىغا قاراپ ئۆزۈمنى ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك ھىس قىلىمەن. لېكىن بۇ ھاقارەت تۈيغۇسى ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ، چۈنكى ئىسمىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەندەك بىر شەخس ئارقىلىق تولۇق گەۋدىلەندۈرىلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا بەزىدە رەھىم قىلغىلار قېرىنداشلىرىم، ئىسمىمىز بۇنداق خارلىنىۋەرمىسۇن دىگۈم كېلىدۇ.
2006 ـ يىلى سىنتەبىر ۋە ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى، ئۆيۈمدە يېزىلدى.

بالا تەربىيەلەشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى :

# كىتاب ئوقۇش ماھارىتى يېتىلدۈرۈش

## (ماقالە)

ئابدۇلئەھەدئابدۇرەشىد بەرقى

ئەسكەرتىش: بۇ ئۇسۇل چوڭلارغىمۇ ماس كېلىدۇ.

نىمىشقا كىتاب ئوقۇيمىز؟ بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپلار ھەرخىل، لېكىن بېرىلگەن جاۋاپنىڭ مەزمۇنىدىن بىر ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇش پوزىتسىيەسىنى ھىس قىلىش، شۇ ئارقىلىق مەزكۇر شەخسنىڭ ساپاسىغا ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. مەن ئالى مەكتەپتە خىزمەت قىلىشقا باشلىغان ئون ئالتە يىلدىن بۇيان ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئىزچىل مۇشۇ سوئالنى سوراپ كەلدىم ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىگە ھۆكۈم قىلدىم. تەرجىبەمدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ئۇلارنىڭ ساپاسىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ دېگەن ھۆكۈمىم ئاساسەن خاتا چىقمىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ‹‹ئىچ پۇشقۇمنى بېسىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيمەن›› دەپ جاۋاپ بەردى، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ‹بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيمەن›› دېسە يەنە بىر قىسىملار ئوقۇغۇچىلار ‹‹ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن ››دەپ جاۋاپ بەردى. كىتاب ئوقۇش دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا ئىچى پۇشىدىغانلارنىمۇ ئۇچراتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل –ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇپ ئۆمرىدە بىر رومان ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس(مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا –باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن ئوتتۇرا –باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر). ھەتتا بىر خانىم نىمىشقا كىتاب ئوقۇمايدىغانلىقىنى، كىتاب ئوقۇش ئادىتىنىڭ يوقلىقىنى سۈرۈشتۈرگىنىمدە ‹‹بالا تەربىيەلەيمەن دەپ كىتاب ئوقۇشقا ۋاقتىم يوق، كىتاب ئوقۇمايمۇ نۇرغۇن ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ ›› دەپ جاۋاپ بەردى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

ئىچ پۇشقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيمەن دېگەن جاۋاپتىن ئېرىشكەن ھۆكۈمۈم شۇكى بۇنداق تىپتىكى ئادەملەرنىڭ كىتاب ئوقۇشتىكى ئېنىق نىشانى شەكىللەنمىگەن بولىدۇ. ئۇلار ئىچ پۇشقىدا ئوۋغا چىققان، ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا ئېتىپ ئوينايدىغان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئوۋچىلارنى مەلۇم ھايۋاننى ئېتىش ئۈچۈن چىققان، شۇ خىل ھايۋان ئۇچراپ بولغۇچە سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، قارىسىغا ئوق ئاتمايدىغان، ئوۋدىن مول ـ ھوسۇل بىلەن يېنىپ كېلىدىغان ئوۋچىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

بىرىنچىدىن ئۇ پۈتۈنلەي پىلانسىز كىتاب ئوقۇيدۇ. نىشانى ئىچ پۇشقى دىگەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك نىشان بولغاچقا كىتابتىن ئېرىشىدىغان نەرسىلىرىمۇ پارچە ـ پۇرات، چېچىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بىلىم ئېلىش ياكى مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغانلار ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوقۇرمەندۇر. چۈنكى بۇنداق ئادەمدە ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسى ھەققىدە ئېنىق نىشان بولىدۇ. ئۇلار شۇ بويىچە ئىزدىنىدۇ، كىتاب يىغىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئۆزى نىشانلىق ئىزدىگەن مەلۇم نەرسىلەر ئاستا ـ ئاستا چۇغلىنىپ بىركۈنلىرى كۆلەم ھاسىل قىلىدۇ. ھەتتا پارتلاپ چىقىدۇ.

نىمىشقا كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار ياكى مەلۇم زۆرۈرىيەت ۋە مەجبۇرلىنىش تۈپەيلىدىن كىتاب ئوقۇيدىغانلار ھەققىدە توختالمىساقمۇ بولار. بۇنداق كىشلەرنى پىلانلىق كىتاب ئوقۇيدىغان ياكى ئىچ پۇشقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغان ۋە ياكى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلار بىلەن سېلىشتۇرۇش بىر خىل جايغا چۈشمىگەن ئىش بولسا كېرەك.

ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقىم تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن سورايدىغان يەنە بىر سوئالىم ئۇلارنىڭ قايسى تۈردىكى كىتابلارنى ياكى قايسى ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىسلەر دىگەندىن ئىبارەت. بىرىنسىپتا ئوتتۇز ئوقۇغۇچى بار دېسەك بىردەمدىلا نەتىجە ئايان بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلاربىلىپ بىلمەي ئۆزلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش ۋە تەپەككۇرىدىكى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. مەسىلەن ئوتتۇز بالىدىن ئونغا يېقىن بالا چۆچەك ئوقۇشقا قىزىقىدىغان، يەنە ئونبەشتەك بالا ھىكايە ياكى رومان ئوقۇشقا ئامراق بولۇپ چىقىدۇ. شېئىر ئوقۇيدىغانلارنى سانى بىلەن ئىلمىي ـنەزىرىيەۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھوزۇرلىنالايدىدىغانلارنىڭ سانى ھەممىدىن ئاز بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش نىسبىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھۆكۈم شۇكى چۆچەك ئوقۇشقا مايىل ئادەملەر كۆپىنچە كىتاب ئوقۇشقا ئەمدى كىرىشكەن، كىتاب ئوقۇش زاپىسى سەل تۆۋەن، تەپەككۇر ئىقتىدارى تەرەققى قىلىۋاتقان بولۇپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، چۆچەكلەردىن ھوزۇرلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەرخىل مەدەنىيەت مەخپىي سىرلىرىنى يېشىپ چىقىدىغان ۋە چۆچەكلەرنىڭ مەنىسىنى قايتىدىغان ئىزاھلايدىغانلار بۇ ساننىڭ ئىچىدە ئەمەس. پىروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا مايىللار بولسا

ئوقۇغان كىتابلىرى خېلى بىريەرگە بېرىپ قالغان، كىتاب ئارقىلىق رېياللىقتا نەزەر سالماق بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئابستراكىت تەپەككۇرى چۆچەك ئوقۇشقا ئامراق كىشىلەردىن ئۈستىن تۇرىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىلىسىنى شېئىر ۋە نەزىيىرىۋىي ئىلمىي ئەسەرلەردىن رومان ۋە چۆچەكتىن زوقلانغاندەك زوقلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن، كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ نىسبەتەن يۇقۇرى پەللىسىگە يەتكەن كىشلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىر ئادەم ئاڭلىق ھالدا يۇقارقى بايانغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە ئىلمىي ھالدا نەزەر سېلىپ باقسا بولىدۇ. مەن نىمشقا شېئىر ۋە نەزىرىيەۋى ئەسەرلەردىن زوقلىنالمايمەن دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇپ بېقىش كېرەك. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلىك ھالىتىنى مانا شۇ خىل ئەسەرلەردىن زوقلىنالايدىغان ياققا بۇراش ئۈچۈن ئىلمىي ۋە پىلانلىق ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇپ بىز زادى ئويلاپ يېتەلمىگەن مەزمۇنلارنى بايقيالايدىغان، ھەتتا مۇشۇ ئەسەرگە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت ۋە تارىخ، مىللىي تەپەككۇرغا ئائىت يوشۇرۇن سىر ۋە قاتلاملارنى تېپىپ چىقالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن كىشلەرئوقۇرمەنلىك پائالىيىتىدىن ئىبارەت پىرامىدانىڭ ئەڭ يۇقۇرىسىدىكى كىشلەردۇر. ئۇنداقتا سىزنىڭمۇ مۇشۇ پىرامىدانىڭ ئەڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالغۇڭىز، بىلىشنىڭ چەكسىز لەززىتىدىن ھوزۇرلانغۇڭىز يوقمۇ؟

كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت، شۇنداقلا تاكتىكا. تارىختا كىتاب ئوقۇش ھەققىدە نۇرغۇن قىزىقارلىق ھىكايىلەر بار. مەسىلەن ئىسپانىيەنىڭ مەشھۇر رومانى ‹‹دونكىخوت››نىڭ باش پىرسۇناژى دونكىخوت كىتابنى تولا ئوقۇپ، ھەزىم قىلماي ئوقۇپ خىيالىدىكى دۇنيا بىلەن رېيال دۇنيانى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان بىر ئادەمدۇر. ناۋادا كىتاب ئوقۇشتىن ئىبارەت سەنئەت ئىلمىي ھالدا تەتقىق قىلىنسا ۋە ئىگىلەنمىسە كىتاب ئوقۇش پايدا بېرىش ئورنىغا تەپەككۇرىمىزنى كېسەل قىلىپ، كاللىمىزنىڭ بىرەر ۋىنتىسىدىن چاتاق چىقىرىشى مۇمكىن. ياخشى نىيەتتىن يامان نەتىجە چىقىپ جەمىيەتكە ناچار ئۆلگە تىكلەپ بېرىشىمىز مۇمكىن.

ئۆنداقتا كىتابنى قانداق ئوقۇيمىز؟ كىتابنى قانداق تاللايمىز؟ ئىنتايىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئاز كىتابتىن قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئۇنۇمگە ئېرىشىمىز؟

بۈگۈنكى دۇنياغا قاراپ باقسىڭىز بىلىم پارتلىغان بىردەۋردە ياشاۋاتىمىز. بىر يىلدا پۈتۈن دۇنيادا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى بىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئوقۇپ بولالماسلىقىمۇ مۇمكىن. ھەتتا جوڭگودا بىر يىلدا نەشر قىلىنغان بارلىق كىتابلارنى ئوقۇشقىمۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى يار بەرمەسلىكى مۇمكىن. تولۇقسىز ئىستاستىكىلارغا قارىغاندا ھەريىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سانى مىڭ پارچىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. ناۋادا مۇشۇ كىتابلارنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا بىر ئادەم كۈندە بىر پارچىدىن ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولۇشقا ئىككى يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

دېمەك بۈگۈن بىز دۇچ كەلگەن مەسىلە كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشلا بولۇپ قالماستىن، ئوقۇش ئۈچۈن قانداق كىتابلارنى تاللاش، بۇكىتابلارنى قانداق سۈرئەتتە ئوقۇش، بۇ كىتابلاردىن نېمىلەرگە ئېرىشىشكىمۇ چېتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قانداق قىزىقتۇرۇش، قانداق قىلىپ بالىلارنى كىتابنى ياخشى كۆرىدىغان بىر بالىغا ئايلاندۇرۇش باشقا بىرمەسىلە. بىز سەھىپە ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بۇ يەردە بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

بۈگۈن بۇ يەردە مېنىڭ نوقتىلىق قىلىپ تەكىتلەيدىغىنىم ئاز كىتاب ئارقىلىق كۆپ بىلىم ئېلىش، كىتابنىڭ مەزمۇن قاتلاملىرىغا قانداق ئىچكىرلەپ كىرىش.

بايا ئېيتىپ ئۆتكەندەكبىز ھازىر بىلىم پارتلىغان، كىتاب ئىنتايىن مول، جەمىيەت رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. شۇڭا مانا مۇشۇنداق كۆپ كىتابلار ئىچىدىن ياخشى كىتابنى تاللاپ چىقماق ۋە ئامال بار كۆپ كىتاب ئوقۇماق نىسبەتەن مۇرەككەپ ئىش. كىتاب ئوقۇشنىڭ

مەقستى مەلۇم نەرسىگە (بىلىم، خوشاللىق، ئەقىل، ئىچكى ساپاقاتارلىقلار) ئېرىشىش بولغان ئىكەن نىمىشقا بىز ئاز ۋاقىت ۋە ئاز كىتاب ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشىش ھەققىدە ئويلىنىپ باقمايمىز؟

مەن ئوتتۇز ئۈچ يىللىق كىتاب ئوقۇش ھاياتىمدا يەكۈنلىگەن ۋە تارىختىكى ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتىدىن خۇلاسىلىگەن كىتاب ئوقۇش ھەققىدىكى بىر نەچچە تاكتىكام تۆۋەندىكىچە.

بىرىنچى، كىتاب ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىمىزگە مەن بۇ كىتابنى نىمىشقا ئوقۇيمەن، بۇ كىتابنى ئوقۇشنىڭ قانداق زۆرۈرىيتى بار؟ مەن بۇ كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق نىمىگە ئېرىشمەكچى ياكى بۇكىتابتىن نىمە ئىزدەيمەن؟ مەن ئىزدىگەن نەرسە بۇ كىتابتا بارمۇ يوق دېگەن سۇئاللارنى قويۇپ پۇختا تەييارلىق قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ كىتابتا مەن ئىزدىگەن نەرسىلەر بارمۇ يوق؟ بولسا قانچىلىك بار؟ مەن ئىزدەپ تاپالىدىممۇ يوق؟ ياكى بار بولسىمۇ ئىزدەپ تاپالمىدىممۇ؟ نىمىشقا ئىزدەپ تاپالمايمەن؟ دەپ ئۆزۈڭىزگە سۇئال قويۇپ بېقىشىڭىز كېرەك.

ئۈچىنچى، بۇ ئاپتور مۇشۇ كىتابنى يېزىش ئارقىلىق نىمە دېمەكچى؟ نىمە مەخسەتكە يەتمەكچى؟ بىزگە نىمىنى بىلدۈرمەكچى؟ مەن ئاپتورنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىغان تەقدىردە، ئاپتور مەقستىگە يېتەلىدىمۇ يوق؟ مەن ئاپتورنىڭ ئويلىغانلىرىنى ھىس قىلالىدىممۇ يوق؟

ھەرقانداق ئاپتورنىڭ كىتاب يېزىشىدا، ھىكايە سۆزلىشىدە چوقۇم بىر مەقسەد بولىدۇ. مەن مەقسەتسىز يازىمەن، ھىكايە مېنى يازىدۇ، ياكى مەن ئەسەرنى باشلاپ سيوژىتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈنسىز ئەگىشىمەن دېگەنلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېگىدىمۇ يېزىش مەقسىدى باربولىدۇ. مەقسەتسىز ئەسەر يېزىش مۇمكىن ئەمەس.

تۆتىنجى، بىر كىتابنى قايتا –قايتا ئوقۇش. مەن بەش يېشىمدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەن. تۇنجى ئوقۇغان كىتابلىرىم سۇبويىدا، گىرىم چۆچەكلىرى، ئاندېرسىن چۆچەكلىرى دېگەن كىتابلار بولغان. ئەينى دەۋردە كىتاب بەكمۇ ئاز بولغاچقا مەن سۇ بويىدا دېگەن رومانىنىلا بىرەر يۈز قېتىم ئوقۇپ چىققان. شۇڭلاشقىمۇ رومانىدىكى بىر يۈز سەكسەن پالۋاندىن تارتىپ باشقا شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژلارغا قەدەر ئىككى يۈزدىن ئوشۇق ئادەمنىڭ ئىسمىنى، لەقىمىنى، ئالاھىدىلىكىنى ھازىرمۇ يادا بىلىمەن. مەن كىتابنى قايتا ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى كېيىن كۆردۈم. ھازىرمۇ زاماۋىي كىتابلارنى تەكرار ئوقۇغاندىن باشقا نۇرغۇن كىتابنى تەكرار ئوقۇيمەن، ئاپتۇرنىڭ يېزىش مەقسىدىتىنى، ئەسەرنىڭ مەنە قاتلاملىرىنى ئىزدەپ ئوقۇيمەن. بىرىنجى قېتىم كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقىلى ئوقۇسام، ئىككىنجى قېتىمدا ئاپتۇرنىڭ يېزىش مەقستىنى ئىزدەپ ئوقۇيمەن. يەنە بىر قېتىم بۇ ئەسەردە قانداق يوشۇرۇن مەزمۇن ۋە قاتلاملار بار دەپ ئوقۇسا يەنە بىر قېتىم بۇ ئەسەرنىڭ قانداق كەمچىلىكلىرى باردەپ ئوقۇيمەن. قىسقىسى ھەر قېتىم ئوقۇغاندا يېڭى بىر نىشان يۈكلىنىپ تۇرىدۇ. كىتابقا بولغان چۈشەنچەم قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلايدۇ. بۇ ئادەت كېيىنكى مەزگىلدە ھەرقانداقكىتاب ئوقۇسام كاللام ئۇنىسىز رېئايەقىلىدىغان قانۇنىيەتكە ئايلىنىپ قالدى.

مەن بىر قېتىم غەرپكە ساياھەت دېگەن ئەسەرنى قايتا –قايتا ئوقۇپ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەكرار كۆرۈپ، ھەر قېتىم كۆرگەندە ئەسەردىن يېڭى بىر قاتلاملىق مەنىگە ئېرىشكەن بىر ئادەم بىلەن ئۇچراشقان ئىدىم. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن رېياللىققا تەدبىقلاپ، رېياللىقتىكى گۇڭگا مەسىلىلەرگە جاۋاپ ئىزدىشى مېنى زوقلاندۇرغان ، ماڭا ئىلھام بەرگەن ئىدى. ھەتتا بۇ كىشى پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ئادەملىرى غەرپكە ساياھەتتىكى تۆت پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنىڭ يىغىنچاقلانمىسى دەپ قارىغان. مەسىلەن، ئەسەردىكى سۇن ۋۇكۇڭ جەمىيەتنىڭ غايىسى بولغان نوم ئەكىلىشكە قىزىقمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا ئىقتىدار بار. تاڭ سېڭ جەمىيەتتىكى غايىسى بار ،لېكىن تەدبىرسىز كىشىلەرنىڭ تىپى. جۇباجى بولسا نەپسىدىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغان تىپ. راھىپ شا مەيدانى ئېنىق ئەمەس، ئەگىشىپلا يۈرىدىغانلارنىڭ تىپى.

ئەلۋەتتە، بىر مەزگىل پۈتۈن جوڭگودا غەرپكە ساياھەتنى تەكرار تەھلىل قىلىش، مەنە قاتلاملىرىنى يېشىش مودا بولدى. كىشىلەر ھەتتا ئۇلارنىڭ ھىكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ باقتى.

بەشىنچى، كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىتابنىڭ مەزمۇنىنى، سوئاللىرىنىڭ تېپىلغان جاۋاپلىرىنى ئانالىز قىلىپ خاتىرلەپ قويۇش كېرەك. ناۋادا ئەسەردىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن تارتىپ خاتىرلەپ ماڭسىڭىز ئەسەردىن ئېرىشىدىغان نەرسىڭىزنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ شىددەت بىلەن كېڭىيىدۇ. ھەتتا ناھايىتى ئاز كىتاب ئوقۇپ، نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان ئادەمدىن ئوشۇق بىلىمگە ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن.

بۇ يەردە قانداق كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش ھەققىدىمۇ بىرنەچچە جۈملە قىستۇرۇپ قويىمەن. ئىمكان بار دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تاللاپ ئوقۇش كېرەك. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ۋاقىت ۋە چېگرا ھالقىشىدا چوقۇم مەلۇم سەۋەپ بار. تەكرارئوقۇش ئارقىلىق بۇ سەۋەپنى ئانالىز قىلىش، ئىزدەپ تېپىپ چىقىش كېرەك. ئۇندىن باشقا ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان ياكى ئۆز مەدەنىيەت چەمبىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆپراق ئوقۇش كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ، مەسىلە كۆزىتىش ئۇسلۇبى بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ياشىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىز بىلەن مەلۇم ئورتاقلىق ۋە يېقىنچىلىق ھاسىل قىلغان بولىدۇ. بۇ خىل يېقىنچىلىق سىزنى تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېگە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھەزىم بولۇپ سىز تەۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ بايلىقىغا ئايلانغان بىلىملەرنى قوبۇل قىلمىقىڭىز ، ھەزىم قىلمىقىڭىز تېخىمۇ ئاسان.

ئەلۋەتتە، تەكرار ئوقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناچار كىتابتىنمۇ پايدىلىق ئۇچۇرغا ئېرىشىش مۇمكىن. ناۋادا بىلىپ –بىلمەي قولىڭىزغا بىر ناچار كىتاب چۈشۈپ قالسا بۇ كىتابنىمۇ تەكرار ئوقۇڭ، كىتابنىڭ ناچار بولۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغان ئامىللارنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىڭ. تۈزىتىش لاھىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇڭ. ياكى بىلىمسىزلىكىڭىز ياكى قىزىقماسلىقىڭىز تۈپەيلىدىن بۇ كىتابنى ناچار دەپ قاراپقالدىڭىزمۇ؟ شۇ ئارقىلىقمۇ كىتابلار ھەققىدىكى كۆزىتىش كۈچىڭىز بارغانسىرى ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇگۈنكى كۈندە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەسلىك باھانە كۆرسەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ئەيىپ. بەلكىم مەن ئوقۇماق بولغان كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى كىنوسى ئارقىلىق بىلىۋالدىم ۋە ياكى كىتاب ئوقۇمايمۇ تور، تېلېۋىزىيە، رادىيو ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ دېيىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن بۇخىل تاراتقۇلار ھەرقانچە تەرەققىي قىلسۇن خېلى بىر مەزگىلگىچە يەنىلا كىتابنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى كىتاب ئوقۇش، جانسىز، سۈرەتسىز، ئىنتايىن ئابستراكت يېزىقنى مەنىگە ئايلاندۇرۇپ كاللىغا يوللاش، چۈشىنىش، زوقلىنىش دېگەنلىكتۇر. كىتاب ئوقۇش جەريانىدا كاللىڭىز، كۆزىڭىز، ھەتتا يۈرىكىڭىز بىرگە ھەركەت قىلىدۇ. كىتابتىكى نۇرغۇن ئاتالغۇ، ھەرتۈرلۈك بىلىم ئۇنىسىز كاللىڭىزغا قاچىلىنىپ كاللىڭىزنىڭ سىغىمچانلىقى چەكسىز ئاشىدۇ. تەپەككۇر كۈچىڭىز تەرەققىي قىلىدۇ.

2010 ـ يىلى فېۋرال

# «سەرخۇش» تۇغقان سەرخۇش خىياللار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

كىرىش سۆز

ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا تىل ئۆگىنىشكە ئاجايىپ قىزىققاندىم. تىل بىلىدىغان كىشىلەرگە ھەۋەسىم كېلەتتى، «مەنمۇ بىرەر چەت ئەل تىلىدا راۋان سۆزلىگۈدەك بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە» دەپ ئويلايتتىم. لېكىن خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا تارتقان جاپالىرىم، شۇنچە جاپا تارتىپ تۇرۇپ بۇ تىلنى راۋۇرۇس ئۆگىنەلمىگەنلىكىمدىن ئىبارەت ئەمەلىيەت ئېسىمگە كەلسە ئىختىيارسىز مەيۈسلىنىپ قالاتتىم.
ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋالسام دەپ ئارمان قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر لېكسىيىگە قاتنىشىپ قالدىم. مەن تونۇمايدىغان بىر ئوقۇتقۇچى نۇتۇق سۆزلەۋاتقانىكەن. ئۇ كىشى تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە بىردەم توختالغاندىن كېيىن، تىل ئۆگەنمەكنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى تىلغا ئالدى ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىدا بەزى تىللارنى ئۆگەنمەكنىڭ ئۇنچىۋالا تەس ئەمەسلىكىنى، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن گرامماتىكا ئورتاقلىقىغا ئىگە بەزى خەلقئارالىق تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ ئۇنچىۋالا تەسكە چۈشمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆگىنىشكە ئويغاي تىل ئىزدەپ يۈرگەن ماڭا بۇ گەپ بەكمۇ خۇشياقتى. قۇلاقنى دىڭ قىلدىم. سورۇن يىغىنە چۈشۈپ كەتسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچى بىزگە بىردەم جىمجىت تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، تاقەتسىز تاق بولغان بىر چاغدا ئاۋازىنى قىرىپ تۇرۇپ «ئۇ بولسىمۇ ياپون تىلى، ئۆگىنىشنى خالايدىغانلار بولسا ياپون تىلى كۇرسى كېلەر ھەپتە دەرس باشلايدۇ» دەپ جاكارلىدى. مەن دەل شۇ سورۇندىلا كۇرسقا تىزىملاتتىم. بۇگۈن تىزىملاتمىسام ئەتە ماڭا ئورۇن قالمايدىغاندەك بىر كەيپىياتتا تىزىملاتتىم. كۇرس ھەققىنى تۆلەپ، پۇل تۆلىگەنلىك ئىسپاتىنى قولۇمغا تاپشۇرۇۋالغاندا ئۆزۈمنى بەكمۇ غالىب، ئۈستۈن سەزدىم. ھەتتا بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆزۈمنى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغاندەك ھېس قىلىپ يۈردۈم. بويۇم ئۆسۈپ

قالغاندەك تۇيۇلاتتى. كۇرس مەزمۇننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە دەپتەر تەييارلىدىم.
مەن تەقەززا بولغان كۈن ئاخىر يېتىپ كېلىپ كۇرس باشلاندى. كۇرسقا يۈزدەك بالا قاتناشقانىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھاياجان ئەكس ئېتەتتى. مەن ئەتراپىمغا قاراپ يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋالنى سەزدىم. مەن ئوقۇيدىغان 32 ئادىمى بار بىر سىنىپتىن 13 بالا كۇرسقا قاتناشقانىدى.
دەرس شۇنچىلىك تەنتەنىلىك باشلاندى، ھەممىمىزنىڭ غەيرىتى بەكمۇ ئۇستۇن ئىدى. ھەتتا كۆڭلىمىزنىڭ بىر يېرىدە مۇئەللىمنىڭ دەرس سۆزلىشىدىن نارازى بولۇش تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى. دەرسنى تېزرەك ئۆتسە، تېزرەك ياپونلار بىلەن پاراڭلاشقۇدەك بولۇپ كەتسەك دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، مەندىكى بۇنداق قىزغىنلىق ئۇزۇنغا بارمىدى. ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە سىنىپتا باللارنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقىنى، ئۆزۈمگىمۇ دەرسنىڭ تەس كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ھەممىدىن مۇھىمى، بىزگە دەرسلىك قىلىنىۋاتقان كىتاب خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان، كىتابخانىلاردا ياپون تىلى ھەققىدە بىرەرمۇ ئۇيغۇرچە ماتېرىيال يوق ئىدى. ماڭا ئوخشاش خوتەننىڭ ئەڭ چەت سەھراسىدىن كەلگەن، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى خېلىلا تۆۋەن بىر بالىغا نىسبەتەن خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ياپونچە ئۆگىنىش مۇشكۈل ئىش ئىدى. ئاۋۋال خەنزۇچە ئۆگەنمىسەم بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مەن بۇ سەۋەبلەرنى يېتەرلىك دەپ ئويلاپ كۇرستىن چېكىنىشنى قارار قىلدىم. مەندىن بۇرۇن كۇرستىن چېكىنگەن بىرنەچچە ساۋاقدىشىم قارارىمنى قارشى ئالدى، ھەتتا ئۇلاردىن بىرسى ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەقىللىقلىق بىلەن مەندىن بىر ھەپتە بۇرۇن كەسكىنلىك بىلەن قارار چىقىرىپ، كۇرستىن چېكىنگەنلىكىنى ماختىنىش بىلەن تىلغا ئالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن نىسبەتەن ئىنكاسى تۆۋەن ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندىم. مەن كۆڭلۈم ئاچچىق بولغان ھالدا «كۇرسنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلار بىزدىنمۇ قاپاقباشكەن ـ دە» دەپ تەنە قىلماقچى بولدۇميۇ، گەپ قىلمىدىم. مەندىن ئىككى يىللىق يۇقىرى ئوقۇيدىغان بىر يۇرتلۇق ئاكا ئاغىنەم بۇ ئىشىمغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويغان. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە بىر سورۇندا ماڭا «بۇ ئاغىنىمىز بوخەي دېڭىزىغا بېرىپ، ياپونىيە يىراقتىن كۆزگە كۆرۈنگەندە ياراتماي يېنىپ كەلگەن» دەپ چاقچاق قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.
ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە باشقا سەۋەبلەردىن كۆرە گىرمان ھازىرقى زامان پەلسەپىسىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىم تۈپەيلىدىن نېمىسچە ئۆگەندىم. تەخمىنەن ئالتە ئايچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ تۇرمۇشتىكى بەزى گەپلەرنى گىرمانچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ بولسىمۇ سۆزلىگۈدەك سەۋىيىگە يەتتىم. لېكىن، ئارىدىن يەنە بىرەر يىل ئۆتكەندە نېمىس تىلىنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىشكە ماتېرىيال تاپالمىدىم، «بۇ يەردە نېمىسچە مەشىق قىلغۇدەك پۇرسەتمۇ بولمىسا» دېگەندەك تۇتامى يوق سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمنى قايىل قىلىپ نېمىسچە ئۆگىنىشتىن توختىدىم.
مانا شۇ كۈنلەردە سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئالدى بىرنەچچە خىل تىل كۇرسىغا كىرىپ يېنىپ چىققان،

كەينى ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىرەر تىل كۇرسنى ئارىلاپ چىققان ھالغا كېلىپ قالغانىدى، لېكىن ھېچكىم بىرەر تىلنى

ئۆگىنىپ ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمىغانىدى.
كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرەتتۇق. «بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىپ قويساق بولاتتى» دېگەن خىيال تېخى كاللىمىزدا بار ئىدى. دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى «تۈرك تىلىمۇ دۇنيادا تەسىرى بار چوڭ تىل. ئىككى تىلدىكى تەخمىنەن 60 پىرسەنت سۆز ئوخشاش، ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلسىلا ئۇنى ئۆگىنىۋېلىش مۇمكىن» دېگەن خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بىز قايتىدىن روھلاندۇق. سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئولاش ـ چولاش پۇل يىغىش قىلىپ، مۇئەللىم تەكلىپ قىلىپ تۈرك تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشتۇق. لېكىن ئىككى ئايدەك كۇرسقا قاتنىشىپ يېلىمىز چىقتى. تۈرك تىلىمۇ بىز ئويلىغاندەك ئوڭاي تىل ئەمەس ئىدى.
بەزىدە ئالىي مەكتەپتىكى شۇ كۈنلىرىمنى ئەسلەپ ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ. بەزىدە ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىمەن. لېكىن ھازىرمۇ كۆڭلۈمدە «بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋالسام بولمايدۇ» دېگەن بىر ئارمان تەسكىن تاپقىنى يوق. ھاياتىمدا مەن ئۆگىنىشنى ئىرادە قىلغان ئۈچىنچى چەت ئەل تىلى–ئىنگلىز تىلىنى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆگىنىپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن ھازىرغا قەدەر ئۆگىنىپ بولالمىدىم. ھەر قېتىم كومپيۇتېرنى ئاچسام، ئىنگلىزچە yahoo دىكى ناھايىتى مول ماتېرىياللارغا، دەل ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بېرىلىۋاتقان دۇنيا خەۋەرلىرىگە، ھەر خىل مۇلاھىزىلەرگە كۆزۈم چۈشكەندە قايتىدىن روھلىنىمەن، ھەجلەپ ئوقۇپ كېتىمەن.
مەكتەپتىن دائىم تارقىتىدىغان ھەر خىل گرافىكلارنى تولدۇرغاندا، بىلىدىغان تىللىرى دېگەن كاتەكچىگە خەنزۇ تىلى دەپ يېزىپ قويىمەن. بەزىدە ئىنگلىزچىدە ئوتتۇراھال سەۋىيىدە دېگەن گەپنىمۇ قېتىپ قويىمەن. بەزىدە ئۆزۈمدىن «مەن راستىنلا خەنزۇچىنى بىلەمدىم» دەپ سوراپمۇ قويىمەن. راست، ھەممە ئادەم مېنى خەنزۇچىنى

راۋان بىلىدۇ دەپ قارايدۇ، بەزىدە ئۆزۈممۇ شۇنداق ئويلىنىپ قالىمەن. چۈنكى مەن 2 ـ 3 مىڭدەك خەنزۇچە خەت تونۇيمەن. خەنزۇچە ئورتاق تىلدىكى ھەرقانداق گەپنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيمەن. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ھەرقانداق كىتابتىن ئۇيغۇرچىغا ئوخشاش زوق ئالالايمەن. لېكىن خەنزۇچە سۆزلەڭ دېسە تىلىم ئۇنچە راۋان ئەمەس. كىتاب ئوقۇش، ئاڭلاش نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا مېنى خەنزۇچىنى راۋان بىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن يېزىش، سۆزلەش، ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا مەن تېخى چالا ساۋات.

دائىم مۇشۇ خىياللار بىلەن ئۆرتەنگەندە، بىرەر تىلنى راۋان بىلىدۇ دەپ قارالغان بىرەر ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالغاندا ئىختىيارسىز ئەتراپىمدىكى ساناقسىز «مەن»لەرگە، ماڭا ئوخشاش تارىخى بار، تىل ئۆگىنىش ئىشتىياقىدا يېنىۋاتقان، لېكىن بىرەر تىلنى ۋايىغا يېتىپ ئۆگىنەلمىگەن ئادەملەرگە قاراپ «بۇ ياشلىرىمىزدىكى ئورتاق ھادىسىمۇ يا» دەپ ئويلاپ قالىمەن. خىياللىرىمنىڭ ئايىغى چىقماي كېتىدۇ.

مىللىتىمىز نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىز جۇڭگو نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئاز سانلىق مىللەت. گەرچە نوپۇسىمىز دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى يۈز مىللەت قاتارىغا كىرسىمۇ پۈتۈن دۇنيا يەر شارىلىششقا، بىر كەنتلىك ھالەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر چاغلاردىكى شۆھرىتى دۇنيانى تىترەتكەن فرانسۇز، گېرمان تىللىرى ئۆز ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز تىلىمىزنىڭ قوللىنىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىش ئورنىغا تارىيىۋاتقان بىر مىللەت. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسى دۇنياغا يۈزلىنىمەن دەيدىكەن، تىل ئۆگەنمەي مۇمكىن ئەمەس. گەرچە باشقا تىللارنى ئۆگەنمەسلىك ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئىشلىتىش ئورنىنى قوغداپ قالغىلى بولمايدۇ. دۇنيانىڭ تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈش، ئاندىن تىلىمىزنىڭ ئورنىنى قوغداپ قىلىش بىر خىل مۇقەررەر تاللاش.

مەن مانا مۇشۇنداق خىياللار، مۇلاھىزىلەر بىلەن بەزىدە ئۈمىدلىك، بەزىدە ئۈمىدسىز يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زۇلپىقار بارات ئۆزباش تۈزگەن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» (تۆت قىسىم) ۋە «جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسى» دېگەن كىتاب قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. كىتاب ئۆزىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگىلىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاپتورلىرى ئۆزى قول سېلىپ، تەجرىبە توپلاپ تۈزگەن ساناقلىق كىتابلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنى ئازابلىق خىياللار قايىنمىدىن تارتىپ چىقاردى. بۇ دەرسلىكتىكى ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ يەتتە خىل ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى، ئاممىباب، ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن گىراماتىكىلىق مەزمۇنلار، ئاپتور تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھېسام چاقچاقلىرى، دۇنياۋى نادىر ناخشىلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى، دەرىجە ئىمتىھانى يۆنىلىشى بويىچە بېرىلگەن ئەمەلىي مەشىقلەر مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ دەرسلىكنى سىستېمىلىق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، مەن ئۈمىد نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

## زۇلپىقار بارات ئۆزباش ھەققىدە

بىر تىلنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىپ، ئۆزى قول سېلىپ «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» دېگەن دەرسلىكنى تۈزگەن بۇ يىگىت بىلەن خېلى بۇرۇن تونۇشاتتىم. خېلى قويۇق ئۆلپەتچىلىكىمىز بار ئىدى. گەرچە دەسلەپ تونۇشقان چاغلاردا ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈش ساھەسىدە خېلى زور ئەمگەكلىرى بار ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، ئىنگلىز تىلى بىلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن. كېيىن ئۇنى بىرنەچچە قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەتراپىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچىدە ئىنگلىز تىلىدىن دەرس بېرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا ھەيران قالدىم. ئۇنىڭغا قايتىدىن قاراپ چىقتىم. ئۇ بىر ئورۇق، ئوتتۇرا بويى بالا ئىدى. تۇرقىدا ئىنگلىز تىلى بىلىدىغاندەك ھېچقانداق ئالامەت يوق ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن «ئىنگلىز تىلى بىلىش بايلىققا ئوخشاش ئېرىشكەن ھامان ئادەمنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىدىغان نەرسە بولمىسا» دەپ كۈلۈپ كەتتىم.

زۇلپىقار بارات ئۆزباش 1975 ـ يىلى دۇنياغا كەلدى. 1992 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. تىل ئوقۇغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ ۋە ياكى ۋۇجۇدىدا تىلغا نىسبەتەن ئۆزگىچە بىر سەزگۈرلۈك بارمۇ، 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي تەرجىمىگە ئىشتىياق باغلاپ مەتبۇئاتلاردا تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. 1995 ـ يىلى دۇنيا ئەدەبىياتى ژۇرنىلىدا «ئۆلۈم كۆلەڭگىسى» ناملىق تەرجىمە رومانى ئېلان قىلىندى. ئوقۇغۇچى تۇرۇپ قازانغان بۇ مۇۋەپپەقىيەت زۇلپىقارغا ئۈمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىگە تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن كىرىشتى. بۈگۈنگە قەدەر ئۈچ تەرجىمە رومانى ئېلان قىلىندى. ئۇ تەرجىمە قىلغان نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كولۇمبىيە يازغۇچىسى كارسىيە ماركوزنىڭ «پولكوۋنىككە ھېچكىم خەت يازمايدۇ»، «ئالدىنئالا پۈر كەتكەن قاتىللىق دېلوسى» دېگەن پوۋېستلار ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.
زۇلپىقار بارات 1996-يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت باج ئىدارىسىدە ئىشلىدى. 2000-يىلىدىن باشلاپ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى»نى قۇردى. بۈگۈن ئۇ قۇرغان مەكتەپ مائارىپ تارماقلىرى ئەڭگە ئالغان 323 كۋادرات مېتىر ئورنى بار، بىرنەچچە ئالىي مەكتەپتە تارماق سىنىپى ئېچىلغان بىر مەكتەپكە ئايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا زۇلپىقارنىڭ مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان «سەرخۇش» سەھنە كىيىملىرىنى لايىھىلەش، تىكىش ئورنى «مەشرەپ» پروگراممىسىدىكى ئۇسسۇل نومۇرلىرىنىڭ سەھنە كىيىملىرىنى ۋە ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ سەھنە كىيىملىرىنى لايىھىلەپ تىكىپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى.
ئۇنىڭ بۈگۈنگە قەدەر قىلغان ئەمگەكلىرىنىڭ ستاتىستىكىسى—ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بۈگۈنگە قەدەر «تارىم»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە-نەسرلىرى، 80 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. تەرجىمىدە «ئۆلۈم كۆلەڭگىسى» (رومان، ئاپتورى مچىل. زۇھا، ئامېرىكا)، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» (رومان، 2-قىسىم، ئاپتورى خودا)، « ۋاپا ۋە قىساس» (رومان، ئالىكساندىر دىيوما، فرانسىيە)، «پولكوۋنىكقا ھېچكىم خەت يازمايدۇ»، «ئالدىنئالا پۈر كەتكەن قاتىللىق دېلوسى» (پوۋېست، كارسىيە ماركىس، كولۇمبىيە)، «يەر ئاستى يولى» (پوۋېست، ئېرنىست سارۋادو، ئارگېنتىنا)، «ئاجايىپ مەخپىيەت» (پوۋېست، ستىفان زىۋىگ، ئاۋسترىيە)، «تۇنجى مۇھەببەت» (پوۋېست، تۇرگىنىف، روسىيە)، «يوقالغان ئارال» (پوۋېست، ماركارت مچىل، ئامېرىكا( قاتارلىق ئۈچ تەرجىمە رومان، 12 تەرجىمە پوۋېستى ئېلان قىلىندى.
ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ 150 پارچىدەك تەرجىمە ھېكايىسى «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. «ئادەملەر ھەققىدە مەسىلىلەر» (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى)، «نىتزى»، «سارترى» (ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە سېلىشتۇرما كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) ناملىق تەرجىمە كىتابى، «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» (تۆت قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى)، «جانىغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گراممانىكىسى» (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى) ناملىق ئۆزى تۈزگەن كىتابى نەشر قىلىنغان.
مەن زۇلپىقارنىڭ نەتىجىلىرىنى ستاتىستىكىلاپ قويۇشنىڭ ئۆزى بىر ياخشى بايان قىلىش شەكلى ئىكەن، پاكىتنىڭ ئۆزى سۆزلىسۇن دەپ قاراپ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ھەققىدە ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ئەمما مېنى ھەممىدىن تەسىرلەندۈرگىنى زۇلپىقاردىكى تىل ئۆگىنىش روھى، بولۇپمۇ ئۆز نىشانىدىن ئوڭايلىقچە ۋاز كەچمەيدىغان ئىرادە بولدى. ئەمەلىيەتتە زۇلپىقارنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى دەل مۇشۇ روھ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەندى. مەن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» ناملىق كىتابلارنى ۋاراقلاش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى جانلىق، ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرغان، ھەزىم قىلغان ئاساستا ئۆگەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

## سەرخۇش روھى

مەن زۇلپىقار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ سەرخۇش دېگەن نامنى ئۆزىگە ماركا قىلىپ تىزىملاتقانلىقىنى، سەرخۇش ئىنگلىز تىلى دېگەنلىك ئىنگلىز تىلىنى زۇلۇم، مەجبۇرلۇق ئاساسىدا ئەمەس، خۇشال، ئازادە كەيپىيات ئىچىدە ئۆگىنىش دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.
– ھەر بىر مىللەتتە ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. تىل مەكتەپلىرى دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىك بىلەن تىل ئۆگىتىشنى ئىجادىي بىرلەشتۈرەلىسە نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ، سەرخۇشنىڭ مەكتەپ قۇرۇش نىشانى دەل مانا مۇشۇ،—دەيدۇ زۇلپىقار.
راست، ئۇيغۇر بالىلىرى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ھەۋەسكە ئىگە، لېكىن سەل ئىرادىسىز. بەلكىم بۇنداق ئىرادىسىزلىكنى ھەر خىل ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھەرقانداق ئۆگىنىش ئىلھاملاندۇرۇشتىن، ئەمەلىي ئۈنۈمدىن ئايرىلسا ئۆلۈك ئۆگىنىش بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇلاردا

كەمچىلىك بولۇپ قالماي يەنە باشقا ئەۋزەللىك بار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى ئەڭ يېپىشقاق تىللارنىڭ بىرى. تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار دۇنيادىكىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئىپادە قىلالايدۇ. بۇ ئەۋزەللىك بىزنى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل تەلەپپۇزىنى تېز ئۆگىنىۋېلىش شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

– ھەرقانداق بىر ئادەمدە بوشاشمايدىغان ئىرادە بولسا، بىر نىشان ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ بەرسە چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ئىرادە ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش. سەرخۇش خەلقىمىزنىڭ تىل ئۆگىنىش جەريانىدىكى بىر پەلەمپىيى بولالىسا بۇ بىزنىڭ بەختىمىز،–دەيدۇ يەنە زۇلپىقار.

شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خەلقىمىزدە تىل ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئاكتىپلىق مەۋجۇت. تىل مەكتەپلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇۋاتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تىلغا بولغان تەشنالىقى تىل ئۆگىتىشنىڭمۇ بىر سودا جەريانىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ بىر ياخشى ئەھۋال. لېكىن، ئېچىلىۋاتقان مەكتەپلەردە سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئۇزاقنى كۆزدە تۇتماسلىق، تەرەققىي قىلىپ كېتىشكە ئالدىراپ قەدەمنى پۇختا باسماسلىق، ئىزدىنىش ئاساسىدا خەلقىمىزنىڭ دىتىغا ياقىدىغان تىل ئۆگىتىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدىنىش خاھىشى يېتەرسىز. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «سەرخۇش» تەربىيىلەش مەركىزى ئۆزگىچە خاس ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىجادىيلىق بىلەن ئىزدەندى. سۈپەت، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىپ نۇرغۇن تىل ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

– تىل ئۆگىنىشمۇ بىر خىل ئىلمىي جەريان. ھەرقانداق تىلنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدىمۇ بەزى قانۇنىيەتلەر بار. مەسىلەن، ئۇنتۇش ئەگرى سىزىقى دېگەندەك. سەرخۇش تىل ئۆگىتىش جەريانىدا مۇشۇ نۇقتىلاردا خېلى زور دەرىجىدە ئىزدەندىم،–دەيدۇ زۇلپىقار يەنە.

– بىر مەكتەپ ئادەمگە بىلىم بېرىدىغان جاي بولۇپلا قالماي ئەقىدە، ياشاش پوزىتسىيىسى ئۆگىتىدىغان، ئادەمدە خاراكتېر يېتىلدۈرىدىغان جاي. لېكىن نۇرغۇن مەكتەپلەر بۇ نۇقتىغا سەل قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە يارامىلىق ئادەملەر نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ شۇنداق. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئادەمگە بىلىم بېرىپلا قالماي، قانداق ئادەم بولۇشنى، ھاياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ھاياتنى قانداق توغرا تونۇشنى ئۆگىتىدۇ...–زۇلپىقارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مەكتىپى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ئوبرازى ھەققىدە خېلى ياخشى چۈشەنچىگە كەلمەك ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

## زۇلپىقارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرى

– ھەرقانداق نەرسە كەمچىلىكتىن خالىي بولالمىغاندەك، بىزمۇ كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس. بىزنىمۇ نۇقسانسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ،–دەيدۇ زۇلپىقار،–بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانىمىز، مەكتەپنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش ئاساسىدا ئۇنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر چەت ئەل تىلى مەكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش.

مەن زۇلپىقار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ بەزى خىياللىرىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر غايىسى ئىنگلىز تىلىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇش ئىكەن.

راست، بىز خەلقىمىزنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا مانا مۇشۇنداق ئۆزىمىزدىن چىققان كۆۋرۈكلەرگە موھتاج. ئۇنداق بولسا بۇنداق كۆۋرۈكلەرنى قانداق يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز؟ مېنىڭچە، بۇ سوئالغا سەرخۇشقا ئوخشاش ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بەسلىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان تىل مەكتەپلىرى ئەڭ ياخشى جاۋاب بېرەلەيدۇ.

مېنىڭچە، سەرخۇشقا ئوخشاش تىل تەربىيىلەش مەركەزلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ بېرىشى بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ تارىخىي پۇرسەتتە قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەنلىكنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. بۇنداق تاللاشقا بۇ مەكتەپلىرىمىز قانداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ شۇ مەكتەپنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ تونۇشىغا باغلىق.

تىل ئۆگىنىشنىڭ بىزنى تەرەققىي قىلغان مىللەتكە ئايلاندۇرۇشى ناتايىن. چۈنكى تىل پەقەت بىر دېرىزە. ئەمما تىل ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمىزنىڭ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىمىزدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىز.

# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئاياللار تەربىيىسى قارىشى

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

مەن جوڭگۇ مىللەتلىرى ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان « بىزگە قانداق قىزلار كېرەك؟» دېگەن ماقالەمدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ « نەسھەتى ئاما» دېگەن ئەسىرىدىكى ئايالارغا ئائىت بايانلاردىن نەقىل ئالغان ئىدىم. شۇنداقلا « شىنجاڭ ئاياللىرى » ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرۇپ يازغان « ئاياللار ۋە جەمئىيەت » دېگەن ماقالەمدىمۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۇگۇتلىرىدىن كۆپ مەنپەئەت ئالدىم. بۇ قېتىم شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتى فىلولوگىيە ئارمىقىنىڭ بىر سىنىپىغا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن « نەسھەتى ئاما » دېگەن ئەسەرنى قايتا – قايتا ئوقۇپ كۆرۈپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس بىر نەرسە يېزىپ بېقىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم .چۈنكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى بۇ كۆز قاراشلىرى بىر خەلقنىڭ مائارىپىغا يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ مائارىپىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغۇدەك مەنىگە ۋە قىممەتكە ئىگە ئىدى. ناۋادا بۇ ئىدىيە بىر مىللەت مائارىپى تەرىپىدىن ئاڭلىق، پىلانلىق قوبۇل قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ شۇ مىللەتنىڭ سەرخىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئائىلىلەرنىڭ يېتەكچى مائارىپ ئىدىيىسى قىلىنسا ئائىلىلەردە ئويلىمىغان ساپا ئۆزگىرىشلىرىنى پەيدا قىلالايتتى .

ئابدۇقادىر داموللام مۇنداق يازىدۇ: « ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، (نەۋۋەتتە) خوتۇن – قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم. چۈنكى كىچىك باللار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار، ئىسلامىيەتكىمۇ زىيان يەتمەس .بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىكىمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ « ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىپسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى – يامان بولۇشى ئاتا – ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق دېگەن مەزمۇن بار. » ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلىماسى ۋە

ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەردە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنىڭ پەرزلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى پەرز دېگەن نېمە؟ ئاللا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان، ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان قانۇندۇر. دېمەك، ئەرلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى پەرز بولۇپلا قالماي ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشمۇ پەرزدۇر. ھەتتا ئەرلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان تەربىيە جەريانىدۇر. چۈنكى، ھەر قانداق ئايال ئانا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ قورسىقىدا تۆرىلىمىز، ئۇ بىزنى قورسىقىدا توققۇز ئاي توققۇز كۈن پەرۋىش قىلىپ ئاسراپ، نەچچە قېتىم ئۆلۈپ تىرىلىپ تولغاق تارتىپ بۇ دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بىز چوڭ بولۇپ بولغۇچە بىزنى پوق – سۈيدۈكتىن خالاس قىلىپ، قەلبىمىزنى ئانىلىق مېھرى بىلەن سۇغىرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا تۇنجى تەربىيىنى قوبۇل قىلىمىز. مۇشۇ نوقتىلاردىن ئويلىغاندا مەخسۇس مەكتەپ ئېچىپ تەربىيلەش ھەققەتەن زۆرۈر. چۈنكى بىز بۈگۈن يۈزلىنىۋاتقان مائارىپ بۇنىڭدىن تۆت – بەش يۈز يىل بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، ياۋرۇپا ئەدەبىيات – سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە مەنسۇپ مائارىپ شەكلى بولۇپ، ياۋرۇپانىڭ بۈگۈنكى قۇدرىتى ئۈچۈن ئاساس سالدى ۋە تارىخقا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل مائارىپ ئوخشاش ياشتىكى ۋە تەربىيلىنىش نوقتىسىدىن باشلىنىش نوقتىسى ئوخشاش بولغانلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئوقۇتۇش ئارقىلىق مەدرىسە مائارىپىدىن پەرقلىق ھالدا گۇمانىتارلىقنى مائارىپنىڭ ئاساسي ئىدىيە، ئىلىم – پەن ئۆگىتىشنى ئاساسي لىنىيە قىلغان مائارىپ ئىدى. ئاردىن يېرىم ئىراچە ۋاقىت ئۆتتى. دۇنيانىڭ تەرەققىياتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى بىلەن بۈگۈنكى مائارىپ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ھالەت پەيدا بولۇپ ئورتاق ھالدا پۈتۈن دۇنيا خاراكتىرلىك مائارىپ ئىسلاھاتى چۇقانلىرى پەيدا بولدى. پىسخولوگىيە ۋە پىداگوگىكىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات نەتىجىلىرى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلىكىنى پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى. بۈگۈنكى مائارىپنىڭ ئاساسى ياش پەرقى ۋە بىلىم پەرقىنى ھېسابقا ئېلىش ئاساسىدا سېلىنغان بولسا، بۈگۈنكى ئىسلاھات چۇقانى سالغۇچىلار ئوخشاش ياشتىكى بالىلاردىكى تۇغما ئەقىل) يەنى تۇغما تالانت) ۋە پىسخىكا پەرقى ھېسابقا ئېلىنىدىغان بىر مائارىپنىڭ بولۇشىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يېڭى تەلىپى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. چۈنكى، بۈگۈنكى مائارىپ ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنىڭ تەرەققىياتى تالانتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىش

بىلەن بىرگە ماتارىيتا باللارنىڭ تالانت بۇلقىنى ئېچىشقا پايدىلىق بىر تۇزۇلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

دېمەك، بوگۈن كىشلەر ئوخشاش ياشتىكى باللارنىڭ ئەقىل پەرقى ۋە پىسخىكا پەرقىنى ئېتراپ قىلىشقا يۈزلىنىپ قالماي، يېشى ئوخشاش لېكىن جىنسى ئوخشىمايدىغان باللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئەقىل ۋە پىسخىكا نوقتىسىدا نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەن ئېلىشقا باشلىدى. دېمەك، پەرق بولغانىكەن پەرقنى بايقاپ تەربىيلىنىش جەريانىنى قاراتمىلىققا ئىگە قىلىش، باللارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ماتارىپ يۈزلىنىشىنى بەلگىلەش زۆرۈر. شۇنداقلا پىسخىك ۋە ئەقلىي پەرقلەرگە ئاساسەن باللارنى ئايرىم تەربىيە توپىغا ئايرىش تېخىمۇ زۆرۈر. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ نۆۋەتتە خوتۇن قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلىشىمۇ بىر خىل ئالدىن كۆرەرلىك . بىر قارىماققا بۇ گەپلەر مۇتەئەسسىپلىكتەك، ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كەمسۇندۇرىدىغان تۇيۇلىدۇ . لېكىن، ئىلمىي نوقتىدىن كۆزەتكەندە ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىشنىڭ بىر خىل تېخىمۇ زور ئىلمىيلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ .

بىز بۇگۈن قىز – ئوغۇل ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىلەن ئەقلىنىڭ يېتىلىش پەرقىنى تەن ئالىمىز. پىسخولوگلار قىزلارنىڭ تەڭ ياشتىكى ئوغۇللارغا قارىغاندا تېز پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىنى ئالللقاچان بىزگە ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ يەردىكى تېز پىشىپ يېتىلىش ئەلۋەتتە جىسمانى نوقتىدىكى بۇرۇن پىشىپ يېتىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي ئەقىل نوقتىسىدىكى پىشىپ يېتىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنداق بولغانىكەن باللارنى تەربىيەلەشتە نوقۇل ھالدا ياش پەرقىگە ئېسىلىۋېلىش ۋە جىنسىي پەرقنى يوققا چىقىرىپ ھەممە باللىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە ئۇرۇنۇش، بۈگۈنكىدەك پىسخولوگىيە قاتارلىق ماتارىپقا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولىۋاتقان ۋە ماتارىپنى نۇرغۇن قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك تەجرىبە نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەۋاتقان كۈندە قايتا ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە .

ئۇنداقتا خوتۇن – قىزلار ئۈچۈن ئايرىم مەكتەپ ئېچىش دېگەن ئىدىيىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ دۇنيادىن ئىبارەت ئويۇن سەھنىسىدە ئەر ۋە ئاياللىنىڭ ئالىدىغان رولى زور دەرىجىدە پەرقلىق. لېكىن

ئۇلارنى  باراۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئاياللارنى ئەرلەرگە ئوخشاش رول ئېلىشقا دەۋەت قىلىش ۋەياكى  مەجبۇرلاش ۋەياكى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئاياللىق  نازاكەت ۋە ئەرلىك جاسارەت كەبى خاس ئامىللارنىڭ ئاستىن – ئۈستۈن بولۇپ كېتىشى ۋە  خاس تەۋەلىكىدىن ئاجراپ ئۆزى تەۋە بولمىغان ئوبيېكتلارغا تەۋە بولۇپ قىلىشىغا ئوخشاش نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش جاسارەتكە ئىگە  بولسا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، ھازىرغا قەدەر مەدھىيىلەپ كەلدۇق. لېكىن نېمىشقا بۇ ئايال ئاشۇنداق رول ئېلىشقا، ئەرلەردىكى جاسارەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى؟ ئۇنداقتا جاسارەت كۆرسىتىشكە تېگىشلىك ئەرلەر نەگە كەتتى؟ دېگەن سوئاللارنى كاللىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرلەر ئاياللاردىكى نازاكەتلىكلىشىپ كەتتىمۇ؟ دېگەن سوئال ھەققىدە ئويلاپ باقمىدۇق. ئەلۋەتتە بۇنداق ئويلىنىش بىزنى ھەسرەتكە  سالىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئېلىشقا تېگىشلىك روللاردىن چەتنەپ كېتىشى ياكى باشقا روللارنى ئېلىپ قېلىشى، موزدۇزنىڭ تېۋىپ بولۇپ، تېۋىپنىڭ تامچىلىققا مەجبۇرلىنىشى قىيامەتنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى. ھەرقانداق نەرسە ئۆز رولى ۋە ئۆز خۇلقى بىلەن گۈزەل. دېمەك، ئايرىم مەكتەپ ئېچىش ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى  تەربىيىنى قاراتمىلىققا ئىگە قىلغىلى، ئەر ۋە ئاياللارنى ئۆز خۇلقى بىلەن  تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت ئىككى رول ئېگىسى ئۆز رولىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئورۇنلارش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، شۇنداقلا ئۆز رولىنىڭ قەدىر – قىممىتىنى ھېس قىلالىسا، ئاياللار ئاياللىق خىسلەت  –  خۇلۇقلىرىغا باي، ئەرلەر ئەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن گەۋدىلەنسە، ئىككىسى ئۆزىگە خاس رولىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئالسا، مانا، بىر جەمئىيەتنىڭ بەختى ئەمەسمۇ؟

مەخسۇس مەكتەپلەر بولغانىكەن مەخسۇس تەربىيە بولىدۇ. باللار جىنسىي پەرق يوق ئارىلىشىپ ئوقۇغان مەكتەپلەردە يول قويغىلى بولمايدىغان بەزى دەرسلەرنى بۇ  مەكتەپلەردە تامامەن يولغا قويغىلى بولىدۇ. ھەتتا قىز – ئوغۇللارنى پىسخىك ۋە ئەقىل پەرقى بويىچە تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. تەربىيە تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ  .بەزىلەر ئايرىم مەكتەپلەرگە ئايرىشنى قىزلارغا ئۆي تۇتۇشنى، يىگىنە ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگىتىش دەپ ئاددىي چۈشىنىدۇ ۋە بۇ خىل ئايرىشنىڭ مەقسىتىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ. لېكىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ

نەزىرىدىكى ئايرىش ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. بەلكى پىداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيەنى چىقىش قىلغان، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىنىشىنى ئىلمىي كۆزىتىش ۋە يەكۈنلەشتىن كېلىپ چىققان. ناۋادا خانىم – قىزلار ئايرىم مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئانىلىق قەدىر قىممەت، ئاياللىق ھۆرمەت ۋە ئىززەتنىڭ مەنىسىنى ۋايىغا يېتىپ چۈشۈنۈپلا قالماي بىر پىداگوك سۈپىتىدە تەربىيىلەنسە بالىلىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىپ ۋايىغا يېتىشى تېخىمۇ ئوڭايلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تالانتنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقان بىخلىرىنى بايقاش تېخىمۇ ئوڭايلىشاتتى. چۈنكى بىر بالىنى ئانىسىدەك چۈشىنىدىغان يەنە بىر شەخسنىڭ بولۇشى ناتايىن. ناۋادا ئانا ئانىلىق رولىنى ئېلىش بىلەن بىرگە ھەقىقىي بىر پىداگوك رولىنى ئالسىچۇ؟ ناۋادا بىر ئايال تەبىئەت ئاياللارغا يۈكلىگەن رولىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ ئۇنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىسىچۇ؟ شۇنداقلا، ئەنە شۇنداق ئايرىم مەكتەپلەردە ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى ئىلمىي چۈشىنىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركەككە ئوخشاش چوڭ بولغان بىر ئەر بىر ئايالنىڭ ئەنە شۇنداق رولىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن پەرۋىش قىلسىچۇ؟

مېنىڭچە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتكە قارىغاندا بۇنداق پەرق ئىلمىي ھالدا تونۇلۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈلىۋاتقان، ھەركىم ئۆز رولىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېلىۋاتقان جەمئىيەت تېخىمۇ بەختلىكتۇر، ناۋادا ئەرنىڭ لازىمەللىكى (لازىمەللىك ماھىيەتتە ئەرلەرنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنىڭ يېگىلەپ كېتىشىدۇر) تۈپەيلىدىن بىر ئايال ئائىلىدە ئەرلەردەك ھېممەت ۋە جاسارەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولسا شۇ ئايالغا مەدھىيە ئوقۇيمىز، ئەرنى ئەيىبلەيمىز. ناۋادا بىر ئەر ئايالىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن يۈرىكىنى قاندۇرۇپ ئۆز ئىقتىدارىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشسا بىز بۇنداق ئائىلىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. بۇنداق ئائىلىلەر شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ساغلام ھۈجەيرىللىرىدۇر.

ناۋادا ئايالنىڭ ساپاسىزلىقىدىن قەلبى ئۇسسىغان ئەر بۇلاقتا تۇرۇپ ئۇسسىزلىق ھېس قىلسىچۇ؟

خوش، ئاياللارنى تەربىيىلەش پەرز. ئۇنداقتا ئۇلارنى قانداق تەربىيىلەش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا بۇ پەرزنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغىلى بولىدۇ؟

ئەڭ ئاۋۋال ھەر بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئاياللارنى تەربىيىلەش پەرز دېگەن ئوينى بەرپا قىلىش بىلەن

بىرگە بۇنىڭ ئىلمي ئەھمىيتىنى تونۇتۇش كېرەك. شۇندىلا بۇ ھۆكۈم بىزنىڭ كالللمىزدىكى ماياكقا، بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا رىئايە قىلىدىغان قانۇنغا ئايلىنىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ئائىلىلەرنى تەربىيلەيدىغان ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ئابدۇقادىر داموللام تىلغا ئالغان ئۈچۈن ئايرىم مەكتەپ ئېچىش ھەركىتىدۇر. ئۈچىنچى قەدەمدە شۇ مەكتەپتە ئىجرا قىلىنىدىغان مائارىپ پىروگرامىسى بەرپا قىلىنىشى كېرەك. شۇندىلا بىزنىڭ تەربىيە خىزمىتىمىز تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىلىدۇ. بىز ھازىر تەكىتلەۋاتقان ئىناق جەمئىيەتمۇ مانا شۇندىلا تېخىمۇ ئوڭاي بەرپا بولىدۇ .

«كىچىك باللار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلمىسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر.» دەيدۇ ئابدۇقادىر داموللام .

باللىرىمىزنى ياخشى تەربىيلەشنىڭ شەرتى ئائىللارنى ياخشى تەربىيلەش. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ ئائىللارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئائىللارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۇلارنىڭ مائارىپ ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت .

ئابدۇقادىر داموللام 1924 ـ يىلى جاھالەتنىڭ ھامىيلىرى تەرپىدىن قەتلە قىلىندى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆلمەس ئىدىيلىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېتىپ كېلىپ بىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋىي مىراسىمىزغا ئايلاندى. ھازىر بۇ مىراسلار بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ نۇرلاندۇرىشىمىزنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

# بىزگە قانداق قىزلار كېرەك ؟

ئابدۇلئەھەت ئابدۇرشىت بەرقى




بىزگە قانداق قىزلار كېرەك ؟ دىگەن بۇ سۇئال ئادەمنى سەل قىينايدۇ . چۈنكى، نۇرغۇن ئادەم مەن دىگەن نوختىدىن پىكىر قىلىشقا ئادەتلەن، ئۇلار ماڭا قانداق قىز كىرەك دىگەن سۇئالغا ئانچە قىينالماي جاۋاپ بىرەلەيدۇيۇ، بىز دىگەن سۇئال ئالدىدا تىڭىرقاپ قالىدۇ . چۈنكى، شۇ مەن نىڭ قىممەت قارىشى كۆپچىلىككە ۋەكىللىك قىلالامدۇ ؟ ۋە ياكى مەن نىڭ قىممەت قارىشى بىلەن باشقىلارنىڭ قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرىقلەر بارمۇ ؟

بۈگۈن قىممەت قاراشلىرىمىز تۇراقسىز بىر دەۋىردە ياشاۋاتىمىز، قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە قىممەت قاراشلىرىمىز نەچچە قېتىم ئۆزگۈرۈپ بولدى. بۈگۈن ئايرىم ئۈچ خىل قىممەت قارىغا ۋەكىللىك قىلىپ ياشايدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس. مىسالى بوۋىسى بىر خىل قىممەت قارىشى ئىچىدە ياشىسا، دادىسى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشى ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆزى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشىنىڭ ھەلەكچىلىگىدە، بەلكىم بىر قانچە ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇپ چوڭ بولۇشى مۇمكىن. بۇلار بىر بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇ پەرىقلىق قىممەت قاراشلىرى بەزىدە زىدىيەتلىشىپ قالىدۇ، لېكىن بۇ زىدىيەت قېرىنداشلار ئارا يۈز بەرگەنلىگى ئۈچۈن، مەلۇم نوختىدا ئۆز ئارا مۇرەسسە قىلىپ تەڭ مەۋجۇت بۇلۇشنىڭ ئامالى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ ۋە تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ . بەزىلەر بۇ ئىشنى نورماللىق، ياش، دەۋىر پەرقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارايدۇ . ۋارىسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۈچ ئەۋلات كىشىنىڭ ئۈچ خىل قىممەت قارىشىدا ياششى ئادەمدە بۇ قوۋم كىشىلىرىدە ۋارىسلىق قىلىدىغان، بىر نەچچە ئەۋلادنى مۇستەككەم باغلاپ تۇرىدىغان، قوۋمنى مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق كۈچكە ئىگە قىلىدىغان نەرسىلەر يوقمۇ نىمە؟ دىگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ . ۋاھالەنكى، مەسىلىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك تەرىپى بۇ ئەمەس . ئالدىنقى بىر ئەۋلات كىشىلەر بىلەن كېيىنكى بىر ئەۋلات كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى پەرىقلىنىپ قالماستىن بىر دەۋىردە ياشاۋاتقان بىر ئەۋلات كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىمۇ پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ، بىر مىللەتتىن بولغان تەڭتۇش بىرنەچچە ئادەم بىر يەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى نوقتىسىدىن چاك چېكىدىن بۆسلىپ، پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز. بىر ئۇستەللىك زىياپەتتە بىر نەچچە خىل قىممەت قارىشىنىڭ تەڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ئۈرۈمچىدەك بىر چوڭ شەھەردە نور مال ھادىسىگە ئايلانغان. بەزىلەر بۇ مەسىلىنى مەدىنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىغى ياكى قىممەت قاراشلىنىڭ تەڭ گۈللىنىشى، دەپ قارايدۇ . دىمەك، مۇشۇ خىل ئۇبۇكتىپ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بىزدە مەن نوختىسىدىن پىكىر قىلماق ئۇڭاي، بىز نۇقتىسىدىن پىكىر قىلماق تەس . چۈنكى، سىزنىڭ قىممەت قارىشىڭىز باشقىلارغا يېقىپ كىتىشى ناتايىن. ھەتتا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بىر ئادەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىممەت قاراشلىنىڭ زىدىيەتلىكلىكى. سىز بىر ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ھەركەتلىرىدىن بىر نەچچە خىل قىممەت قارىشىنىڭ، يەتتا ئۆز ئارا زىدىيەتلىك قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئەكس ساداسىنى تېپىپ ھەيران قالىسىز، بۇنداق زىدىيەتلىك قىممەت قاراشلىرى بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداق مۇرەسسە بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغاندۇ؟ دەپ چۆچمەي تۇرالمايسىز .بەزىلەر قىزلارنىڭ ئۈچۈق ـ يۇرۇق، ئۆزى بىلەن سورۇنلاردا تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ ئىچىشىپ بىرەلەيدىغان ياكى قانداقتۇر ئىشلارنى مەرتلىك بىلەن بىللە قىلالايدىغان بۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ياكى ماڭا شۇنداق قىزلار كىرەك دەپ ئويلايدۇ، ياكى شەيتانى مەقسىتىگە يىتىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قىممەت قارشنى بازارغا سالىدۇ. ئەمما شۇنداق قىزلارنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئادەم ئايالىنىڭ، قىزىنىڭ، سىڭلىسىنىڭ شۇنداق قىز بوپ قىلىشنى ئارزۇ قىلماسلىغى مۇمكىن. قىسقىسى ھەر بىرئادەمنىڭ ئۆزىگە قانداق قىز لازىملىغى ھەققىدە ئۆزىگە خاس

قاراشلىرى بار بولىشى مۇمكىن. ئانىنىڭ قىزىغا قويغان تەلىۋى بىلەن، ئاتىنىڭ، ئاكىنىڭ، ئاچىنىڭ، ئۇستازىنىڭ، جەمىيەت ئەرباپلىرىنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا، مۇناسىۋەتنىڭ قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپىدا تۇرۇۋاتقان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق.

ئۇنداقتا بىزگە قانداق قىزلار كېرەك ؟بۇ سۇئالغا جاۋاپ بېرىش ئۇچۇن ئەڭ ئاۋال قىز ياكى ئاياللارنىڭ ھاياتتا تۇتىدىغان ئۆرنىنى ئېنىقلىۋېلىپ، قىز –ئاياللارغا نىسبەتەن ئېنىق تەبىر بېرىشىمىز كېرەك. «ئاياللار بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ »

ئېنىقكى، ئاياللارنىڭ ساپاسى بىۋاستە دۇنيانىڭ ساپاسىغا تەسىر كورسىتىدۇ. ئاياللار مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغان، ئاياللىرىنىڭ چىھرىنى بەخت خاتىرجەملىك ئارقىلىق نۇرلاندۇرالمىغان مىللەت، ئەل مەڭگۈ قەد كوتۇرەلمەيدۇ. ئاياللىرىنىڭ، جۇملىدىن ئانىلىرىنىڭ، قىزلىرىنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلالمىغان ئاجىز ئەرلەرنىڭ تەشكىللىنىشىدىكى جەمىيەت قاراڭغۇ، زەئىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان جەمىيەتتۇر.

مەشھۇر ئالىم جامائەت ئەرباپى ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزى (1862 ـ 1924)« نەسھەتى ئامما » دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ : « كىچىك باللار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن بۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىگە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار، ئىسلامىيەتكىمۇ زىيان ئەمەس. بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىكىمۇ ئاسان بولىدۇ.» (« ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبىيا تارىخى»،4 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى )

يۇقىرقى بايانلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، قىز ئاياللار ئەڭ ئاۋال بىر ئانا. ئانىنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدە تەرىپلەر نۇرغۇن « ئانىنىڭ بىر قېتىملىق سۈتى ھەققىگە، يەتتە رەت ئاپارماق ھاجەت مەككىگە » ( ئابدىرىيىم زۇنۇن ) ھەر قانداق بىر قىز ئانا بولىدۇ .ئايال كىشى بىر مۇنبەت زىمىن، ئۇنىڭدىن پۈتۈن دۇنيا كۆكلەيدۇ. قىز ئاياللارنى بۇ سالاھىيەت نوختىسىدىن كۆزەتكەندە، بىز ئۇنىڭ ئۈيۈنچى، ئېچەرمەن، ئىدىيىسى «ئېچىلىپ» كەتكەن بولۇشنى خالىمايمىز. ئاندىن كۈتىدىغان سۆيۈمىز مېھرىبانلىق، كەڭ قوساقلىق، پەرزەنتكە بولغان تەگداشسىز مۇھاببەت. ھەر قانداق بىر ئادەم ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا تۆرەلگەندىن باشلاپ ئانىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ ، ئانىنىڭ روھىيىتىدىكى ھەر قانداق نەرسە قان ئارقىلىق بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچىدۇ. ئانا تەبئىي ھالدا بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى بوپ قالىدۇ. مانا بىز مۇشۇنى تونۇغاندىن كېيىن بىز بىر قىزغا ئادەتتىكى بىر ئادەم سۈپىتىدە ئەمەس بىر ئانا، بىر مۇنبەت تۇپراق، ئۇستاز سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا تىگىشلىك ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىپ يىتىمىز. ناۋادا ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك، ئاياللار ساۋاتسىز، ئەخلاقسىز يامان خۇلۇقلۇق بولسا، ئەلبەتتە پەرزەنتلىرىمىز كىچىك ۋاختىدىنلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئاندىكى ئىللەت بالىغا يۇقىدۇ. بىر قىز قابىلىيەتلىك، بىلىملىك بولىشچۇ ؟ ئەلبەتتە بۇنىڭ نەتىجىسى بىزگە مەلۇم. كالللىسى جايىدا ھەرقانداق ئادەم بۇ نەتىجىنى قىياس قىلالايدۇ. ئۇنداقتا بىزگە بىلىملىك قىز كېرەك. بىلىم ـ بىلىش دىمەكتۇر، بىلىشنىڭ ماھىيىتى دۇنيانى، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى، ھەقنى، ھەقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش دىمەكتۇر. بىلىملىك قىز دۇنياغا نىمىشقا كەلگەنلىگىنى، مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئەڭ توغرا ھەققەتنىڭ روھىغا يىقىن بىلەلىگۈچى دىگەنلىكتۇر. بىزگە ئەخلاقلىق قىز كېرەك. ئەخلاق بىر كەڭ كاتىگورىيە، ئىنسانلار ئەگىشىۋاتقان قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىغىغا ئاساسەن ئەخلاقتىمۇ پەرق بولىدۇ. ئەخلاققا ئاساسەن كىلىپ چىققان تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەخلاققا ئاساسەن كىلىپ چىققان تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

ئۇنداقتا قىزلىرىمىز قانداق ئەخلاققا ئىگە بولىشى كېرەك؟ شەرم –ھايا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆركىلىرىدىن بىرى، ئىپارخان، تۇمارىس، نۇزۇگۇم، ئامانىساخان، رىزۋانگۈل، سەنەم، لەيلى، شىرىن نوختىسىدىن ئېيتقاندا، ئۆز ئەركى ئۇچۇن كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، مۇھاببەتنىڭ پاكلىقىنى ھاياتىدىن ئۇستۇن بىلىدىغان ( مۇھاببەتنىڭ پاكلىقىنى ئۇرۇقنىڭ پاكلىقى، ئۇرۇقنىڭ پاكلىقى ئەۋلاتنىڭ روھىنىڭ پاكلىقىنىڭ بىشارىتى، مۇھاببەتكە ھارام ۋە ناپاكلىق ئارلاشسىچۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇ ئۆلىدۇ ياكى سۈپەت ئۆزگۈرىدۇ . بۇ ئۇرۇقنىڭ بۇزۇلىشىنىڭ بىشارىتى ئەمەسمۇ؟) شۇ ئارقىلىق مۇھاببەتنىڭ قىممىتىگە ھەسسىلەپ قىممەت قوشالايدىغان بولۇشى، ھەققەتنىڭ پەرۋانىسى بولۇشى كېرەك. بۇ خىل سۈپەتلەر قىزلىرىمىزنىڭ ئانىلىق ئۇلۇغلىقىنى، مەشۇقلۇق سۆيۈملۈكلىكىنى، ئىنسانلىق قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. دىيانەتلىك، تىرىشچان پاكىز بولىشى كېرەك ياكى بىزگە شۇ سۈپەتلەرنى ھازىرلىغان قىزلار كېرەك .

ئۇنداقتا دىيانەت دىگەن نىمە ؟ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لوغىتىنىڭ 548 ـ بىتىدە، دىيانەت –كىشىلەردە بولۇشقا

تىگىشلىك ۋىجدان، ئىنساپ، ئىشەنچ، پاكلىق » دەپ ئىزاھلىنىدۇ. قىزلىرىمىزنىڭ ۋىجدانلىق، ئىنساپلىق، ئىشەنچلىك، پاك بولۇشى بىزنىڭ بەختىمىز، تەلىيىمىز. چۈنكى، بىزگە قانداق قىزلارنىڭ كېرەكلىكى مۇشۇ قىزلاردىن يەنە بىر قېتىم ئاشكارلاندى. دىيانەتلىك خۇتۇن ئىلىش –ئەۋلاتلارنى دىيانەتلىك ئانىغا ئىگە قىلىش دېگەنلىك، ماھىيەتتە، بۇ دىيانەتلىك ئەۋلادقا ئىگە بولۇش، دېگەنلىكتۇر .

«تالاي ئابرويلۇق قىزىل يۈزلۈك ئەر ،
خۇتۇنلار تۈپەيلى ئۆزى بولدى يەر .»

مانا بۇ بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قىز –ئاياللار ھەققىدىكى ئىخچان كۆز قارشى، ئۇيغۇرلاردا « ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خۇتۇن، يەر قىلغانمۇ خۇتۇن » دېگەن گەپ بار. دېمەك، ئاياللارنىڭ ساپاسى بىۋاستە ھالدا ئائىلىگە ئەرلەرگە تاقىلىدۇ. ئەخلاقلىق نومۇسچان، دىيانەتلىك، گۈزەل، بىلىملىك قىز –ئاياللار ئائىلىنىڭ، ئەرلەرنىڭ بەختىلا ئامەس، بەلكى دۇنيانىڭ بەختى، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى .

بۈگۈنكى دۇنيا ھەر خىل ئازدۇرغۇچى ئىدىيىلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەن، ئاياللار جاپاكەشلىكى، ئاجىزلىغى، ئاق كۆڭۈللىگى تۈپەيلىدىن بۇ ئىدىيىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئەڭ ئۇڭاي ئۇچرايدۇ. جەمىيەتنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئۆزگەرتمەكچى بولغان سىياسىئونلاردىن ساختىپەزلەرگە قەدەر ھەممىسى جەمىيەتنىڭ ئەڭ كىچىكلىتىلگەن بىرلىگى، بۇ جەمىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك مۇستەقىل تەركىۋى شۇنداقلا تەركىبلىگۈچىسى بولغان ئائىلە ئارقىلىق جەمىيەتنى ئۆز پايدىسىغا ئۆزگەرتىش نىشانىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . ئائىلىگە تەسىر كۆرسىتىش، ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ قورغاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قورغاننىڭ مەركىزى بولغان ئايال كىشىدىن ئىش باشلايدۇ. ھەتتا بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇرۇش سۇيقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈنجى ھۇجۇمنى زەھەرخەندىكىك بىلەن ئاياللارغا قارىتىشى، ئاياللارنىڭ قىممەت قارشىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئائىلىنى بىر مۇكەممەل بىر مەكتەپ، قورغاندىن ھاياتلىق، تەرەققىيات نىشانى يوق مانقۇرتلار ئۆۋسىغا ئايلاندۇرۋېتىشى، ئاياللاردىكى ساپاسىزلىق يەنى ئانىلاردىكى كەينىگە چېكىنىش ئارقىلىق ئەۋلاتلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تەربىيىسى بولغان دەسلاپكى باسقۇچتىكى ئائىلىۋى تەربىيىنى بەربات قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئانىدىن ئىبارەت مۇنبەت تۇپراق زەيلىنىپ ئەڭ ئىسىل زىرائەت، كوكتات، مىۋىلەر ئۆسۈپ چىقىش ئورنىغا ئاق تىكەن دېگەندەك زىيانلىق نەرسىلەر ئۈنۈپ چىقىشى مۇمكىن، بۇ تارىخ تالاي قېتىم ئىسپاتلىغان ھەقىقەت.

ئابدۇقادىر داموللام شۇ سەۋەپتىن «قىز ئاياللارنى ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك تەربىلەش » كېرەكلىگىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، لىكىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەۋلادى بولغان بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قارشىمىز غەلىتە. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قىز ئاياللارنىڭ ئوقۇشقا مەبلەغ سېلىشقا ئەرزىمەيدۇ ياكى ئۇلارغا مەبلەغ سېلىشنىڭ قىممىتى ئوغۇل باللارنىڭ تەربىيىسىگە مەبلەغ سېلىشتىن توۋەن تۇرىدۇ. ئۇلارغا بىر قىزنىڭ ئانا بولۇپ باللارنىڭ دەسلاپكى ئۇستازى بولىدىغانلىقى، ئاياللارنىڭ ساپاسىنىڭ بىۋاستە ھالدا جەمىيەتنىڭ ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىغى ھەقىقەت بولۇپ تۇيۇلمىسا كېرەك .

ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا قارىغاندا خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ قارشى ئىلىشقا ئېرىشەلمەسلىگى ھەقىقەتەن بىر پاجىئە...جەمىيەت سەرخىللىرىنىڭ كەلگۈسى ئانىلارغا چىقىش يولى بىرىشتە بېخىللىق قىلىشى بىر ئەلنىڭ نادانلىغىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسپاتى.

بىزگە قانداق قىزلارنىڭ كېرەكلىگىنى بىلىش ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر ياخشى ئۇسۇل بىزگە كېرەك ئەمەس قىزلارنىڭ قانداقلىغىنى ئايرىپ چىقىش. لىكىن بىز دېگەن ئۇقۇمنىڭ تايانچى چۈقۇم بىر ۋەكىللىك خاراكتىرگە ئىگە، ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن ئەخلاق بولۇشى كېرەك. بىزگە كېرىگى كۆڭۈل ئېچىشىمىز ئۈچۈن ئارزۇلىنىدىغان قىزلار ئەمەس، توي قىلىشىمىز، باللىرىمىزنىڭ ئانىسى قىلىنىشى ئۈچۈن ئارزۇلىنىدىغان قىزلاردۇر. بىز لاياقەتلىك ئانا، دىيانەتلىك مەشۇق، گۈزەل، پاكىز، مېھرىبان، بىلىملىك ئاچا ـ سىڭىل ...لارغا موھتاج .

## بالا تەربىيلەش تەپەككۇرى ئىچىدىكى مۇھىم نۇقت—دۇنيا قاراش تەربىيەسى توغرىسىدا

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

بالا تەربىيسى ھەققەتەن باش قاتۇرىدىغان مەسلە. پەرزەنتلىك بولغانلىكى ئادەم بۇ مەسلىگە دۇچ كېلىدۇ. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ دۇچ كېلىشنى ھاياتلىقنىڭ شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر جەريانى، دەپ قاراپ بەك ئەستايىدىل بولۇپ كەتمەيدۇ. پەرزەنت تۇغۇلغان ھامان ئۆزىنىڭ تەربىيلەش نۇقتىسىدىن بالىغا قەرز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشى بۇ مەسلە ھەققىدە ئىلمىي ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇۋاپىق بالا تەربىيلەش تەدبىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ ئۆز ئائىلىسىگە تەدبىقلايدۇ. ئەمما يەنە بىر تۈركۈم ئادەمنىڭ بالا تەربىيلەش ھەققىدىكى پىكىرلىرى ئىپتىدائىي ھالەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. بالىسىنىڭ بىر كۈنلىرى ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئادەم بولۇپ ئۆزگە شەرەپ كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئەشۇنداق خىياللاردا كۆڭلىنى تاتلىق قىلىدۇ. لېكىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق كونكرېت تەدبىر قوللانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارزۇسى ئارزۇ پېتىچە قالىدۇ. يەنە بىر قىسىم بالا تەربىيلەش ھەققىدە كونكرېت ھەرىكەتكە ئۆتكەنلەر بولسا، قايسى خىل بالا تەربىيلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ زور، قايسى خىل ئۇسۇلدا بالىنىڭ ئۈنىۋېرسال ساپاسىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ئەڭ تېز بولىدۇ، دېگەن مەسلىلەرنى ھەل قىلالماي گاڭگىراپ قالىدۇ. بۈگۈنكىدەك ئادەمنىڭ كاللىسى ھەرخىل ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە مېتودلارنىڭ قورشاۋىدا توغرا يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغان كۈنلەردە توغرا قارار چىقارماق بەكمۇ تەس. ئەلۋەتتە، بالا تەربىيسى ھەققىدە قارار چىقىرىش تېخىمۇ تەس ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش. باشقا ئىشلاردا چىقارغان قارارىڭىز خاتا بولۇپ قالسا كېرەك يوق، زىياننى تولدۇرۇۋالغىلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بالا تەربىيلەش ھەققىدىكى خاتا قارارنىڭ ئورنىنى تولدۇرماق تەس. بالا تەربىيسى ھەققىدىكى كىچىككىنە خاتا ھۆكۈم بىر بالىنىڭ ئىستىقبالىغا، بىر ئائىلىنىڭ، ياق، ئاتا—ئانا ۋە بالىنىڭ ئائىلىسى، بالىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە جەمئىيەتتە پەيدا قىلىدىغان تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

## بالىنى قاچاندىن باشلاپ تەربىيىلەيمىز؟

بۇ ھەقتە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇنتىزىم كۆز قارىشى بار. ئۇلار بالا تەربىيىلەش بىر ئادەم پەرزەنتلىك بولماستىن بۇرۇن، ئۆزى بىر پەرزەنت ۋاقتىدا باشلىنىپ كەتكەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بىر ئادەمنىڭ پەرزەنتلىك ۋاقتىدا ئالغان تەربىيىسى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە، پەرزەنتلىك بولغاندىكى ياكى ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى قانداق تەربىيىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، پەرزەنت تەربىيىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك، دەۋر ھالقىغان قۇرۇلۇشتۇر. لېكىن بۈگۈنكى پەرزەنت تەربىيىسىدىكى يېتەرسىزلىكنى، سىز قىلالمىغان ياكى سىزنىڭ دەۋرىڭىزگە كەلگەندە ئاندىن بىر كۈن تەرتىپكە چۈشكەن ياكى ئويلىنىش تېمىسى بولغان مەسىلىلەرنى كونىلارغا ئارتىپ قويۇش تازا ئاقىلانىلىق ئەمەس. سىزمۇ بىر كۈنلىرى ئەجدادقا ئايلىنىسىز. شۇڭا كېيىنكىلەرنىڭ سىزدىن رەنجىپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشنى ئۆزىڭىز ھېس قىلغان كۈندىن باشلىغىنىڭىز تۈزۈك. گەپنى كونكرېت دېسەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قارىشى بويىچە پەرزەنت تەربىيىسى ئەرنىڭ بولغۇسى ئايالىنى تاللىشى، ئايالنىڭ بولغۇسى ئېرىنى تاللىشى جەريانىدا باشلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. شەرق ئاقىللىرى، بولۇپمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئائىلە قۇرۇشتا مۇھەببەتنىڭ رولى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان يەنە بىر ئامىلنىڭ، ئائىلە قۇرۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. مۇھەببەت پۈتۈنلەي ھېسسىي ئامىل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا، پەرزەنت تەربىيىسى پۈتۈنلەي ئەقلىي ئامىل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. دېمەك، ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ھېسسىيات ئامىلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ قالماي، يەنە ئەقىل ئامىلى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىشى كېرەك. ھەتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار توي قىلىش مەسىلىسىدە ھېسسىياتتىن كۆرە قارىشى تەرەپنىڭ كېلىپ چىقىشى، يەنى نەسەبى، چىراي-تۇرقى قاتارلىقلار ئامىللارنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئائىلە مۇھەببەت تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان تەقدىردىمۇ مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى بولغان پەرزەنتنىڭ قانداق ئائىلىدە، قانداق مۇھىتتا، قانداق ساپادىكى (تەن ۋە روھ نۇقتىسىدىكى تەربىيىلىنىش ساپاسى) ئادەملەرنىڭ تېنى ئارقىلىق بارلىققا كېلىشى يەنە بىر جىددىي دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئامىل.

غەرب پسخولوگلرى ۋە تېبابەت ئالملرىننىڭ بۇگۇنكى تەتقىقات نەتىجسدىن قارىغاندا، پەرزەنت كۆرۈش داۋامىدىكى يېمەك-ئىچمەك، كەيپىيات، چېنىقىش قاتارلىق ئامىللارمۇ قان ئارقىلىق پەرزەنتكە كۆچىدۇ. ھازىر ئۇرۇمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە پەرزەنتلىك بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ياش ئاتا-ئانىلارنىڭ ھاراق، دورا قاتارلىقلاردىن پەرھىز تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىمىز. بۇ ھەقتىكى بىلىملەر ھازىر خېلى ياخشى ئومۇملىشىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ تونۇشىغا ئايلىنىپ قالاي دېدى. بۇ بىر ياخشى ئەھۋال. لېكىن ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى ئايالنىڭ كەيپىيات ئامىلىنىڭ پەرزەنتنىڭ كېيىنكى روھىي ساپاسىغا بىۋاستە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار ۋە شۇ تۈپەيلىدىن ئايالى ھامىلدار بولغاندا ۋە باشقا مەزگىللەردە ئايالىغا غەم-قايغۇسىز، خۇشال مۇھىت يارىتىپ بېرىشنىڭ دادىنىڭ ئەقەللىي بۇرچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىغانلار بەك كۆپ ئەمەس. بىر قىسىم كىشلەر پەرزەنتىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە ئۆزىنىڭ كىچىككىنە شەخسيىتىنى قۇربان قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىر كىتابخانىلاردىن بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى تەربىيە ھەققىدە ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە كىتابلارنى تېپىش، مۇتەخەسسىسلەردىن بۇ ھەقتىكى يېڭى كۆز قاراشلارنى ئاڭلاش ۋە ئۇلاردىن تاكتىكىلارنى ئۆگىنىش مۇمكىنچىلىكى بەك زور.

مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغان مۇھىم نۇقتام تۇغۇلۇپ بولغان بالىنى قانداق تەربىيلەش، قانداق تەربىيلەش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش بولماستىن، بەلكى بالا تەربىيلەش تەپەككۇرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە مەسلە. بالا تەربىيلەش ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى بالىنىڭ تېنىنى تەربىيلەش، يەنە بىرى بالىنىڭ روھىنى تەربىيلەش.

تەننى تەربىيلەشنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ ئاددىيلا چېنىقىش ئەمەس. روھ تەننىڭ كىيىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەنگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇددى ئىچىمىز پۇشقان چاغلاردا يېڭى ۋە يارىشىملىق كىيىملەرنى ئېلىپ كىيسەك روھىمىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغىنىدەك بىر ئىش.

روھ تەربىيىسى ئادەتتە ئەقىل ياكى زېھنى كۈچ، بىلىم، ئىرادە، پسىخىك ساپا يېتىلدۈرۈش ۋەھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ بالا تەربىيىسىدىكى بىرىنچى ھەل قىلغۇچىلىدىغان مەسىلىمىز تەربىيە نىشانى تۇرغۇزۇشتۇر.

ئۇنداقتا، بىز بالىمىزنى قايسى نۇقتىدىن تەربىيىلىمەكچى؟ بالىمىزنى ئۇلۇغ بىر ئالىم ياكى جەمئىيەت ئەربابى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقماقچىمۇ ياكى بالىمىزنىڭ جان بېقىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچىمۇ؟ ياكى بالىمىزنى ئەخلاقلىق، غۇرۇرلۇق، ئىقتىدارلىق، ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقىرى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقماقچىمۇ؟ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاۋۋال مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېلىش كېرەك. ئاندىن قاراتمىلىقا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش ئېلىپ بارساق تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى نىشانسىز، پىلانسىز تەربىيىدىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. ناۋادا بىزنىڭ تەربىيە نىشانىمىز دۆلەت مائارىپىنىڭ تەربىيىلەش نىشانىدىكى بەزى ئۆزى تولۇقلاشقا ئامالسىز قالىدىغان جايلارنى تولۇقلاشقا پايدىلىق بولسا، بالىمىزنىڭ ساپاسى تېخىمۇ تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

بىر بالىنىڭ تەربىيىسى ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپ تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ئارقىلىق ۋايىغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسى ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىنى نىشان قىلغان مائارىپ جەريانىدۇر. مەكتەپ تەربىيىسى بولسا، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى ئۈچۈن تەربىيىلەش ئېلىپ بارىدىغان سىستېمىدۇر. جەمئىيەت تەربىيىسى بولسا، جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەربىيىلىنىش شەكلى ئىچىدە بالىغا مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرۇلىدىغان ياكى مەلۇم مەجبۇرلاش تۈسىنى ئالغان تەربىيە ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيىسىدۇر. جەمئىيەت تەربىيىسى بولسا، بالىنىڭ ئەركىن تاللىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىنى يوشۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان تەربىيىدۇر. بۇ ئۈچ خىل تەربىيە سىستېمىسى ئىچىدە ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيىسى نىسبەتەن پاسسىپ بولۇپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىنىڭ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن بالىنىڭ كاللىسىدا تەبىئىي ھالدا قارشىلىق پسىخىكىسى پەيدا قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن ئۈنۈمىگە يەتمىكى نىسبەتەن تەس بولىدۇ. جەمئىيەت تەربىيىسى نىسبەتەن ئاكتىپ بولۇپ، ئېزىقتۇرۇش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

بۇ ئۈچ خىل تەربىيە ئىچىدە بالا مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ئائىلە تەربىيىسى يېتەكچى ئورۇندا تۇرسا، بالا مەكتەپكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ئائىلە تەربىيىسى بىلەن جەمئىيەت تەربىيىسى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە تەتقىق قىلىپ، باش قاتۇرۇدىغىنىمىز ئائىلە تەربىيىسىدۇر. چۈنكى ئائىلە تەربىيىسى يۇقىرىقى بارلىق تەربىيىلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ، بىر بالىنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانىدىكى رولىنى ھېچقانداق تەربىيە ۋاستىسى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئەلۋەتتە، مەكتەپ تەربىيىسى بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ سەرخىل ئادەملىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت پىلانلىشى، تەجرىبە ئېلىپ بېرىشى، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشى جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئېنىق تەربىيىلەش مەقسىتى، يولى، مېتودى بار بولغان جەريان بولغاچقا، بىز مۇشۇ مەكتەپ مائارىپىغا ئاساس بولۇدىغان، بالىمىزنىڭ مەكتەپ مائارىپىدا مائارىپ نىشانىغا تېخىمۇ تېز يېتەلىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىغان، لېكىن تېخى ئېنىق، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىغان، بىرەر قانۇننىڭ مەجبۇرلاش كۈچىنى ئارقا تىرەك قىلمىغان ئائىلە مائارىپى ھەققىدە كۆپرەك توختىلىمىز. دۆلىتىمىزدە ‹‹دۆلەتتە دۆلەتنىڭ، ئۆيدە ئائىلىنىڭ قانۇنى بار›› دېگەن گەپ بار. لېكىن بىزدە ئائىلىنىڭ رولى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، ئائىلىدىمۇ بىر زۆرۈر قانۇننىڭ بولۇشى، ئائىلىلەردە قانۇن تۈزۈش تېخى مىللىتىمىزنىڭ دىققەت مەركىزىدىن ئورۇن ئالمىغان تېما. ئەلۋەتتە بۇ يەردە قىستۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، قانۇن–تۈزۈملىرى مۇكەممەل دۆلەت ئۇزاق مۇددەت، ئىزچىل راۋاجلىنىش ۋە كۈچىيىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغاندەك، ئېنىق ئائىلە قانۇنى بار ئائىلىلەرمۇ ئۇزاق مۇددەت گۈللىنىش، كۈچىيىش، زورىيىش، بەختلىك ياشاش ئاساسىغا ئىگە بولالايدۇ. ئائىلىلەردە ھەممە ئادەم رىئايە قىلىدىغان ئېنىق ۋە كەسكىن قانۇن–نىزاملارنى تۈزۈش بۈگۈن بىزنىڭ ئائىلىلىرىمىز جىددىي ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. پەرزەنت تەربىيىلەش ۋە پەرزەنت تەربىيىلەشكە پايدىلىق تارماق قانۇن–نىزاملارنى تۈزۈش ئائىلە مائارىپىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.

ئائىلە تەربىيىسىدە تۈنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىش بالىنى قانداق تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت نىشانىنى بەلگىلەش؛ ئىككىنچى قەدەمدە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈش؛ ئۈچىنچى قەدەمدە نىشانغا يېتىشنىڭ

ۋاستىسىنى تاللاش؛ تۆتىنچى قەدەمدە مۇشۇ جەرياننى نازارەت قىلىدىغان قانۇن–نىزاملارنى بېكىتىش كېرەك.

ئاتا–ئانا ئۆز پەرزەنتىنى يەتكۈزمەكچى بولغان نىشاننى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن (ئەلۋەتتە، نىشان ۋە پىلان ئىلمىي، ئىجرا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولۇشى كېرەك. لېكىن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلىشى ناتايىن. ئەمما نىشان بىلەن تەربىيىلەنگەن بالا كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ نىشان بويىچە تەربىيىلەنمىگەن بالىلاردىن ئارتۇق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ) تۈنجى قىلىدىغان ئىش بالىدا دۇنيا قاراش تىكلەش.

دۇنيا قاراش ئادەمنىڭ دۇنيانى تونۇشىدىكى تەپەككۇر سىستېمىسىدۇر ياكى بالىنى مۇستەقىل ھالدا ئۆز نىشانغا يېتەكلەپ مېڭىشتا پەرق ئېتىش، شاللاش، تاللاش ئىقتىدارى بىلەن تەمىنلەيدىغان سىستېمىدۇر. بۇ سىستېما ئىچىدە غايە بالىغا ماياكقا ئوخشاش يول باشلايدۇ. ياخشى ئۆگىنىش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش مېتودى بالىنى ئۆز يولىدا مۇستەھكەم مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ناۋادا دۇنيا قاراش توغرا ۋە ئىلمىي بولسا، پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىپ ۋايىغا يېتىشى ئوڭاي بولىدۇ. دۇنيا قاراش بىر ئۆمۈر بالىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ خۇددى كومپيۇتېرغا قاچىلانغان ئىلغار مۇلازىمەت سىستېمىسىغا ئوخشايدۇ. لېكىن دۇنيادا دۇنيا قاراشلار بەك كۆپ بولۇپ، ئىلغارلىرىمۇ، قالاق، زەھەرلىكلىرىمۇ بار. كالللىسىغا قايسى خىل دۇنيا قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق كۆز قاراش قاچىلانمىغان ياكى سىستېمىلىق دۇنيا قاراش قاچىلانمىغان بالىلار ناھايىتى ئوڭايلا ناچار دۇنيا قاراش ۋە سۈيئىستېمال قىلىنغان دۇنيا قاراشنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، كاللىغا قاچىلىنىشقا تېگىشلىك نەرسە قاچىلانمىسا، ئەلۋەتتە ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن قاچىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم بىر نۇقتا، سىز بالىغا قانداشلىق نۇقتىسىدىن ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۆزىڭىزنىڭ توغرا دەپ قارىغان دۇنيا قاراشلىرىڭىزنى سىڭدۈرۈپ، بالىغا ھەممە نۇقتىدىن ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك. قانداشلىق نۇقتىسىدىن دادا بولۇپ، ئىدىلوگىيە ۋە ياشاش ئۇسۇلى نۇقتىسىدا بالىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويساق، بالىنى ئۆزىمىز تېپىپ، باشقىلارغا باققىلى بەرگەندەك ئىش بولىدۇ، خالاس. قانداشلىق داۋاملاشقان بىلەن ئەنئەنە ۋە تەپەككۇر شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۈزۈلىدۇ–دە، تۇخۇم تۇغۇپ غورىلاينىڭ بېقىشىغا بەرگەن كاككۇكقا

ئوخشاپ قالىمىز. دۇنيادا ئۆز بالىسىغا قانداشلىق نۇقتىسىدىن ئىگە بولۇپ، روھ ۋە تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئىگە بولۇشقا قىزىقمايدىغان جانلىقلاردىن پەقەت ئىنسانلا بولىسا كېرەك.

بۈگۈن بىز ئىنتېرنېت ۋە نىسبەتەن ئەركىن دۇنياۋى ئالاقە تۈپەيلىدىن ئەنئەنىۋى چېگرىلارنىڭ چەكلىمىسى بۇزۇلۇپ، ھەرخىل دۇنيا قاراشلار ئۆزئارا ئەركىن رىقابەتلىشىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. چېگرا ئاتلىغان مەتبۇئاتلار ئىزچىل كاللىمىزدىكى دۇنيا قاراشلار سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلماقتا. بۈگۈن ھەتتا سودا گۇرۇھلىرىمۇ مېڭىنى يۇيىدىغان ھەرخىل تاكتىكىلار بىلەن قوراللىنىپ كاللىمىزدا ئۆزىگە پايدىلىق دۇنيا قاراش تىكلەپ، ئۆز مەھسۇلاتىنى سېتىش ئارقىلىق پايدا ئېلىش، قىممەت يارىتىش كويىدا بولىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە دۇنيا قاراشلار رىقابىتى ئىچىدىن توغرا دۇنيا قاراش ياكى تەپەككۇر سىستېمىسىنى تاللاپ چىقىپ، پەرزەنتىمىزنىڭ كاللىسىغا قاچىلىماق ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. ھەتتا بەزىدە بىز پەرزەنتىمىزنىڭ كاللىسىغا قاچىلىماقچى بولغان دۇنيا قاراش بىلەن مەكتەپ ۋە جەمئىيەت قاچىلىماقچى بولغان دۇنيا قاراش ئوخشىماي قېلىشىمۇ مۇمكىن.

لېكىن ئېيىتقىنىمىزدەك بولسۇن، سىزدىكى دۇنيا قاراش ئەڭ مۇكەممەل ۋە نوچى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بۇ نۇقتىدا دۇنيا قارىشىڭىز تولۇقلاشقا ۋە تۈزىتىشكە، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولسا، پەرزەنتىڭىزگە دەل ئەشۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن دۇنيا قاراشنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىڭىزنىڭ كونا دۇنيا قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالماسلىقىڭىز كېرەك. چۈنكى دۇنيا قاراشمۇ ئىسلاھ قىلىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋايىغا يېتىدۇ. تارىختىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلگەن.

مەلۇم بىرنەرسىنىڭ ماختىلىشى كەينىدە قانداق ئارقا كۆرۈنۈش بار؟ ئۇلار ماختاش ئارقىلىق كاللىڭىزدا ئۇ نەرسە ھەققىدە قانداق قاراشنى تىكلىمەكچى؟ كاللىڭىزدا ئۇ نەرسىگە نىسبەتەن مەلۇم قاراشنىڭ تىكلىنىشى سىزگە پايدىلىقمۇ ياكى شۇ قاراشنى تىكلىگۈچىگە پايدىلىقمۇ؟

دۇنيا قاراشنى تاللاشتا تەجرىبىدىن ئۆتكەن، ئادەمنى نادانلىق ۋە جاھالەتتىن يىراق قىلىشقا پايدىسى بار، ئادەمنىڭ تەن ۋە ئەقىل، زېھىن ئىمكانىيىتىگە ئۇيغۇن، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىلىم–پەن بىلەن، دۇنيانىڭ يارىلىش قانۇنىيىتى بىلەن قارىمۇقارشى بولمىغان قاراشنى تاللاش كېرەك. ئاندىن ئاددىي ۋە ئۇنۇملۇك ئۇسۇل ئارقىلىق بالىنىڭ كاللىسىغا بۇ دۇنيا قاراشنى ئورنىتىشقا باشلاش كېرەك.

مېنىڭچە، دۇنيادا كاللىدا ئورناشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئادەمنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ ئەقلىنى ئۆتكۈر قىلىدىغان دۇنيا قاراش ۋە ئىگىلىگەنسېرى ئادەمنى بەختىيار ۋە قۇدرەتلىك قىلىدىغان، چىن مەنىدىكى بەختكە قاراپ چەكسىز يېقىنلاشتۇرۇدىغان بىلىم ئەگىشىشكە، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ توغرا–خاتالىقىنى مۇشۇ نۇقتا بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە. بەزى ھاللاردا بىلىش ئاۋۋال ئازابلىقتۇر، كېيىن بىلىشنىڭ چىن مەنىسىنى ھېس قىلغاندا راھەتلىكتۇر. شۇڭا دەسلەپتە بىلىشنىڭ ئازابلىق بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ نادانلىق ۋە بىلمەسلىك تۈپەيلىدىن بەختىيار ۋە غەمسىز بولۇشقا ئىنتىلمەسلىك ۋە باشقىلارنى ئاشۇنداق خاتا يولغا باشلىماسلىق كېرەك. قىينچىلىق بىلەن تولغان بىر مۇھىتتا ياشاۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناۋادا ھېلىقى ئادەم ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن قوراللانغان بولسا قىينچىلىق ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا باشلايدىغان قورال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ناۋادا بۇ كىشىنىڭ كاللىسىدىكى دۇنيا قاراش قالاق بولسا، راھەتلىك بىر دەۋردە تۇغۇلالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قاقشايدۇ.

دۇنيا قاراش تىكلەشتە، بولۇپمۇ ئۆزىنى تونۇش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان دۇنيا قاراشنى ئەۋلادلىرىنىڭ كاللىسىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالدۇرۇشتا يەھۇدىيلار بىلەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش جەريانى ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. يەھۇدىيلار 2000يىلدىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارىلىپ كەتكەن، ئۇخشمىغان تىللارنى ئانا تىل قىلىش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن مىللەت بولسىمۇ، ئىزچىل ھالدا يەھۇدىيلىق كىملىكىنى يوقىتىپ قويمىدى، ھەتتا يەھۇدىيلار بىلەن تويى قىلىشقان باشقا مىللەتلەر ئارقىلىق مىللىي تويىنىڭ گەۋدىسىنى كېڭەيتىپ تۇردى. يەھۇدىيلار بىلەن تويلاشقان باشقا مىللەت كىشىلىرى يەھۇدىيلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. شۇڭا ھازىر دۇنيادا تۆت خىل

ئىرقتىكى يەھۇدىيلارنى تېپىش مۇمكىن. ھەرقانداق يەھۇدىي ئائىلىسى بالىسى تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۇنى ياخشى تەربىيىلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كاللىسىغا يەھۇدىي دۇنيا قارىشىنى ئورنىتىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىي دۇنيا قارىشى بىلەن نەچچە ئاي بولسىمۇ قوراللىنىپ قالغانلار دۇنيادىكى ھەرقانداق مەدەنىيەتلىك مىللەتنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئوڭايلىقچە يەھۇدىي كىملىكنى يوقاتمايدۇ.

جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يەھۇدىيلارغا ئوخشاشلا دۇنياغا ئىنتايىن كەڭ تارالغان، ئۆزىگە خاس ئىقتىسادىي كۈچ بەلبېغى ھاسىل قىلغان، تەسىرى ئىنتايىن چوڭ مىللىي توپ. ئۇلار قايسى دۆلەتكە بېرىپ ئورۇنلاشسۇن جۇڭگولۇقنىڭ مىللىي كىملىكنى ۋە جۇڭگوچە دۇنيا قاراشنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا سىڭدۈرۈشنى مۇھىم ئائىلە تەربىيە مەزمۇنى قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار خەنزۇ تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مىللىي كىملىكنى ئۇنتۇمايدۇ ۋە شارائىت بولۇپ قالسا ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق بولۇشتىن ئىبارەت مىللىي كىملىكنى نامايان قىلىدۇ. خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكنى تولۇقلاشقا كىرىشىدۇ.

تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، بىز بۇ يەردە يەھۇدىي ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ئەڭ ئىلغار دەپ تەرىپلىمەكچى ۋە بۇ ئىككى دۇنيا قاراشنىڭ دومبىقىنى چالماقچى ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش يېتىلدۈرۈش جەريانى ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلىشىدىكى بەزى ئىلغار جەريان ۋە سىستېما، مېتودلارنى ئۆگىنىپ قويۇش كېرەك.

بۈگۈنكى جۇڭگو مائارىپى دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئۆزىگە نىشان قىلىپ مېڭىۋاتىدۇ. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەرس ئىسلاھاتىمۇ شۇ سەۋەبتىن دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ مائارىپىدىكى ئىلغار نۇقتىلارنى ئەڭ زور كۈچ بىلەن ھەزىم قىلىشقا، ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ نۇقتا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىشى كېرەك.

تەپەككۇر سىستېمىسى بولغان دۇنيا قاراش ئادەمنىڭ ئىدىيىسىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قانداق كۆزىتىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا قەدەر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن قوراللانغانلار

بىلىپ-بىلمەي ئوخشاش سەۋىيە ۋە ئوخشاش ئەقلىي ئىقتىداردىكى ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمۇ ئوڭاي بولىدۇ.

بەزىلەر بالا تەربىيىسىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىنى دۇنيا قاراش سىڭدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى باسقۇچى، دەپ تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. لېكىن كېسىپ ئېيتىشقا بولىدىغىنى، دۇنيا قاراش ئالدىدا ئاڭ پەيدا بولغاندىن باشلىنىپ ئىزچىل چوڭقۇرلىشىپ ماڭىدىغان نەرسە. تۇنجى دۇنيا قاراش ئەڭ ئاۋۋال ئەڭ ئاددىي تىل بىلەن ئەڭ ئاددىي ھالدا چۈشەندۈرۈلۈپ، مۇشۇ ئاساستا بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بالىنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئەقلىنى يېتىلدۈرۈشكىچە، خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتىن پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈرۈشكىچە ئايرىم-ئايرىم نىشان ۋە پىلان بولۇشى كېرەك.

ئادەت يېتىلدۈرۈش بۇ جەرياندىكى ئەڭ مۇھىم نىشانلارنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك. بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ بىر ئۆمرى نىشان ۋە پىلاننىڭ نەتىجىسى بولۇپ، قالغانلىرى شەكىللەندۈرگەن ئادەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بالىدا ئادەت يېتىلدۈرۈش بالاغەتكە يەتكۈچە ئېلىپ بېرىلمىسا، ئورنىنى مەڭگۈ تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان خىزمەتتۇر.

پەرزەنتلىك بولغان ھەممە ئادەمنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى ناتايىن. شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالا تەربىيىلەش ئۈچۈن پېداگوگ بولمىغان، بالا تەربىيىلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلمىغان، دەپ يۈرگىچە تەييار بار ئۇسۇللاردىن پايدىلانسا، ئۆز مىللىتىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىدىن(چۈنكى بالا تەربىيىلەشمۇ مەلۇم دەرىجىدە سىزنى ئوراپ تۇرغان مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ) ئۆلگە ئالسا، شۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلسا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بالا تەربىيىلەش جەريانىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقىلى بولىدۇ.

قىستۇرۇپ قويىدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، بالا تەربىيىلەشتە يېتەكچى ئىدىيە (قانداق تەربىيىلەش، قاچان تەربىيىلەش دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بېرىدىغان يېتەكچى خاراكتېردىكى ئىدىيىلەر)گە ئېرىشىش مۇھىم

بولۇپلا قالماي، جەريانغا ئېرىششمۇ ھەممىدىن مۇھىم. جەريان قانداق كىتابلارنى ئوقۇش، قانداق ئىشلارنى قىلىش، ئەتىگەن قانداق قىلىش، كەچتە قانداق قىلىش، يەسلىدىكى بالا ئۈچۈن قانداق قىلىش، مەكتەپتىكى بالا ئۈچۈن قانداق قىلىش دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزدە ھازىر جەريان ۋە تەدبىردىن كۆرە يېتەكچى ئىدىيە كۆپ بولۇپ، قەدەمنى قانداق، قەيەردىن ئېلىش ھەققىدىكى ئەمەلىي تەدبىرلەر نىسبەتەن ئاز. ناۋادا مىللىتىمىزنىڭ پېداگوكلىرى مانا مۇشۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان بولسا، بىزنىڭ بالا تەربىيىلەش خىزمىتىمىز يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ ئائىلىۋى بەختىن تېخىمۇ ھۇزۇرلىنالىغان بولاتتۇق.

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى

## ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىدا نېمە كەم؟

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

2009–يىلى 10–ئاينىڭ 8–كۈنى شۋېتسىيە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ باھالاش ھەيئىتى بۇ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ مېغىزلىق شېئىرلىرى ۋە تۈز، ئۇدۇل چىققان نەسرىي ئەسەرلىرى ئىشسىزلار توپىنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن گېرمانىيە ئايال يازغۇچىسى خېرتا مېللىرغا بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

خېرتا مېللىر 1952–يىلى رۇمىنىيىدىكى گېرمان تىلىدا سۆزلەيدىغان ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بىر كىچىك كەنتتە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى 1982–يىلى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان ‹‹ئېدىرلىق›› ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، رۇمىنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەقىپ قىلىشىغا ئۇچرىغان. 1984–يىلى يەنە شۇ كىتابىنىڭ سېنزور قىلىنمىغان نۇسخىسى مەخپىي ھالدا گېرمانىيىگە ئەۋەتىلىپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ

قەلىمى ئاستىدىكى رۇمىنيە تەۋەلىكىدىكى گېرمان تىلىدا سۆزلەيدىغان كىچىك كەنتنىڭ ھېكايىسى گېرمانىيىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ‹‹بۇرۇقتۇم تانگو ›› ناملىق كىتابى رۇمىنيىدە نەشر قىلىنغان.

شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەينى چاغدا رۇمىنيە مەتبۇئاتى بۇ ئەسەرلەردىن تازا رازى بولمىغان. لېكىن گېرمانىيە مەتبۇئاتى بۇ ئەسەرلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رۇمىنيىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنى ئاشكارا تەنقىد قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن چەكلەنگەن.

1987-يىلى مىيللىر ئېرى بىلەن بىرگە گېرمانىيىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە رۇمىنيە ھۆكۈمرانى نىكولاس چيئوسكۇ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان.

مىيللىر بىلەن تونۇشىدىغان رۇمىنيىلىك مۇخبىر ئەمىر خۇلسىيانۇنىڭ دېيىشىچە، مىيللىر رۇمىنيە قوغداش ئەترىتىنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن رۇمىنيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەينى چاغدا مىيللىر تىمىشۇئارا شەھرى ئەتراپىدىكى بىر كىچىك زاۋۇتتا تەرجىمانلىق قىلغان. كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ خىزمەتتىن بوشىتىلغان.

مىيللىرنىڭ ئاتا-ئانىسى گېرمان تىلىدا سۆزلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، دادىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەسكەر بولغان. ئۇرۇشتىن كېيىن رۇمىنيە تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇن گېرمان قان سىستېمىسىدىكىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا سۈرگۈن قىلىنغان. مىيللىرنىڭ ئاتا-ئانىسمۇ شۇ قاتاردا ئوكرائىنادىكى بىر ئەمگەك لاگېرىدا بەش يىلنى ئۆتكۈزگەن.

مىيللىرنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرى گېرمان تىلىدا يېزىلغان. لېكىن بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئىنگلىز، فرانسۇز، ئىسپان تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەشھۇرراق ئەسەرلىرىدىن ‹‹يول خېتى›› ، ‹‹ بىر پۇتى بىلەن ساياھەت قىلىش›› قاتارلىقلار بار.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ مېللىرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ياۋروپادىكى ۋېرگىنىيە ۋورف مۇكاپاتى قاتارلىق نۇرغۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. بىر نەچچە قېتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەمما ھەر قېتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا ئۇنىڭ ئىسمى چىقماي قالغان. شۇڭلاشقىمىكىن بۇ يىل ئۇ ئۆزىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ئىشەنمەي تۇرۇپ قالغان. ئاۋۋال كۈلگەن، كېيىن يىغلىغان. يوپۇرۇلۇپ كەلگەن مەتبۇئات مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى رەت قىلغان.

تېخمۇ قىزىقارلىق يېرى، بۇ يىل شۋېتسىيىدىكى نوپۇزلۇق ئەدەبىياتچىلار نوبېل مۇكاپاتى چوقۇم بىر شائىرغا بېرىلىدۇ، دەپ قارىغان. ھەتتا گېرمانىيە ئەدەبىيات ساھەسى بىلەن بىر قىمار شىركىتى بۇ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئىسرائىلىيە يازغۇچىسى ئاموس ئوزغا بېرىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان.

مۇكاپات نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەر يىلقىدەك بەس-مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان. بەزىلەر نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ھەيئەتىدىكىلەر ياۋروپالىقلارغا يان باستى، دەپ قارىسا، بەزىلەر مېللىردىنمۇ قابىلىيەتلىك يازغۇچىلار بار ئىدى، دەپ غودۇراشقان. ھەتتا بەزىلەر مېللىرنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت رومىنىيەدە ياشىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە نىكولاس چىئوسكۇنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ قورقۇنچە، ئېزىلىش ئىچىدىكى تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەنلىكى، مۇشۇنداق شارائىتتىكى مېللىرنىڭ قورقۇمسىز روھى ئۇنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىششىدىكى تۈپ سەۋەب، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئەتىدىكىلەر ئىزچىل ھالدا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ يېغىرىغا تەگكەن يازغۇچىلارغا باشقىچە كۆزدە قارايدۇ، دەپ قارىدى.

‹‹ مېللىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر كۈچ بار. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بەك ئالاھىدە، سىز بىرەر ۋاراق ئوقۇپلا بۇ ئەسەرنى مېللىرنىڭ يازغانلىقىنى بىلۋالالايسىز. ئۇنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ رومىنىيىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەينى چاغدىكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان›› دەيدۇ شۋېتسىيە ئەدەبىيات

ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى. (ئەسكەرتىش: بۇ يەردىكى بەزى مەلۇماتلار خەنزۇچە پايدىلىنىش خەۋرى ۋە يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ 10–ئاينىڭ 9–كۈنى ۋە 10–كۈنلىرىدىكى سانىغا ئاساسەن تەييارلاندى)

ئادەمنى ھەيران قالدۇرغان بىر نەتىجە بۇ يىل نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ئىچىدە ئاياللارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، خەنزۇچە ‹‹پايدىلىنىش خەۋرى›› گېزىتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، مىللىر تارىختىن بۇيان نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 12–ئايال ئەدىب ئىكەن.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ سانىغاندا ئۇلارنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە ئىكەن.

2009–يىلى گېرمانىيىلىك خېرتا مىللىر مۇكاپاتلاندى.

2007–يىلى ئەنگلىيىلىك دورىس لەيسىن مۇكاپاتلاندى.

2004–يىلى ئاۋستىرىيىلىك ئەلفرىد يېلىنېك مۇكاپاتلاندى.

1996–يىلى پولشالىق ناسۋالا سىمبورسكا مۇكاپاتلاندى.

1993–يىلى ئامېرىكىلىق تونى موئېرسۇن مۇكاپاتلاندى.

1991–يىلى جەنۇبىي ئافرىقىلىق نادىم گېدىمۇ مۇكاپاتلاندى.

1966–يىلى شۋېيتسىيىلىك نىللىر ساكس مۇكاپاتلاندى.

1954–يىلى چىلىلىق جابرىللا مىسترال مۇكاپاتلاندى.

1938–يىلى ئامېرىكىلىق پىرول بروك مۇكاپاتلاندى.

1928–يىلى نورۋېگىيىلىك ۋېنست مۇكاپاتلاندى.

**1926**–يىلى ئىتالىيىلىك گېلاچىيا دالىدا مۇكاپاتلاندى.

**1909**–يىلى شۋېتسىيىلىك سېرما لاگېلوف مۇكاپاتلاندى.

گەرچە بۇ **12**ئايال يازغۇچى يۈز يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان تارقىتىلىۋاتقان نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىدا چوڭ نىسبەتنى ئىگىلىيەلمىسىمۇ **1990**–يىلدىن بۇيان ئالتە ئايال يازغۇچىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇشى دۇنيا مىقياسىدا ئايال يازغۇچىلارنىڭ كۈچىنىڭ مىسلىسىز كۈچىيىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئالدىنقى **90**يىلدا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئايال يازغۇچىلارنىڭ سانى بىلەن **1990**–يىللاردىن كېيىنكى **20**يىلدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئايال يازغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ تەڭلىششى ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. ئالتە توملۇق چاتما رومان 《ھاررىي پوتېر》نىڭ دۇنياۋى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، ئاپتورى ج.ك.روۋلىڭنىڭ روماندىن كىرگەن قەلەم ھەققى ۋە باشقا كىرىملەرگە تايىنىپ دۇنياۋى ئايال بايلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى، ھەتتا ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ بىر مەزگىل ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىشى ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچە بىر كۈچ سۈپىتىدە دۇنيا ئەدەبىياتىدا بىر قۇتۇپنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر سېلىپ باقساق، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر قىسمىنى ئايال ئاپتورلار ئىگىلەيدۇ. لېكىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئايال ئاپتورلارنىڭ ئورنى ئەر ئاپتورلارنىڭ ئورنىدەك كۆرۈنەرلىك ئەمەس. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئالاھىدە ئورنى–سىرتتا جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا ئەرلەر بىلەن تەڭ قاتاردا قاتنىشىپلا قالماي ئائىلىدە ئائىلىنىڭ ئۇششاق– چۈششەك ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تاماق تەييارلاپ، كىر–قات يۇيۇپ، بالا تەربىيىلىشى–ئايال ئاپتورلارنىڭ قۇرۇلمىسى، ئەسەرلىرىنىڭ سان ۋە سۈپىتىگىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. گەرچە نۆۋەتتە ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئاياللارغا ئېتىبار بېرىش، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلانغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى تەرەپلەردە ئاياللارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرگىنى يوق. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شەكىللىنىپ قالغان ئەنئەنە ۋە ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە بالا تەربىيىسىدىكى تەۋرەتكۈسىز مۇھىم ئورنى خېلى بىر مەزگىللەرگىچە

يەنى جەمئىيەت مەلۇم ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ يوكنى ئۈستىگە ئېلىپ ئايالنى خاتىرجەم قىلغۇچە (خۇددى ئىلغار كىرئالغۇلار ئاياللارنىڭ كىر-قات يۇيۇش ئەمگىكىنىڭ سجىللىقىنى تۆۋەنلەتكەنگە ئوخشاش، بالا تەربىيلەش، قازان بېشى قاتارلىقلارنىڭ يوكنى يەڭگىللىتىشنى كۆرستىدۇ)ماھىيەتلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئاياللارنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغۇشىغا ئوخشاش ئىشلارنى ئۆزگەرتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەلۇم نۇقتىدا بۇ ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى.

ئايال ئاپتورلار يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن ئىشلارنى تۇگەتكەندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇيغۇر ئايال ئاپتورلىرىنىڭ ئەھۋالىنى جۇڭگودىكى خەنزۇ قاتارلىق باشقا مىللەت ئاپتورلىرىغا، بۇ يىل نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مىللىرغا ئوخشاش ئاياللارغا تېخىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. جۇڭگو جەمئىيتى ۋە ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورۇن شۇنىڭدەك مىللىي مەدەنىيەت تۇپەيلىدىن جۇڭگودىكى ئالاھىدە مەدەنىيەت زوناسىغا ئايلانغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەھۋالى يەنە بىر مەزگىلگىچە ئايال ئاپتورلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى ناتايىن.

لېكىن مۇۋەپپەقىيەتكە باھا بېرىشتە ئارقا كۆرۈنۈشكە ئېتىبار بەرسەكمۇ باھالىنىدىغىنى يەنىلا كۆز ئالدىمىزدىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئالاھىدە بولسىمۇ (ئەلۋەتتە دۇنيادا ئىجتىمائىي ئورنى ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن تۆۋەن نۇرغۇن مىللەت ۋە رايونلار بار) لېكىن ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە باھا بەرگەندە ھېچكىم بۇ نۇقتىدىن ئۇلارغا ئېتىبار بەرمەيدۇ ياكى ئۇلارنىڭ سۈپەتسىز، چالا پىششىق ئەسەرلىرىگە ئېسىل ئەسەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئىلمىي ھالدا تونۇپ يېتىپ، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان چىقىش يولى ئىزدىشى ۋە كونسېرى راۋاجلىنىپ كېتىۋاتقان دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئاياللار قوشۇنىدىن ئۆز ئورنىنى تېپىشى كېرەك.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىغا ماس كېلىدىغان چىقىش يولى زادى نەدە؟

ئۆيغۇر ئايال يازغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن قىس ۋاقتى ئىچىدىن يەنە بوش ۋاقىت چىقىرىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرىنى بايقاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

ئۆزىنى ئائىلىسى ئۈچۈن ئاتىغان، ئائىلە بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپلا قالماي جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان بىر ئايال يازغۇچىنىڭ بەك مەھسۇلاتلىق يازغۇچى بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. بۈگۈنكى ئۆيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن تالانتلىق ئايال يازغۇچى-شائىرەلەردىن خالىدە ئىسرائىل، ئايشەم ئەخمەت، تۇرسۇنئاي ھوسەيىن، غەلبە مۇھەممەد، خەلپە ساۋۇت قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتىگە قاراپ باقساقمۇ ئۇلارنى بەك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق دەپ قاراپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ بىرى خالىدە ئىسرائىلنى مىسال قىلساق، يازغۇچى 30يىلشالار ئەتراپىدا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. يىلدا ئېلان قىلىدىغان ئەسەرلىرى ئۇنچە كۆپ ئەمەس. ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى ئىككى يىلدا بىر كىتاب بولغۇدەك ھالەتتىمۇ ئەمەس. لېكىن خالىدە ئىسرائىلنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر جەمئىيەتكە تەقدىم قىلغان ئەمگەكلىرىنىڭ سۈپىتىدىن قارىغاندا ئىمكانىيىتى بولسا تېخىمۇ كۆپ ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ كېتىشىدە گەپ يوق. مېنىڭچە يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتى ئۇنى ئىزچىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن چەكلەپ قويغان ياكى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇدەك كەڭرى ۋاقتى يوق. مېنىڭچە، بۇ خىل يېزىقچىلىق تەقدىرى نۇرغۇن ئۆيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرى بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، كۆپىنچە ئۆيغۇر ئايال يازغۇچىلىرى دۇچ كېلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە يېزىقچىلىق قىلىدىغان ۋاقىتقا ئېرىشىش مەسىلىسىدۇر. بۇنداق ۋاقىتنى باشقا سۆنئىي ئامىللار يەنى ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئىنسابىنى كۈتۈش ياكى ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا ۋاقىت چىقىرىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش، ئۇلارغا مەخسۇس يېزىقچىلىق قىلىش ۋاقتى ئاجرىتىپ بېرىش ھەققىدە جەمئىيەتنىڭ ماقۇللىقىنى كەلتۈرۈش قاتارلىقلار ھەل قىلماق تەس ياكى بۇ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل ئەمەس. ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل ۋاقىت ۋە شارائىتقا ئېرىشمەن، دەپ قىينالغانغا قارىغاندا

ئۆزىدە بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ چەكلىك ۋاقىت ۋە شارائىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاز ۋە ساز ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىدىكى خاس قۇتۇبىنى شەكىللەندۇرۇش. بۇ نۇقتىدا خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق يازغۇچىلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

يېزىقچىلىقنىڭ قانۇنىيىتىدىن قارىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ بار ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەسىرىنىڭ تەسىر كۈچى ۋە بەدىئىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئۇسۇل. مىللىرىغا بېرىلگەن باھا سۆزىدىكى «بىر—ئىككى ۋاراق ئوقۇپلا بۇ ئەسەرنىڭ مىللىرىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن جۈملىلەر بىزنى ئويغا سېلىشى كېرەك. ئۆزىگە خاس يېزىش ئۇسلۇبى، ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئەسەر تىلى شەكىللەندۇرۇشكە كۈچەش ئارقىلىقمۇ مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىغا يامىشىپ چىقىش مۇمكىن.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 12ئايال يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە نەزەر سالساقمۇ بەزى ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاش مۇمكىن.

بىرىنچى، بۇ ئايال يازغۇچىلارغا بېرىلگەن باھا سۆزىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا جەمئىيەتتىكى ئەڭ زىل ۋە سەزگۈر تېمىلار دادىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش، جاھالەتكە قارشى ئىسيانكارلىق ئۇلاردىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر.

ئۈچىنچى، ئۇلار ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانى ئاياللارنىڭ كۆزىدىن كۆزىتىپ، ئەدەبىياتنىڭ يارقىن بىر پەللىسىگە ئۇل سالغان. ئاياللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئەڭ كەڭ تۈردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بولۇپمۇ بۇ يازغۇچىلاردىكى ئىسيانكارلىق روھى، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يۈكسەك بەدىئىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئويلىنىش پۇرستى بىلەن تەمىنلىشى ئادەمنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پروزىدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خاھىش بار. نېمىشقىدۇر شەھەرلىك يازغۇچىلار يېزىلارنى يېزىشقا ئامراق بولسىمۇ، يېزىلارنىڭ ماھىيەتلىك قىسمىنى يېزىشقا ئاجىزلىق قىلغىنىدەك ئەر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاياللارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىش خاھىشى خېلى گەۋدىلىك. گەرچە بۇ دۇنيا ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. بىز ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تۇيغۇلىرىنى چۈشىنەلەمدۇق؟ ئادەم ئۆزى باشتىن كەچۈرمىگەن ئىشنى قانداق چۈشىنىدۇ؟ ياكى ئايال كىشىنىڭ ئىنچىكە تۇيغۇلىرى ئەدەبىي ئەسەرگە ئوخشاش خالىغانچە توقۇپ قويۇشقا بولىدىغان ئىشمۇ؟ ياكى بىز ئاياللارنى ئاياللاردىن بەكرەك چۈشىنىمىز دەپ قارامدۇق؟ شۇنداق دەپ قاراش ئىلمىيلىكمۇ؟

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئايال ئەدىبلىرى ئۈچۈن يېزىشقا تېگىشلىك تېمىلار بەكمۇ كۆپ. لېكىن ئاياللارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەقىقىي ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئوبرازىنى كۆرۈپ بېقىش، ئاياللارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ھېس قىلىش ئادەمنى ئويلاندۇرۇدىغان بىر تېما. ئۇيغۇر جەمئىيىتى تېخى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئالاھىدە ئورنىدىن، ئاياللارنىڭ تەقدىرىدىن مىللەتنىڭ تەقدىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تونۇشتىن ۋاز كەچكىنى يوق. ئۇنداقتا، بۈگۈنكى جەمئىيەت ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ روھىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى؟ بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئاياللىرى نېمىلەرگە يۈزلەندى؟ ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ—خەتەر قايسى؟ پۇرسەت قايسى؟ بۇ مەسىلىلەر ئۇيغۇر ئايال ئەدىبلىرىنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىلىپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلسە قانداق ئەھۋال كېلىپ چىقار؟

ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىدا تالانت كەم ئەمەس. لېكىن ئۇلار بەدىئىي دىت، قانداق يېزىش، نېمىنى يېزىش، سەزگۈر تېمىلارغا قانداق يۈزلىنىش، يېڭى دەۋردىكى تەرەققىيات ۋە ئەنئەنىنىڭ قىسلىچىلىقىدا ئىگراۋاتقان

جەمئىيتىمىز كىشىلىرىنى قانداق قىلىپ بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك.

ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ ۋاقتى ئاز. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار كۆپرەك ئويلىنىشى، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاۋۋال كاللىسىدا پىشۇرۇۋېلىپ، ھەر بىر پارچە ئەسىرىنى نېمىشقا يازغانلىقى، يېزىش ئارقىلىق قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى بولغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىنچىكە ئويلىنىشى، ئاندىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەڭ ئاز سەھىپە ۋە ئەڭ ئاز ۋاقىت ئىچىدە دۇنياۋى مەسىلىلەردىن تارتىپ مىللەت مەسىلىسىگىچە ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى كېرەك.

ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ تەربىيلىنىشى يېتەرسىز. لېكىن ئۇلار مىللىتىمىزنى بۈگۈنكى كۈنگە ئەكەلگەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەقىل—پاراسەت جەۋھەرلىرى جەملەنگەن، جەمئىيەتنىڭ مۇكەممەل ۋە مۇستەقىل بىر پارچىسى بولغان ئائىلىگە ھەممىدىن يېقىن. بۇ جەۋھەر كانىدىن نۇرغۇن جاۋاھىرلارنى سۈزۈپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تەربىيلەپ دۇنياۋى يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش مۇمكىن. كۆزىتىشنى مەشق قىلىش، ئۆزىمىزدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەكۈنگە ئېرىشىش ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ تەربىيلىنىش ۋاستىسىگە ئايلىنىش كېرەك.

خېتا مېللىرىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىششى ئايال يازغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلاش بىلەن بىرگە ئۇلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلدۇ. گەرچە بىز نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئادىل، ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇكاپات دەپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن ئۇنى مۇشۇ ساھەدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مۇكاپات دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. مېللىرنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئۆلگە ئېلىش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆلگە قىلىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرى ئۈچۈن بىر سىناقتۇر.

ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ تالانتى بىلەن كۆزىتىش كۈچى ئەسەرلىرى دۇنياغا تونۇلغان ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئۆزگە كېرەكلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تاپالىسا ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ

مۇۋەپپەقىيەت پرامداسىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تېخىمۇ ئىلگىرىلەش چوقۇم ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. ھەتتا يېقىن كەلگۈسىدە بىزدىنمۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا لايىق كېلىدىغان يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى

مەنبە : شىنجاڭ ئاياللىرى تورى

# ئىرادە ۋە نىشان

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىت بەرقى بىلەن سۆھبەت

خاتىرىلىگۈچى : ئابدۇمىجىت مۇھەممەت

**رىياسەتچى:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سورۇنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئەزىز مېھمانلار، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تېلۋىزور كۆرگۈچىلەر، چىن يۈرەكتىن ـ چىن سۆز پروگراممىمىزنى ياختۇرۇپ كۆرىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز.

بىز بۇ قېتىملىق پروگراممىزدا ئىرادە ۋە نىشان دېگەن تېمىدا سۆھبەتلەشمەكچى، شۇڭا بىز بۈگۈنكى پروگراممىمىزغا، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتوتىنىڭ لىكتورى، ئوقۇتقۇچى ئابلەھەت ئابدۇرېشىت بەرقى ئەپەندىنى تەكلىپ قىلدۇق، قېنى قىزغىن قارشى ئالايلى.

پروگراممىمىزغا ئىزچىل دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان كۆرۈرمەنلىرىمىز بەلكىم دىققەت قىلغان بولىشى مۇمكىن، ئابلەھەت ئەپەندى بىزنىڭ بۇندىن ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىملىق پروگراممىزغا ئالاھىدە مېھمان

سۈپىتىدە قاتناشقان، لېكىن بۇ قېتىمقى پروگراممىزدا بىز ئىجتىمائىي تېمىلاردا ئەمەس، سىزنىڭ ئۆزىڭىز باشتىن كەرچۈرگەن بىر مەيدان بىر قېتىملىق ئىرادە جېڭى توغرۇلۇق پاراڭلىشىمىز.

**رىياسەتچى:** بۇگۈنكى ھسياتىڭىز باشقا چاغلارغا قارىغاندا سەل باشقىچىغۇ دەيمەن؟

**بەرقى:** ئىلگىرىكى پروگراممىلاردا ھەمراھلىرىم بار ئىدى، بۇ پروگراممىدا يالغۇز چىقىپ قالدىم.

**رىياسەتچى:** ئازراق جىددىيلىشىۋاتامسىز؟

**بەرقى:** ياق جىددىيلەشمىدىم.

**رىياسەتچى:** ئۇنداق بولسا سۆھبىتىمىزنى باشلاپ كەتسەك، سىز بىلەن پاراڭلىشى جەريانىدىمۇ ئويلىنىپ قالدىم، نىشان ۋە ئىرادە توغرۇلۇق گەپ بولسا ئالدى بىلەن بىزدە ئىرادە بولىشى كېرەكمۇ ياكى نىشاننى ئېنىق قىلىۋېلىپ ئاندىن ئىرادىنى تىكلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ئاۋال قايسىنى قىلىشىمىز كېرەك؟

**بەرقى:** بۇ مەسىلىگە قارىتا كېسىپ ئېيتىدىغان گېپىم، ئاۋال نىشان بولىشى كېرەك، چۈنكى نىشان بولماي تۇرۇپ ئىرادە تىكلىۋالساق، بۇ ئىرادە نىمە ئۈچۈن تىكلەندى، نەگە بىرىش ئۈچۈن تىكلەنگەنلىكىنى ئېنىق بولمىغان ئىرادە بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا بىز نىشاننى بېكىتىۋالساق ئىرادە بوشراق بولۇپ قالسىمۇ، بىزنىڭ نىشانىمىز ئېنىق بولغاچقا ھېرىپ قالغاندا توختاپ قېلىپ ئەتىسى ھاردۇقىمىز چىققاندىن كېيىن يەنە مېڭىپ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. لېكىن بىزدە نىشان بولمىسا نەگە بارىمىز، نىمە ئىش قىلىمىز ھېچقايسىسى ئېنىق بولمىغاچقا، بىز بېشى يوق چۈشىنىگە ئوخشاش، بىر دائىرىدە پىقىراپ، بارغان يېرىمىز ئېنىق بولماسلىقى مۇمكىن، بىر ئادەمنىڭ دۆڭ كۆۋرۈككە بارىمەن دەيدىغان نىشانى بولسا، چوقۇم شۇ نىشان بويىچە قايسى يول بىلەن ماڭىمەن، قايسى ماشىنىغا چىقىمەن دېگەنلەرنى كاللىسىدا ئانالىز قىلىپ شۇ تەرەپكە قاراپ سىلجىيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ شۇ تەرەپكە بېرىش نىيىتى بولمىسا، نىشانى بولمىسا ئۇنىڭ دۆڭ كۆۋرۈككە بارالىشى ناتايىن.

**رىياسەتچى:** ئالدى بىلەن نىشان ئېنىق بولىشى كېرەككەن شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ شىنجاڭ ياشلىرى ژورنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىر مەيدان ئىرادە جېڭى» دېگەن ماقالىڭىزنى ئوقۇدۇم، ئەڭ دەسلەپتە سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى يېتىلدۈرگەن نىشانىڭىز خەنزۇتىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ئىكەن، لېكىن خەنزۇتىلى ئۆگىنىش جەريانىدا سىز دىققەت قىلماسلىق سەۋەبىدىن مۇئەللىمدىن بىر قېتىم تاياق يەپتىكەنسىز شۇنداقمۇ؟

**بەرقى:** كىچىك ۋاختىمدىن باشلاپ ئاز تاياق يەپ چوڭ بولغاچقا، باشلانغۇچنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاختىمدا تۇنجى قېتىم خەنزۇتىلى دەرستە، سورىغان بەزى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىسەم ئوقۇتقۇچى سۆپۈرگىدىن ئاجرىتىۋالغان تاياق بىلەن كاللامغا بىزنى ئۇرغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىككى كۈن مەكتەپكە بارمايمەن دەپ قېچىپ يۈردۈم، لېكىن ئانام مىنىڭ سىنىپ مۇدىرىم ئىدى. شۇڭا مەكتەپتىن قاچاي دىسەم ئۆيدىن قېچىپ كەتسەم بولىدىكەن، شۇڭا ئاخىرى يەنە مەكتەپكە كىرىشكە مەجبۇر بولدۇم، لېكىن ئىككىنچى قېتىم يەنە تاياق يەپ قالماسلىق ئۈچۈن مەن قايتىدىن ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇڭا بۇنى بىر ئىرادە دېيىشتىن كۆرە تاياق يېيىشتىن، ئىزا ئاڭلاشتىن قورقۇش تۈپەيلى ئۆگىنىش قىلىش دېسەكمۇ بولىدۇ.

**رىياسەتچى:** لېكىن شۇ بىر قېتىملىق تاياق يېيىش سىزنىڭ خەنزۇتىلى سەۋىيىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتىكەن شۇنداقمۇ؟

**بەرقى:** مەن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە قايتا تاياق يىمەسلىك ئۈچۈن باشقا باللارغا ئوخشاش نورمال ئۆگەندىم، لېكىن ئىمتىھان بېرىپ بولۇپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم. مەن تاكى ئالىي مەكتەپكە كېلىپ بولغىچە بولغان ئارلىقتا ئىزچىل خەنزۇتىلى ئۆگەندىم، سىنىپ بويىچە نەتىجەم ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلدى، لېكىن شىنجاڭ سفەن داشۆنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتىتىغا كېلىپ قاراپ باقسام، خەنزۇ تىلى سەۋىيەم سىنىپتىكى 30بالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدىكەن. مەن ئىلگىرى ياخشى ئۆگەندىم دېگەن، لېكىن ئۇ مەن ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ياخشى

ئۆگىنىش ئۆلچىمى ئىكەن، لېكىن تېخمۇ بەك ياخشى ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ قاراپ باقسام، ئاساسەن ھېچنىمە بىلمەيدىكەنمەن.

**رىياسەتچى:** ئاساسلىقى يازغۇچى بولۇش ئارزۇيىڭىز بار ئىكەن، شۇڭا ئالىي مەكتەپتە ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋېتىپسىز، ئالىي مەكتەپكە كېلىپ ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ خەنزۇتىلى جەھەتتە ھەقىقەتەن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن خەنزۇتىلىنى تېخمۇ ياخشى ئۆگەنمىسەم بولمايدىكەن دېگەن ئويغا كەپتىكەنسىز، ھازىر داۋاملىق تۈردە ئانا تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىۋېتىپسىز، مىنىڭ قارىشىمدا يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم خەنزۇتىلىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەكمۇ؟

**بەرقى:** مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا كاللامغا تۇيۇقسىز يازغۇچى بولۇش دېگەن بىر ئوي پەيدا بولدى، لېكىن مىنىڭ كاللامدا يازغۇچى بولۇش دېگەن ئاتنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان نەرسە شۇكى ،مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بىر مەشىق ئەسىرىم تويۇقسىزلار خوتەن« يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىپ قالدى. لېكىن مەن بۇنى ئېلان قىلىنىپ قالار دېگەن ئويدا ئەمەس بەلكى مەن بۇ ئەسەرنى ياخشى يازدىم،ژورنالدىكىلەر كۆرۈپ باقسا دەپ ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئەۋەتكەن، كېيىن بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدىم، ئارىدىن 4ئاي ئۆتكەن ۋاقىتتا بىر بالا ماۋۇ ژورنالدا ئىسمىڭىز تۇرىدۇ دېدى، قارىسام مىنىڭ ئىسمىم شۇ، ئەسەرىمۇ شۇ، بەكمۇ خوش بولۇپ كەتتىم، مەن بۇ خوشاللىق بىلەن ئوچرىغانلىكى ئادەمگە بۇ ژورنالنى كۆرستىپ يۈردۈم، ئارلىقتا تويۇقسىز قەلەم ھەققى كېلىپ قالدى.

**رىياسەتچى:** قانچە پۇل كەلگەنتى؟

**بەرقى:** ئاز بولسىمۇ 10كوي كەلگەن، ئۇ ۋاقىتتا 5موچەنگە بىر تەخسە لەغمەن، 4، 5 موچەنگە ياخشى كىتاب سېتىۋالغىلى بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن 10كوينى ئېلىپ چىقىپ ئۆزۈمدىن بويان سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ

كەلگەن لېكىن پۈلۈم يوق ئالالمىغان كىتابلارنىڭ ھەممىنى سېتىۋالدىم. كېيىن -ھە بۇمۇ بىر ياخشى ياشاش ئۇسۇلى ئىكەن، يازغۇچى بولۇش خىزمەتكە چىقىپ بولغىچە بولغان ئارلىقتا مەلۇم كىرىم مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىش ئىكەن دەپ تېخىمۇ بەك قىزىقتىم. ئەسەرلىرىمنىمۇ ئېلان قىلىنىپ تۇردى، قەلەم ھەققىنىمۇ ئېلىپ تۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلىرىم سەن تەبىئىي پەندە ئوقۇ دىسە ا ئۇنىماي شىنجاڭ سىفەن داشۆنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىندىم. ئالى مەكتەپتە مەن ئىرىشمەكچى بولغان بەزى بىر مەنبە ۋە بىلىملەرنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ماتېرىياللاردا كۆپ ئەمەسلىكىنى ھىس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەينى دەۋردە مودا بولغان گۇڭگا شېئىر قىزغىنلىقى مېنى گۇڭگا شېئىرغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئادەم بىرخىل چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىدىغاندەك ياكى مەن چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن كاللامدا مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنى زادى بىر چۈشىنىپ بېقىش ئويى پەيدا بولدى، لېكىن يەنە ئىرادىسىزلىكىم تۈپەيلى بىرەر يىلدىن كېيىن ئۆگەنسەممۇ بولار دەپ ئويلاپ يۈردۈم، ئارلىقتا يېقىلىپ چۈشۈش سەۋەبىدىن پۇت سۆڭىكىمگە مەلۇم دەرىجىدە دەز كەتتى. تىببىي ئۇنۋېرستىت دوختۇرخانىسى تىزىمغىچە گىپىسكە ئېلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ھەركەت قىلالمايدىغان بولدۇم. ئوقۇتقۇچىلىرىم يۈرتۈڭغا كېتىپ ئارام ئال دېدى، يۈرتۇمغا مېڭىشتىن ئېلگىرى ساۋاقداشلىرىمغا ماڭا خەنزۇتىلى كىتابتىن بىرنى ئەكەپ بەر دەپ تاپىلىدىم. ساۋاقدىشىم ماڭا بىر پارچە رومان ئەكەپ بەردى. ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1990-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى مەن يۈرتقا بارغاندىن كېيىن ئۆرۈق-تۇققان ۋە ئويدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا سىرتقا چىقالمىغاندىن كېيىن، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى باشلاي دەپ كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. مىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلۇم كىتاب ئۇقۇش ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش بولدى.

مەن غايە زور ئىرادە بىلەن كىتابنى ئاچسام بىرىنچى بېتىدە مەن تونۇيدىغان خەنزۇچە خەتلەر 40پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن ،مەن كۆندە بىر بەت ، بىر بەت ئۆگەندىم ،تونۇمايدىغان خەتلەرنى لوغەتتىن ئىزدەپ خاتىرە قالدۇردۇم ئۇ كىتاب تەخمىنەن 230نەچچە بەتلىك كىتاب ئىدى ، تەخمىنەن 20 كۈن بولغان ۋاقتتا، 50بەتكە يېقىن ئوقۇپ بولدۇم ، سۈرئىتىممۇ سەل تېزلەشتى ھەم سەل چۈشەنگەندەك بولدۇم. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كىتابنى تولۇق ئوقۇپ بولدۇم. بىز 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولۇش كېرەك بولغاچقا ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە ماڭدىم، ئۇ چاغدا ئاپتۇبۇس ئۈرۈمچىگە 5كۈندە كېلەتتى، مەكتەپكىمۇ كەلدىم، ئەشۇ كىتابنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشقا باشلىدىم، بۇ قېتىم بىر ئايدا قايتا ئوقۇپ بولدۇم. دەل شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بۇ كىتابقا بولغان چۈشەنچىم تەخمىنەن 80پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن خوشاللىقتا 3 ـ قېتىم ئوقۇدۇم، بۇ قېتىم 10نەچچە كۈندە ئوقۇپ بولدۇم. شۇ ۋاقىتتا بىزگە خەنزۇتىلدىن ئاساس دېگەن كىتابنى ئۆتەتتى، قارىسام بۇ كىتابتا مەن بىلمەيدىغان خەتلەر قالماپتۇ. سىنىپتىكى خەنزۇ تىلدا قالاق بىر ئوقۇغۇچىدىن سىنىپتىكى تونىيدىغان خەت سانى ئەڭ كۆپ، كىتابنى ياخشى ئوقۇپ چۈشىنىدىغان بىر ئوقۇغۇچىغا ئايلاندىم، لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ ، مېنىڭ قولقىم خەنزۇچە ئاڭلىيالمايدۇ ، ئېغىزىم خەنزۇچە سۆزلىمەيدۇ ، ئەمما بىردىن بىر ئالاھىدىلىكىم خەتنى ئوقۇپ تونىيالايمەن، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىلگىرى بىر كىتابنى ئوقۇسام ئىلگىرىكى 40پىرسەنت چۈشىنىدىغان ھالەتتىن 80 ، 90پىرسەنت چۈشىنىدىغان ھالەتكە ئۆزگەردىم، بۇ ۋاقىتتا كىتابنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ 1992 ـ يىلى يازغىچە بولغان ئارلىقتا، مەن سىفەن داشۆنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ خەنزۇچە بۆلىمىدىن دىن ھەر ھەپتىسى چەتئەل ئەدەبىياتى ، بولۇپمۇ مودېرنىزىمغا ئائىت 3، 4 پارچە كىتاب ئاچقىپ ئىزچىل 2يىل ئوقۇدۇم، مەن كىتابتىن بېشىمنى كۆتەرگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، مەندە بىر خىل غەلبە قىلىش خوشاللىقى پەيدا بولدى، بۇ غەلبە خوشاللىقى

منى تېخمۇ بەك تېرىشىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى، مەنمۇ خەنزۇچە ئۆگەنگىنىمنىڭ پايدىسىنى كۆردۈم. كاللامدا مودېرنىزىم ئەمەس ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ خېلى زور دەرىجىدە ئايدىڭلىشىپ قالغان ئىدى.

ھازىر مىنىڭ ئۆيىمدىكى كىتابلىرىمنى 100پىرسەنت دېسەك تەخمىنەن 70پىرسەنتتى خەنزۇچە، 20پىرسەنتتى ئۇيغۇرچە 10پىرسەنت كىتاب ئۆزۈم بىلىدىغان بىر نەچچە خىل تىلدىكى كىتابلار بار. مەن شۇ جەرياندا مۇشۇ كىتابلاردىن غايەت زور بىلىم ئالدىم دېسەم بولىدۇ.

**رىياسەتچى:** سىز ئىنگلىزتىلىنى 30ياشتىن ئاشقاندىراق باشلاپتىكەنسىز، سىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندى كېيىن، سىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولىۋاتسىڭىز نۇرغۇنلىغان ياشلار سىزگە ھەۋەس قىلىدۇ، بولدى مەن مۇئەللىم بولغاندىكىن يەنە ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى يوققۇ دەپ قارايدۇ، سىز نىمە ئۈچۈن يېشىڭىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يەنە ئىنگلىزتىلى ئۆگىنىپ ئۆزىڭىزنى تېخمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

**بەرقى:** مەن 20ياش ۋاقىتلىرىمدا كىتاب ئارقىلىق بىلىش ۋە باشقىلاردىن ئاڭلاش ئارقىلىق بىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى شەكىلدە ئۆزۈمنىڭ بىلىمىنى تولۇقلايتتىم. كېيىن تويۇقسىز بىرسى ماڭا، مەلۇم ياشقا كىرىش ئارقىلىقمۇ ئۆگۈنۈش ئارقىلىق ھس قىلغىلى ،بىلگىلى بولمايدىغان مەلۇم ئىشلارنى ھس قىلغىلى،بىلگىلى بولىدۇ، 30ياشقا كىرگەندە ، 30ياشقا چۈشلۇق نەرسىنى ھېس قىلالايسەن، 40ياشقا كىرگەندە ، 40ياشقا چۈشلۇق نەرسىنى ھېس قىلالايسەن دېگەن، مەن باشتا بۇگەپكە ئىشەنمىگەن.

**رىياسەتچى:** ئۇنداقتا سىز 30ياشقا كىرگەندە نىملەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

**بەرقى:** مەن 30ياشقا كىرگەن تۇرۇپ قاراپ باقسام، ھەققەتەن ئادەمنىڭ يېشى ئادەمگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدىكەن، 30 ياشقا كىرگەندە ھەققەتەن ھس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىلگىرى ھاياتىمغا نەزەر سېلىپ يەكۈنلەپ باقتىم. 30 ياشتىن ئىلگىرىكى ھاياتىم، نىسپەتەن تىرىشچانلىق بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، 30ياشتىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ يەنە بىر نەچچە خىل ئىشنى قىلىپ بېقىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھس قىلىپ نىشان بېكىتتىم. بۇ نىشانلارنىڭ ئىچىدە ئىنگلىز تىلىنى 40ياشقىچە تىرىشىپ ئۆگىنىپ بۇ تىلدا ماتېرىيال كۆرەلەيدىغان ،سۆزلىشەلەيدىغان بولسام، دۇنيانى كۆزىتىش نوقتام يەنە بىر دەرىجە كۆتۈرۈلسە دېگەن پىلانىمۇ بار ئىدى. 30ياشتىن كېيىن شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى، ۋاقىت يېتىشمەسلىك قاتارلىق ئامىللار بىلەن ئىنگلىز تىلىنى بەزى ئۆگىنىپ بەزى تاشلىۋېتىپ، ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالىمدىن ئۆزۈم رازى، 40ياشقا يېقىنلاپ قالغان بولسامۇ، ئىنگلىزچە كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنىپ ئۆزىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ھالغا يەتتىم.

**رىياسەتچى:** بىزدە بىر تىلنى ئارتۇق ئۆگەنسەڭ سىنىڭ دۇنياغا بولغان تونۇشۇڭ، چۈشەنچەڭ، تەپەككۇرۇڭ شۇنچە كېڭىيىدۇ، ئېچىلىدۇ دېگەن بىر گەپ بار. شۇنىڭغا ئوخشاش بىز تىل ئۆگىنىشكە قانچە ئەھمىيەت بەرسەك ئۆزىمىزنىڭ بىلىم دائىرىمىز شۇنچە كېڭىيىپ بارىدۇ، مېنىڭچە سىزنىڭ تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقىڭىز شۇنداق يۇقىرى ئىكەن، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ياشلار تىل ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ، ھەم قايسى تىل ئاسان بولسا شۇ تىلنى ئۆگىنىۋالساق دەپ، ئامال بار شۇنىڭغا قارايدۇ، سىزمۇ ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ياپۇنچە ئاسان ئۆخشايدۇ، دەپ. ياپۇنچىگە قىزىقىپ بېقىپتىكەنسىز ھە؟

**بەرقى:** ئەشۇ چاغلاردا مەكتەپكە بىر پارچە ئېلان چاپلىنىپتۇ، ئەشۇ ئېلاندا ياپون تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۇيغۇرتىلى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاش باشقا تىللارغا قارىغاندا ئۆگەنمەك ئاسان دېگەن مەزمۇنلار بار ئىكەن،

شۇنىڭ بىلەن كالللامدا، خەنزۇتىلى ئۆگىنىپ بەك زېرىكىپ كەتكەن بولغاچقا، تەس خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ قېينىلىپ يۈرگىچە، ماۋۇ ئاسان ياپۇن تىلىنى ئۆگىنىپ بىر تىل بىلىدىغان بولۇپ يۈرمەيلىمۇ، دەپ،سىنىپتىكى 30بالىدىن تەخمىنەن 20نەچچە بالا شۇ كۇرۇسقا قاتناشتۇق، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قاراپ باقسام، ياپۇن تىلى مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەسكەن. ئىچىدە خەنزۇچە خەت ناھايىتى كۆپ ئىكەن، شۇڭا مەن خەنزۇچە ئۆگەنمەي تۇرۇپ ياپۇنچە ئۆگىنەلمەيدىغانلىقىمنى ھەم شۇ دەۋردە ماڭا ئەڭ لازىم بولىدىغىنى يەنىلا خەنزۇتىلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۇرۇستىن چىقىپ كەتتىم. بىر ئاغىنەم شۇ چاغدا چاخچاق قىلىپ بۇ ئاغىنەم ياپۇنىيەگە بارىمەن دەپ بوخەي دېگىزىدىن قايتىپ كەلدى دېگەنتى، لېكىن مەن بوخەي دېڭىزىدىن قايتىپ كەلگەن بىلەن قالغان 20نەچچە ساۋاقدىشىمنىڭ ھەممىسى ياپۇنىيەگە بارماي يېنىپ چىقتى، داۋاملاشتۇرالمىدى. ئەمىلىيەتتە، ئالىي مەكتەپنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھەممە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدا چەتئەل تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بولىدىكەن، بۇ قىزغىنلىق بىزنىڭ سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئىچىدە «ب د ت» نىڭ خىزمەت تىلىنىڭ ھەممىسنى ئۆگىنىپ باققان ھالەتنى شەكىللەندۇرگەن ئىدى. مەسىلەن: ئىنگلىزتىلى ئۆگىنىپ بېقىپ زېرىكسە فىرانسۇزچە ئۆگىنىپ، بىكارغا ئەرەب تىلى ئۆگەتسىدىكەن دىسە ئەرەب تىلى ئۆگىنىپ بېقىپ ئەڭ ئاخىردا بىزنىڭ سىنىپتىكى باللارنى بىر يەرگە يىغساق، ب د ت نىڭ بەش خىل خىزمەت تىلىدا ياخشىمۇسىز، خەيىر ـ خوش دېگەننى دىيەلەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن.

**رىياسەتچى:** قانداقلا ئىش قىلمايلى؛ مەيلى تىل ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلاردا بولسۇن يەنىلا ئىرادە بولۇش كېرەك ئىكەن، ئىرادە بولغاندىمۇ سىزنىڭ كەچۈرمىشىڭىزگە قاراپ باقسام ئىرادىڭىز سەل كۈچىيىپ، سەل ئاجىزلاپ بىرپىتۇ، خۇددى تاشپاقىغا ئوخشاش توختاپ، توختاپ يەنە ئاخىرى ئۆزىڭىزنىڭ نىشانىغا يېتىپتىكەنسىز ھە؟

**بەرقى:** ئىرادە دېگەن مەسىلىگە كەلسەك مەن كىچىكىمدىن باشلاپ ئىرادىلىك ئادەمگە ھەۋەس قىلاتتىم، ئەمما ئۆزۈم ئىرادىلىك ئەمەستىم.

**رىياسەتچى:** سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە قانداق ئادەم ئىرادىلىك بولىدۇ؟

**بەرقى:** بىر ئىشنى باشلىغاندىن كېيىن ئاخىرىغىچە ئېلىپ چىقالايدىغان ئادەم ئىرادىلىك بولىدىكەن، ماڭا ئوخشاش ئارلاپ توختاپ قىلىپ، يەنە دەۋاملاشتۇرىدىغان ئادەملەر سەل ئىرادىسىز ھېسابلىنىدىكەن.

**رىياسەتچى:** قاراپ باقسام سىز، «مۇشۇ مىنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانىم» دەپ بىرلا نىشانغا ئېسىلىۋالمايدىكەنسىز، مىنىڭچە سىزنىڭ ئۆگىنىش دائىرىڭىزنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ نىشانىڭىز يوقىرىلاپ، يىراقلاپ ماڭىدىكەن شۇنداقمۇ؟

**بەرقى:** مەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەن يەتمەكچى بولغان بىر نەچچە نىشاننى بەلگىلىدىم، بۇ مىنىڭ غايەم بولۇپلا قالمىسۇن دەپ ئويلاپ مەن بۇنىڭغا كونكرېت پىلان بېكىتتىم. مەسىلەن: مەن پالانى ئىشنى قىلماقچى، بۇنى قاچان قىلىمەن 10يىلدا قىلىپ بولالامدىم ياكى 20يىلدىمۇ، ئۇنداق بولسا 10يىلدا قىلىپ بولىمەن دىسەم، دەسلەپكى ئىككى يىلدا نىمە ئىش قىلىمەن كېيىنكى يىلدا نىمە ئىش قىلىمەن دەپ، بۇ 10يىلنىمۇ مەن بىر نەچچە پارچىگە بۆلدۈم، بۇ پارچىلارنىمۇ كونكرېت بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئاشۇ 10يىللىق پىلانغا يېتىش ئۈچۈن بۈگۈن مەن نىمە ئىش قىلىمەن دەپ، ئېنىق نىشانلارنى بېكىتتىم، نىشان بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن كاللامدا ئۆزۈمگە بېرىپ قويغان ۋەدە بار، يەتمەكچى بولغان نىشان بار، شۇنىڭ بىلەن ئىرادىمۇ غىدىقلىنىپ تۇرىدىكەن، بەزى چاغلاردا قېيىپ كېتىپ 4 ، 5 كۈن ئويناپ كېتىپ قالىدىغان، نىشاننى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالىدىكەن، لېكىن ئۇنتۇلۇپ قالسىڭىزمۇ يەنە «توختا مىنىڭ

يەتمەكچى بولغان نىشانىم بار» دەپ ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلەيدىكەنسىز، ئەڭ ئاخىرىدا دېگەن نىشانغا يېتەلمىسىڭىزمۇ شۇنىڭغا خېلى يېقىلاپ قالىدىكەنسىز، شۇ جەرياندىمۇ ئادەم نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشىپ قالىدىكەن.

**رىياسەتچى:** هازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رىقابەت ناھايىتى كۈچلۈك، ئەمدى شۇ دەرس مۇنبىرىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋاملىق ئىتراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن داۋاملىق ئۆگىنىش كېرەك شۇنداقمۇ؟

**بەرقى:** بۇ گېپىڭىز توغرا، لېكىن بىر ئوقۇتقۇچى دەرس مۇنبىرىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قالىمەن دەپ تىرىشسا ساقلاپ قالالمايدۇ. نىمە ئۈچۈن دېگەندە ئۇنىڭ نىشانى بەك ئاددى، دەرس دەرس مۇنبىرىدىكى ئورنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن دېگەن ئادەم ئالدىقاچان شۇ ئورنىنى ساقلاپ قالالمىغان بولىدۇ. لېكىن مېنىڭ نىشانىم سەل يۇقىرى، مەن ھەرگىز مەكتەپتىكى دەرس مۇنبىرىدىكى ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەك يۇقىرى نىشانلار بار. مەن هازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىمەن، بەلكىم مەن هازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەڭ قېرى ئاسپىرانت بولسام كېرەك، لېكىن مېنىڭ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشۇمدا ئىككى سەۋەب بار.

بىرىنچىسى: مەن ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشنى، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنىمەن دەيدىغان ھاياتلىق شەكلىنى تاللىۋالغان، مەن مۇشۇنىڭغا مايىل.

ئىككىنچىسى: 20يىل نەچچە ياش ۋاقتىمدا غەربلىك بىر تەتقىقاتچىنىڭ ـ ئادەم كاللىسىنى قانچە ئىشلەتسە كاللىسى شۇنچە سەگەك ياش تۇرىدۇ، كىم كاللىسىنى ئىشلەتمىسە شۇ ئادەم شۇ ئاسان قېرىپ كېتىدۇ دېگەن، شۇڭا مەن تېخىمۇ بەك ياش تۇرۇش قېرىپ كەتمەسلىك، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ساق تەپەككۇرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن

كاللامنى توختماي ئىشلىتىش كېرەككەن، ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇلى ـ يېڭى ئۆتكەللەرنى ئالدىن تۈزۈتۈپ جەڭ ئېلان قىلىپ كاللىمىزنى بىلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك ئىكەن.

شىنجاڭ داشۆدىكى ئوقۇشۇم بەلكىم ئالتە يەتتە يىلدا تۆگىشى مۇمكىن، ئۆزىمىنىڭ كەسپىگە ئائىت جۇڭگودا بار ئوقۇش تورىنىڭ ئەڭ يوقىرى دىپلوملىرىنى ئېلىپ بولغىچە ئوقۇماقچى.

**رىياسەتچى:** ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارى بولسۇن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسۇن تەپەككۇر جەھەتتە سەل پىشىپ يېتىلمىگەن، لېكىن يېڭىلىققا داۋاملىق ئىنتىلىپ تۇرىدىغان مەزگىل بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە نىشاننى سەل ئېنىق قىلىۋالمىسا قېيىپ كېتىدىغان ياكى ئىرادىنىڭ بوشلىقى تۈپەيلىدىن نىشان، غايە تەسەۋۋۇرنىڭ ئورنىدىلا قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بۇ جەھەتتە قانداق قىلىشى كېرەك؟

**بەرقى:** بۇ سۇئالنى ناھايىتى ياخشى سورىدىڭىز، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىلى 15يىل بولدى، بۇ جەرياندا باللار بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىپ تۇرىمەن، مۇشۇ ئۇچرىشىش جەرياندا ھېس قىلغان ئەڭ مۇھىم نەرسەم ـ ئوقۇغۇچىلاردا غايە ناھايىتى ياخشى، لېكىن نىشان يوق، ئۇلار ئۇلۇغ ئىشلارغا غايە قىلىپ قويۇپ بۇنى نىشان سۈپىتىدە بەلگىلىۋالماي، غايە سۈپىتىدە ساقلايدۇ. نىشان بارمۇ؟ دىسە، بار دەيدۇ ـ دە غايىسىنىڭ نىملىكىنى دەپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولسا نىشانغا قاچان يەتمەكچى؟ قانداق يەتمەكچى دەپ سورىسىڭىز ھەممىسى دودۇقلاپ تۇرىدۇ. 18ياشقا كىرىپ ئالىي مەكتەپكە كىلىپ، سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، بىزنىڭ باللىرىمىزدا ھاياتىغا نىسبەتەن بىر ئىنىق نىشان شەكىللەنمىسە بۇ نىمە بولغىنى دەپ ئويلىسام. بۇ تولۇق ئوتتۇرىدىن كېلىپ چىققان مەسلە ئىكەن، ئۇ تولۇقسىزنى مەنبە قىلغان ئىكەن، ئېنىق دېسەك ئاتا ـ ئانىلاردا غايە تەربىيىسى بېرىش مېتودى يوق بولۇش بىلەن بىرگە نىشان بېكىتىپ بېرىدىغان تۈزۈم يوق ئىكەن. بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز كىچىك ۋاختىمىزدىن باشلاپ بىزدە بىرخىل غايىنىڭ بولۇشىغا ناھايىتى

كۆچەيدىكەن ، باللار كىچىك ۋاقتىدا دوختۇر بولىمەن ، ئوقۇتقۇچى بولىمەن دىسە ۋاي ـ بالام ئوقۇتقۇچى بولىمەن دېدى ، دوختۇر بولىمەن دېدى دەپ شۇنداق خوش بولۇپ كېتىدىكەن ، لېكىن بالىسىغا دوختۇر بولۇش ئۈچۈن مۇنداق ئىش قىلىش كېرەك ، ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن مۇنداق ئىش قىلىش كېرەك ، مۇنداق يوللارنى بىسىش كېرەك دېگەنلەرنى تەكىتلەپ،بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن مېڭىش كېرەك بولغان يوللارنى ئىزچىل ئىسىگە سېلىپ تۇرمايدىكەن ، بەزى چاغدا ئىسىگە سالغاننىڭ نىمە پايدىسى دەپ ئويلايدىكەن ، كىچىك باللارمۇ مەن ئوقۇتقۇچى بولىمەن ، دوختۇر بولىمەن دىسەم ئاتا ـ ئانام خوش بولىدىكەن دەپ جەمىيەتنى ئۆزىنى خوش قىلىپ ،شۇ گەپلەرنى تولا دەپ دوختۇر بولۇش ، ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن قانداق يوللارنى مېڭىش كېرەك مەسىلىلەرنى ئويلىمايدىكەن . شۇڭا مىنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان تەكلىپىم ـ كىچىك باللاردا غايە يېتىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئاشۇ غايىگە قانداق يېتىش ،غايىنى نىشان قىلىپ ئۇنىڭغا قانداق يېتىشجەريانىنى ئۆگىتىش كېرەك . كىچىك باللار قارىماققا مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھېس قىلالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ ، لېكىن بىز بۇ توغرۇلۇق باللارغا سۆزلەۋەرسەك ، پىكىرلىشىۋەرسەك ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەڭ ئاددى تىللار بىلەن نىشان بەلگىلەشنىڭ ئۇسۇلىنى ھەر بىر ئىشنىڭ كونكرىت قەدەم باسقۇچلىرىنى ئۇلارغا ئۆگەتسەك ،بالا بىر قانچە يىل ئىچىدە غايە بولىشى مۇھىم ئىش ئىكەن ،لېكىن غايە بولۇپلا قالماي يەنە نىشان بولمىسا بولمايدىكەن ، نىشان بولۇپ كونكرىت پىلان بولمىسا بولمايدىكەن ، پىلان بولۇپ ئىرادە بولمىسا تېخىمۇ بولمايدىكەن دېگەندەك بىر قاتار ئۇقۇملارنى ئېگىلىۋالالايدىكەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىش قىلمىقى ، ئىرادە ، نىشان تىكلىمىكى ، ناھايىتى ئاسان بولىدۇ . مەسىلەن: مەن ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە يېزىقچىلىق ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس بېرىمەن ، دەرس بەرگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان باللارغا بەزى يوللارنى كۆرسىتىمەن ، بەزى باللار مىنىڭ بۇ ئۈگۈنۈش يوللىرىمنى قوبۇل قىلغانلىقى ، نىشان بېكىتكەنلىكى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى . مەن ئويلايمەن ، ئەينى دەۋردە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا

باسقۇچىدا مىنىڭ ئېنىق نىشانىم بولغان بولسا، نىشاننى پىلانغا ئايلاندۇرالىغان بولسام، مەن ئەينى دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا تېگىشلىك بولاركەنمەن. سىز بايام سۆزلەپ ئۆتكەندەك بەزى ئىشلارنى قىلدىم، مەلۇم دەرىجىدە جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ ئېرىشتىم، لېكىن، ئەينى دەۋردە مەن ئېنىق نىشان، ئېنىق پىلان، ئاندىن ئۇنى يۈرگۈزىدىغان ئىلمىي جەريان بولغان بولسا مىنىڭ بۇ نەتىجىلىرىم نەچچە ھەسسە قاتلانغان بولاتتىكەنتۇق. مەن بۇنى 30ياشقا كىرگەندە ھېس قىلدىم، لېكىن 60 ياشقا كىرگەندە مەن ماۋۇ ئىشلارنى قىلماپتىمەن، ماندىق ئىشلار تۈپەيلى ماۋۇ ئىشلار كەم قاپتۇ دەپ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈم ھازىردىن نىشانلىق ۋە پىلانلىق ياشاشقا باشلىدىم.

**رىياسەتچى:** لېكىن ھازىر سۆزلىرىڭىزدىن ھېس قىلدىم، ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىل ھاياتىڭىز شۇ نىشان، غايىلىرىڭىزنى ئېنىق بەلگىلىۋالمىغىنىڭىزغا ئۆكۈنىدىكەنسىز ھە؟

**بەرقى:** ھەئە، شۇڭا مىنىڭ ئويۇم سىز مىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن سىز ئاۋال مەكتەپنىڭ پىروگراممىسى نىمە، سىزنى نەگە ئاپارماقچى، بۇنى بىلىۋالغاندىن كېيىن سىز مۇشىنىڭغا ماس ھالدا ئۆزىڭىز پىلاننى تۈزۈپ چىقىڭ، پىلاننى تۈزگەن ۋاقتىڭىز ئۆزىدە غايىنى پىلان دەرىجىسىگە كۆتىرىۋالىماي، پىلاننىڭ جەمىيەت تەرىپىدىن كارغا كەلمەيدىغانلىقى ۋە ياكى بۇ پىلاننىڭ ئىلمىي پىلان بولمىغانلىقىنى ھېس قىلساق، يەنە قايتا پىلان تۈزسەك بولىدۇ، لېكىن ھەرگىز بۇ پىلاننى تۈزۈپ بولۇپتىمەن، لېكىن سىناپ باقاي دەپ قالساق، زىيان تارتىدىغىنى يەنە ئۆزىمىز بولۇپ قالىمىز.

**تاماشىبىن:** مەلۇم بىر ماتېرىيالدا كۆرىشىمچە، دۇنياغا داڭلىق خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتى نىشان توغرىلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش، ستاتىستىكا ئېلىپ بارغان، ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇرغان، بۇلارنىڭ

ئىچىدە مۇقىم ئۆزۈن مۇددەتلىك نىشانى بار ئوقۇغۇچىلار، 10پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەن، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك نىشانى بولغان، خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇقىم نىشانى بولمىغان، 20يىلدىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىلارغا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا نىشانى قانچە مۇقىم ئەمەلى نىشانى ئۈچۈن تىرىشالىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنى شۇنچە يۇقىرى بولغان. قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىمۇ شۇنچە چوڭ بولغان، دېمەك بۇ يەردە بىزگە ئىنتايىن مۇھىم بولۇۋاتقان بىر نەرسە باي‍ام ئابلەت مۇئەللىم دەپ ئۆتكەندەك ئۆزۈمىزگە ماس كېلىدىغان ئېنىق بىر نىشاننى بەلگىلىۋېلىش، ئاندىن ئاشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قەدەممۇ ـ قەدەم ئىلگىرىلەش تولىمۇ مۇھىم.

**تاماشىبىن:** تىرىشچانلىق ۋە ئىرادە ئۈستىدە گەپ بولغاندا، مەن چىن كۆڭلۈمدىن سۆيىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ روھىنى سىغىنىدىغان بىر ئادام بار، ئۇ بولسىمۇ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك تىلشۇناس مەھمۇد بۇۋىمىزدۇر. نىمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسە دىگەندە، مەھمۇد بۇۋىمىز، ئەرەب خەلقى بىلەن تۈرك خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە توسقۇنلۇق بولىۋاتقان تىل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر لوغەت تۈزۈشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان. ۋە دەشتى چۆللەرنى كېزىپ داۋانلار ئېشىپ، ئۇيغۇر خەلقىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈرك خەلقى پەخىرلەنگۈدەك «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت قامۇس خاراكتىرلىك ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. سەن نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق دەيسەن دېگەندە، مەھمۇد بۇۋىمىز مۇشۇ جەرياندا بىزگە، بولۇپمۇ ياشلارغا ئىرادە دېگەن قانداق بولىدۇ، نىشاننى قانداق تىكلەش كېرەك، قانداق قىلغاندا مۇستەقىل ئىشلىيەلەيسەن، قانداق قىلساڭ جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايسەن دېگەندەك بىر چاقىرقنى يەتكۈزۈپ بەرگەن دەپ ئويلايمەن.

**مېھمان:** مەسلەن: بىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن نىمە كەم دېگەندە، غايە ۋە نىشان ئىنتايىن كەم. مەن بەزىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپ قالىمەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نىمە ئىش قىلماقچى، نىمە ئىش قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟ دەپ سورىغان ۋاقتىمدا ئۇلار ئوقمايمىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر گەپ بولار دەيدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ كېيىن نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭكى نىمە ئىش قىلماقچى، جەمىيەتكە زادى قانداق بىر ئادەم بولماقچى دېگەنلەر توغرىلىق ئويلىنىپ باقمىغان تۇرسا ئۇلارنىڭ كىلەچىكى نىمە بولماقچى؟ شۇڭا بۇ بىر ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك ئىش.

**رىياسەتچى:** بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزدە شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، مەيلى بىز قانداق نىشاننى تۇرغۇزمايلى، بۇنىشاننى تۇرغۇزغاندىن كېيىن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرىشىمىز كېرەك، ھەمدە كۈچلۈك ئىرادە تىكلىگەندىلا ئاندىن ئۇلۇغۋار غايە ۋە نىشانىمىزغا يېتەلەيمىز.

شۇڭا بىز بارلىق ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ھازىرقى ھەربىر مىنۇتنى ئوبدان، چىڭ تۇتۇشنى «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماي»ھەرقانداق ۋاقىتىمىزنى تىرىشچانلىق بىلەن، ئەجىر مېھنەت بىلەن ئۆتكۈزىشنى تەۋسىيە قىلىمىز، جاپا چەككەندىلا ئاندىن ھالاۋەتنى كۆرەلەيمىز، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەندىلا، پارلاق ئەتىگە ئېرىشەلەيمىز.

بۈگۈنكى پىروگراممىمىز تۈگىدى

ئۈرۈمچى تىلىۋىزىيە ئىستانزىسى، «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر پىروگراممىسى» مەخسۇس بۆلۈمى

# قەشقەر تەسراتلىرى

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

## خام بازىرى

ھېيتگاھقا يېقىن بىر يەردىكى خام بازىرىدا تاماق يېدۇق، لېكىن بۇ يەر خام بازىرى دەپ ئاتالغىنى بىلەن خام سېتىلىدىغاندەك قىلمايتتى. خۇددى ئۇردا ئالدى دېگەن يەردە ھازىر ئوردا بولمىغاندەكلا.

قارىسىڭىز ھەممە جاي يېڭى، ھەتتا ھېيتگاھنىڭ ئالدىمۇ يېڭى، 1000يىللىق تارىخى بار قەشقەر قەيەرگىدۇ كېتىپ قالغاندەك... مەن كېلىپ قالغىنى باشقا بىر قەشقەردەك.

لېكىن زامانىۋى كوچىلار ۋە زامانىۋى بىنالار ئارىسىدىكى قەشقەرگە خاسناملار ئادەمنى ئويغا سالاتتى. گۈزەر، جانان كوچىسى، دۆلەتباغ دېگەن ئىسىملاردىن بىر خىل تارىخ، سىرلىق ھېكايىلەر پۇراپ تۇراتتى.

تۈمەن دەرياسى ئادەمگە دەريادىن كۆرە كەچمىشلەر ئېقىندەك، تۈمەنىمىڭ كەچمىشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، كەچمىشلەرنىڭ قىرتاقلىقىدىن قىزىل بولۇپ قالغان بىر دەريادەك تەسىر بېرەتتى.

خەلق مەيدانىدىكى ماۋزېدۇڭنىڭ غايەت زور ھەيكىلى يولنى ئالدىدىكى يولنى ئادەم ۋە ماشىنا ئېقىنى دېسەك ئارتۇق كەتمەيتتى. ئاشۇ يولدا پۈتۈن قەشقەر ئېقىپ باراتتى.

خىيالدىن قايتىپ كەلدىم. شاپ بۇرۇت مۇلازىم قەشقەر تەلەپپۇزىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خېرىدار چاقىرىپ تووۋلاشقا باشلىدى.

مەن قەدىمىي قەشقەرنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى قەشقەرنىڭ يەر ناملىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

كۆزۈمگە ۋاز كېچىش بىلەن قوبۇل قىلىش، تەرەققىيات بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس مۇساپە ئىچىدە قەشقەر شەھىرى ئەللەيلىنىپ ياتقاندەك كۆرۈپ كەتتى.

## كېسەل

ھېيتگاھقا كېتىۋېتىپ يول بويىدا تامغا يۆلىنىپ ياتقان بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. قەلەندەر ئوخشايدۇ دەپ قارىدىم، لېكىن تۇرقىدىن قەلەندەردەك قىلمايتتى، كېسەلمىكىن دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئالدىدىكى بىر پارچە گېزىتنىڭ ئۈستىگە نەچچە موچەن پارچە پۇل ۋە يېرىم نان تاشلاپ قويۇلغانىدى. قىسقىسى ئۇ قارىغان ئادەمگە غەلىتىلا تۇيغۇ بېرەتتى. كىيىۋالغان كىيىملىرى بەكمۇ ئۆزگىچە، رەڭگىنى ئۇققىلى بولمايدىغان كاستۇم بىلەن بادام دوپپا بۇ كىشىنى قەلەندەر ئەمەستەك قىلىپ كۆرسەتتى، لېكىن ھېچنىمىگە پەرۋاسىز يېتىشى، چىرايىغا ئولىشىۋالغان چىۋىنلار قارىغان ئادەمنى بۇ كىشى كېسەلمۇ ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن تىلەمچىلىك يولىغا كىرگەن ئادەممۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرەتتى.

يېتىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ بۇرۇتلىرى قاملاشقانىدى، ئاياغ چوتكىسىدەك تومۇ ۋە قارا بۇرۇتلىرى سالپىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئادەمگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرەتتى. قارىغاندا ئىلگىرى نوچى ئۆتكەن كىشى بولسا كېرەك، گەۋدىلىك ۋە زور كۆرۈنەتتى. لېكىن بۇرۇتلىرى ئەتراپىغا، كالپۇكلىرىغا نۇرغۇن چىۋىن ئولىشىۋالغانىدى. مەن بۇ كىشىنى ئۆلۈپ قالغانمىدۇ ياكى ھوشىدىن كەتكەنمىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ يۈزىدە مىرىلداپ تۇرغان چىۋىنلار تېنىمنى جۇغۇلدىتاتتى. بىر چاغدا ھېلىقى كىشىنىڭ قولى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا قوزغىلىپ ئېغىزىنى سۈرتتى، چىۋىنلار

قېچىشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ چاغدا يېنىك تىن ئالدىم، ھاياتكەن دەپ ئويلىدىم. لېكىن بۇ قول جاۋىغايلىرىنى سۇرتۇۋېتكەندىن كېيىن خۇددى جىنى قالمىغاندەك يەنە شالاققىدە يەرگە چۈشتى.
كېتەي دەپ ئويلىدىم ـ يۇ، كېتەلمىدىم. پۈتۈن بەدىنىنى كىر باسقان بىر كىچىككىنە قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ ئاۋۋال ھېلىقى كىشىنىڭ ئاياغلىرىنى پۇرىدى، ئاستا ـ ئاستا قوللىرىنى پۇرىدى ۋە ئاخىر بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ شۆلگەي ئاققان جاۋغايلىرىنى پۇرىدى.
قوغلا، بۇ نىجاسەت ئىتنى قوغلا! دەپ خىتاب قىلدىم كۆڭلۈمدە. لېكىن ھېلىقى كىشىدىن ھېچقانداق سادا يوق. ئىتنى مەن بولسامۇ قوغلىۋېتەي دېدىم ـ يۇ، تۇرۇپ قالدىم، چۈنكى دەل شۇ چاغدا ھېلىقى كىشى ئېرىنچەكلىك بىلەن يەنە بىر قېتىم مىدىرلىدى. لېكىن ئىتنى ھەيدىمىدى، كۆزلىرىگە قونۇۋالغان چىۋىننى ھەيدىمىدى. ئاۋۋال يېنى بولۇپ، ئاندىن تۈيۈقسىز لوڭگىدە ئۆرە بولدى، لېكىن قېچىپ بىر نەچچە قەدەم يىراققا بېرىپ تۇرغان ئىتقا ياكى چىرايىدىكى بىزەڭلىك بىلەن ئۇچماي تۇرغان چىۋىنلارغا دىققەت قىلمىدى، ماڭمۇ قاراپ قويمىدى. ئەمما بىر قولى بىلەن گېزىت ئۈستىدىكى پارچە پۇلنى قاماللاپلا يانچۇقىغا سالدى ۋە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدىم، ھېلىقى ئېرىنچەك ئادەم ياكى ھۇرۇن قەلەندەر شۇ لۆكۈلدەپ ماڭغان پېتى ھېيتگاھ يېنىدىكى بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى، شۇ چاغدا يېنىك تىن ئالدىم. شۇ كېچىسى پۈتۈن بەدىنىمگە چىۋىن قونۇۋالغان، لالما ئىتلار ئېغىزىمنى يالىماقچى بولغاندەك كۆرۈنۈشلەر كۆزۈمگە تولا كۆرۈنۈپ، چىۋىندىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن دەپ ئۆرۈنۈپ، سىلكىنىپ يۈرۈپ ناھايىتى خاتىرجەمسىزلەندىم. كۆڭلۈمدە ئاجايىپ بىر ئارزۇ: ئاشۇ ئادەم يۈزىدىكى چىۋىنلارنى غەزەپ بىلەن قوغلىغان، ئېغىزىنى پۇرىغان لالما ئىتنى زەردى بىلەن تەپكەن بولسا قانداق بولار ئىدى ـ ھە! راھەتلىنىپ كېتەرمىدىم؟ قىسقىسى، قەشقەردىن كېتىپ بولغۇچە مۇشۇ تۇيغۇدىن قۇتۇلالمىدىم.

## ملك يول

ئۇ ئىسمى بىر مىسرا شېئىرغىلا ئوخشايدىغان، تاغلار ئارىسىدىكى بىر كەنت. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ مۇش يېزىسىدىكى ملك يول كەنتىگە كىرىپ كەلگەندە كاللامدىن شۇ ئويلار كەچتى.
تاغنىڭ تىك تۆۋىنىدىكى ئېقىن بويىدا شەكىللىنىپ قالغان ئوتلاققا ئىككى كالا باغلاپ قويۇلغانىدى. بىز چۈشكۈن قىلغان جاينىڭ ئىككى مېتىر نېرىسىدىن مۇزدەك بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. سۈندۈك قاتارلىق قۇشلار ئەتراپتا ناھايىتى چاققانلىق بىلەن دانلاپ يۈرەتتى، ئاسمان شۈنچىلىك سۈزۈك ۋە كۆپكۆك.
نېمىشقا بۇ بىر كىچىك كەنتنىڭ نامى ملك يول بولۇپ قالدى بىلەلمىدىم. كەنتنىڭ قىرغىز ئاھالىسىنىڭ قولىدىن ئوغلاق كاۋىپى يەۋېتىپ قىرغىز كىشىنىڭ يوغان، قاتمال گەۋدىسىگە، كونا شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىن قىلچە قېلىشمايدىغان قەشقەرچە پۇراقتىكى ئۇيغۇرچە گېپىگە ئۈنسىز دىققەت قىلدىم. قىرغىز كىشىنىڭ گەۋدىسىدىن قوشۇلۇۋاتقان بىر مەدەنىيەتنى ۋە ئورتاقلىقنى سەزدىم، كۆڭلۈم يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.
يېنىمىزدىن نەچچە كىچىك بالا قوي ـ ئۆچكىلەر توپىنى ھەيدەپ ئۆتتى. ئاۋۇسى قىرغىز، ماۋۇسى ئۇيغۇر دېدى يېنىمدىكىلەر. لېكىن مەن ئۇلارنى زادى پەرقلەندۈرەلمىدىم. قارىغاندا ھېلىقى باللارنىڭ كاللىسىدا مەن قىرغىز، مەن ئۇيغۇر دېگەن ئوي زادى يوقتەك قىلاتتى، ئۇلار گويا مەدەنىيەت، نام ۋە مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئويلاپ كۆرمىگەن ۋە ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈپ يۈرمىگەن يەردە مەن نېمىشقا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ يۈرەي ۋە پەرقلەندۈرەلەي؟ ئۆزۈمنىڭ ئويلىرىغا كۈلۈپ قويدۇم.

## قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى

قەشقەرگە كېلىۋېتىپ بىر لوزۇنكىغا يېزىپ قويۇلغان »شىنجاڭغا كەلمىسىڭىز جۇڭگونىڭ چوڭلۇقىنى، قەشقەرگە كەلمىسىڭىز شىنجاڭنىڭ سىرلىق ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالمايسىز، شىنجاڭغا كەلگەن ھېسابلانمايسىز« دېگەن خەتلەرنى كۆردۈم.

مەن ئۇلۇغلۇقنى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە قاتلاملىرىدىن ئايرىشقا ئادەتلەنگەن بىر ئادەم بولغاچقا، ھېلىقى ۋىۋىسكىنىڭ تەسىرىدە قەشقەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قەيەردىن كۆرۈش مۇمكىن دېگەن ئوي كاللامدىن چىقمىدى.

مەن ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغلۇق بۈگۈنمۇ ئۇلۇغ بولۇشىنىڭ ئىسپاتى بولالىشى ناتايىن دەپ قارىغاچقا، قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تارىختىن ئىزدىمىدىم. كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر سوئال: بۈگۈنمۇ قەشقەرنى ئۇلۇغ قىلىپ تۇرغان ئامىللار بارمۇ؟

ئايىغى چىقمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان تار كوچىلاردىن كېتىۋېتىپ قەلبىمدە بىر تېڭىرقاشنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنچىلىك زىچ ئۆيلەر، بىر ـ بىرسىنىڭ ئۈستىگە سېلىۋالغان قەۋەتلىك ئۆيلەر، چىندەك پاكىز سۈپۈرۈلگەن كوچا... ئۇلۇغلۇق كەڭ يوللاردا بولۇشى، ھەيۋەتلىك بىنالاردا بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ لېكىن قەلبىم نېمىشقىدۇر قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ مەخپىيىتى مۇشۇ يەردىمۇ يا دەپ ئويلاپ قالدى. چۈنكى قەۋەتلەرنىڭ ئارىسىغا تارىخ قىستىلىپ كەتكەندى.

كوچىلار تار بولسىمۇ، كىشىلەر ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈشەتتى، قىستىلىشىپ قالمايتتى. بۇ كوچا تار بولسىمۇ قەلب كەڭ دېگەن مەنتىقىگە ۋەكىللىك قىلامدۇ ـ يا؟

ئەتىگەندە مېھمانخانا يېنىدىكى ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈنلا ئېچىلغان بىر ئاشخانىدا قېرىن توغراپ ئېتىلگەن ئۇماچ ئىچتىم. ئاشقازىنىم شۇنداق راھەتلىنىپ قالدى، ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئىللىق پوزىتسىيەسى بىلەن ئاشخانىدىن قورساق توق ۋە ئازادە كەيپىيات ئىچىدە يېنىپ چىقتىم.

قەشقەر كونا شەھەرلىك يىگىتلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ماروژنا سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان، ماروژنا ساتقان پۇلدىن مەلۇم نىسبەتتە ئايرىۋېلىپ مۇددەتلىك ھالدا قەشقەردە پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇرسۇنجان ئىسىملىك تىجارەتچىنىڭ ئىنسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. تۇرسۇنجاننىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆتكۈر سوئاللىرىدىن كۆرە تۇرسۇنجاننىڭ ماروژنا سېتىپ تاپقان پۇلنىڭ نىسبىتىنى ئايرىپ پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشىدىن ئىبارەت ئىش كاللامغا كىرىۋالدى.

كېچىسى ئۇزاق چۈش كۆرۈپتىمەن، چەكسىز ئاسماندا يېگانىلىق ئادىل ھوشۇر بىر تال پولات سىمنىڭ ئۈستىدە تۈز يولدا ماڭغاندەك مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

كاللام يورۇپ كەتتى، قەشقەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى چۈشۈمگە كىرگەنىدى. بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ يەنە بىر ئۇچى سېتىلىۋاتقان ماروژنىدىن تارتىپ مېھمانخانا ئالدىدىكى بوشلۇقتا بېغىدىن چىققان ئەنجۈرلەرنى ماختاپ سېتىۋاتقان ئۆسمۈرنىڭ يىرتىقىدىن باشمالتىقى چىقىپ قالغان ئايىغىغا قەدەر تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

*********************

مەنبە: <تارىم> ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ 9 ـ سانى

# بىر ئادەمنىڭ ھېكايىسى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

### مۇقەددىمە ئورنىدا

ياشلار ئالى مەكەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھاياتىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ۋە يەڭمەك تەس تىگىرقاش باسقۇچىغا دۇچ كېلىدۇ، مەكتەپتىكى چېغىدا نىمنى ئۆگۈنۈش، نەدە تۇرۇشتىن تارتىپ ھەممنى مۇئەللىملەر بېكىتىپ بەرگەچكمۇ مەكتەپ ياتاقنى بوشۇتۇشنى تەلەپ قىلغاندا ئاندىن ئۇلار ئۆزىنى ئېگىسىز قالغاندەك ھىس قىلىپ ،كۆزنگە ناتونۇش، سوغۇق كۆرۈنگەن جەمىيەتكە تەييارلىقسىز جەڭچى جەڭگە ئاتلاندەك يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، مەكتەپتىكى چېغىدىكى بىغەم كۈنلىرىنىڭ ھېسابىنى ئەشۇنداق بېرىدۇ،گاڭگىرايدۇ ،قىينىلىدۇ.ھەرقېتىم ئەنە شۇنداق پەرۋاسىز ،نىشانسىز ،نېمە قىلىشنى بىلمەي يۈرگەن باللارغا مەسلىھەت بەرمەكچى بولغىنىمدا دائىم دوستۇم تۇردىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا بىر ئۆلگە، قايىل قىلارلىق ئەندىزە سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ، ئۇ باشقىلار ئورۇنلىششىنى ئارزۇ قىلغان ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىپ، ئۇلار كۈتكەن تەلەپتىن ئاشۇرۇپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، شۇ ئورۇندا تېخىمۇ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئېرىشىدىغان ياكى ئېرىشەلەيدىغان ۋاقتتا ھاياتىدىكى يېڭى مەنزىل ئۈچۈن،كەلگۈسى پىلانى ئۈچۈن تەجرىبە توپلىغىلى خىزمەت ئورنىنى تاشلاپ كەتتى.ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئىقتىدارى ئارقىلىق خىزمەت ئورۇنلىرىنى شاللىدى. بۇ بۈگۈنكى ئىشقا ئورۇنلۇشۇشقا ئېھتىياجلىق ياشنى ئىش ئورنى ياراتمايۋاتقان ئەھۋالغا سېلىشتۇرما.مانا شۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ھايات يولىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ قىممتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلىمەن، ياشلار ئوتتۇرا مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇپ ئالى مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن بەل قويىۋېتىدۇ، ئالى مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن ھەممە تەقدىرى كاپالەتكە ئىگە بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ، ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىر يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم بەل قويىۋېتىدۇ، ئۆگۈنۈشتىن ئىبارەت بۇ زېرىكىشلىك مەشغۇلاتتىن ئاخىرى قۇتۇلدۇم دەپ ئويلايدۇ. ئەمليەتتە ئۆگۈنۈش مەڭگۈلۈك باش تېما.ئادەم ئۈزلۈكسىز ئۆگۈنۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ھاياتنى كۆچنى ياش پېتى ساقلىيالايدۇ.يېڭى سىناقلارغا دادىل يۈزلىنەلەيدۇ. ھاياتتىكى قىيىن تاللاشلارغا دادىل، قورقماي يۈزلۈنۈش، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەگلەكلەردىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش بەكمۇ مۇھىم. دوستۇم تۇردىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى بۇ نوقتىدا نۇرغۇن ياشنىڭ ئۆلگە ئېلىشىغا ئەرزىيتتى.

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى. كومپيۇتۇرىمنىڭ قاتتىق دېتال قىسمىدىن چاتاق چىقىپ ئاغىنەم تۇردى لېتىپقا تېلېفون قىلدىم . تۇردى ۋە ئۇنىڭ شىركىتىدىكى تېخنىكلار ھەر قېتىم كومپيۇتۇرىمدىن چاتاق چىقىپ قىزىل بايراق يولىدىكى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ كومپيۇتۇر بازىرىدىكى كومپيۇتۇرنى بىر چۇۋۇپ قويۇپلا مانچە پۇل ئالىمەن دەپ تۇرىۋالىدىغان تېخنىكلارمۇ ئامال قىلالمىغاندا بىردەمدىلا كومپيۇتۇرىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بېرەتتى . تۇردىنىڭ يانفونى خېلى ئۇزاق ئۇلانماي تۇرغاندىن كېيىن بىر چاغدا ، مەن تېلېفوننى قويىۋېتەي دېگەندە ئۇلىنىپ تۇردىنىڭ ئايالى مەريەم تېلېپوننى ئالدى ۋە تۇردىنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كەرىفور تاللا بازىرىنىڭ يېكەنكۆل تارمىقىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى . ئەسلى تۇردىنىڭ تېلېفونى ئائىلە ۋە شىركەت بويىچە تورلاشتۇرىۋېتىلگەن ئىكەن . ئاپلا دەپ قالدىم . مەن تېخى بايىلا ،تۇردىغا تېلېفون ئۇرماستىن بۇرۇن ، بىر تۈركۈم ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان نامايىشچىلارنىڭ كەرىفۇر بازىرىنىڭ ئەتراپى ۋە يېكەنكۆل مەيدانىدا قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدىم . كۆپىنچە يوللاردا قاتناشقا چەك قويۇلغان بولۇپ ۋەزىيەتتە بىر خىل جىددىيلىك ھۆكۈم سۈرەتتى . ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى تۇتالمىغان نامايىشچىلار ئالدىغا ئۇچرىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەت ئاھالىسى بىگۇناھ ئۇۋالچىلىققا قالغان ئىدى.

مەن ئەمدى تۇردىنىڭ تىنچ –ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنىڭ يەنە بىر تېلېفونىنىڭ نومۇرىنى باستىم . كاللامدا نامايىشچىلار يەنە ھاياجانلىنىپ كېتىپ ، ئۆزىنى تۇتىۋالالماي تۇردىنى ئۇرۇپ سالمىغاندۇ ھە دېگەن ئوي ھۆكۈم سۈرەتتى . تېلېفون ھايال بولمايلا ئۇلاندى.

ـ سىز نەدە ؟ ـ دەپ سورىدىم سالام ـ سائەتمۇ قىلماستىن .

ـ مەن يېكەنكۆلدىكى كەرىفۇر تاللا بازىرىدا . تاللا بازىرىنىڭ بىرنەچچە پۈلئالغۇسىدىن چاتاق چىققانىكەن ، ئوڭشىغىلى كەلگەن . ـ دەپ جاۋاپ بەردى تۇردى خاتىرجەم ھالدا .

ـ ئەتراپ بىخەتەرمۇ ؟

ـ چېكىدىن ئاشقان نامايىشچىلارنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن ساقچىلار ياش ئاققۇزىدىغان بومبا تاشلىدى . ھەرھالدا مەن بىخەتەر.

ـ مەن ئادەم ئېلىپ بېرىپ سىزنى ياندۇرۇپ كېلەيمۇ ؟

ـ هاجىتى يوق . يېنىمدا كارىفورنىڭ قوغداش خادىملىرى بار ، ـ دەپ جاۋاپ بەردى تۇردى . شۇنىدىمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم . تۇردى كارىفور تالالا بازىرىدا بىر نەچچە سائەت خىزمەت قىلغاندىن كېيىن بىخەتەر  هالدا ئىشخانىسىغا يېنىپ كەتتى . شۇ چاققىچە پات ـ پات تېلېفونلىشىپ تۇردۇق . نەچچە كۈندىن كېيىن جاهان تىنجىغاندا تۇردى بىلەن كۆرۈشتۇق .

مەن تۇردىنى (جەمىيەتنى بىر خىل ئەنسىزلىك قاپلىغان) جاهان ئەڭ قالايمىقان چاغدا ، تېخى مالىمانچىلار ئەڭ كۆپ يىغىلغان جايغا قورقماي بارغانلىقى ھەققىدە ئەيىبلىدىم .

ـ مەنمۇ ئۆلۈمدىن قورقىمەن ، شۇ كۈنى مەنمۇ قورقتۇم . ئەتراپ بەكمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى . شۇ كۈنى ئەتىگەندە  كەرىفۇر تالالا بازىرىدىن  بىر نەچچە پۇلئالغۇ  بۇزۇلۇپ قالدى دەپ تېلېفون قىلغاندا خېلى ئىككىلەندىم . ماڭا ھازىر  جان كېرەك دەپ بارمىساممۇ بولىۋېرەتتى . لېكىن مەن ئۇلارنىڭ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئۈستۈمگە ئالغان ئىكەنمەن جان كەتسىمۇ لەۋزىمدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلىشىم كېرەك . ئۇلارمۇ مېنى شۇنداق قىلالايدۇ دەپ تاللىغان . شۇنداق قىلىش    مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم . مەن  كەرىفوردەك چوڭ خېرىداردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقمايمەن . خەقنىڭ مېنى لەۋزىدە تۇرالمايدۇ ، باشقا شىركەتلەرنى تەكلىپ قىلغان بولساق ئۇنداق بولماس ئىدى –ھە دەپ قېلىشىدىن ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىدىن  ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىمەن . مەن پۇلنى دەپ ئەمەس ئىناۋىتىمنى ، لەۋزىمنى دەپ باردىم . مەن ئۈچۈن ئىناۋەت ۋە لەۋز جاندىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ .

مەن تۇردىنىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئۈچ كارىفور تالالا بازىرىنىڭ تېخنىكىلىق مۇلازىمىتىنى ھۆددىگە ئالغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدىم . تۇردى نۇرغۇن تېخنىكا مۇلازىمەت شىركەتلىرى بۇ تۆرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن  رىقابەتلىشىپ ئاخىرى ئۆزىنىڭ تېخنىكا ئۈستۈنلىكى بىلەن غەلبە قىلغان ، كارىفورنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىمۇ  نۇرغۇن مۇلازىمەت شىركەتلىرى ئىچىدىن چىكىپ يۈرۈپ تۇردىنىڭ شىركىتىنى تاللىغان ، تۇردىنىڭ شىركىتىگە ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنىڭ تېخنىك مۇلازىمىتىنى تاپشۇرغان ئىدى.

بۇ قېتىم  تۇردى ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقتى .  ئۇلارنى ئۈمىدسىلەندۈرمىدى. ئىلگىرىكى تىنچ چاغلاردىمۇ تۇردى  خېرىدارلىرى تەلەپ قىلغان هامان نەق مەيدانغا هازىر بولاتتى . بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى . لېكىن بۇ قېتىمقىسىنى باشقا تىنچ كۈنلەردىكى پەيدا بولۇش بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى . تۇردى بۆگۈن نۇرغۇن خەتەرلىك جايلاردىن ئەگىپ ئۆتكەن ، ئىشخانىسى جايلاشقان جەنۇبىي باغچا ئەتراپىدىن يىكەنكۆل مەيدانىغا ئىككى  سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، نۇرغۇن يوللارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يېتىپ كەلگەن ئىدى . بۆگۈن كەلمىگەن بولسىمۇ كارىفور بازىرىدىكىلەر نازارى بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى . لېكىن تۇردى مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ لەۋزىدە تۇردى . تۇردى كارىفور بازىرىغا كىرىپ كەلگەندە ئىككى كۈندىن بۇيان ئۆيىگە كېتەلمەي تالالا بازىرىدا قونۇپ قالغان(ئازسانلىق مىللەت ) ئۇيغۇر خىزمەتچى خادىملاردىن تارتىپ كارىفورنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىغىچە تۇردىنىڭ بۇ روھىدىن  تەسىرلەنمىگەن ئادەم قالمىدى . ھەتتا بەزىلەر تۇردىنىڭ بۇ تاللىشىدىن ھەيران قالدى . 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى قانلىق ۋەقەدىن كېيىن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىكى ھەرمىللەت ئامىسى ئارىسىدا مودا بولغان  جاندىن پۇلنى ئەتىۋار بىلىدىغان ئادەم (ياۋچيەن بۇياۋمىڭ)  دېگەن گەپنى تۇردىغا دارتىملىغانلارمۇ بولدى . ئەمما تۇردى بۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى . چۈنكى مەن بىلىدىغان تۇردى خەقنىڭ نېمە دېيىشىگە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ ، ئۆزىنىڭ بىلگەن يولىدىن مېڭىشنى ئەۋزەل بىلىدىغان بىر يىگىت ئىدى .

شۇ ئىشتىن كېيىن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتىۋاتقان ، داۋاملىق مۇڭدىشىپ تۇرىدىغان بۇ دوستۇم ھەققىدە نىمىشقا بىرنەرسە يازمىغاندىمەن دەپ ئويلاپ قالدىم . مەن تۇردى بىلەن تونۇشقىلى ساق 16 يىل بولغان ، ئارىدا بىز نۇرغۇن قېتىم مۇڭداشقان ، نۇرغۇن ئىشلارنى بىللە باشتىن كەچۈرگەن دوستلاردىن ئىدۇق . ھەتتا تۇردى مېنىڭ تويۇمدىكى يىگىت قولدىشىم ئىدى.لېكىن تۇردى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىشىمغا بۇ ئامىللار مۇھىم سەۋەپ بولالمىسىمۇ تۇردىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى يېزىشقا ، تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيتتى . ئەڭ مۇھىمى بۆگۈن ئىش ئىزدەش كوچىسىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن نۇرغۇن ستودىنتقا تۇردىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى جانلىق ئۈلگە بولالايتتى. ناۋادا ئۇلار تۇردىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئۆزىگە پايدىلىق تەپەككۇر يولى ئىزدەپ تاپالىسا مېنىڭ بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىش مۇددىئايىممۇ قانائەت تاپقان بولاتتى .

مەن شۇنداق خىياللار بىلەن يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇردى بىلەن ئەخمەتجان ئىسىملىك بىر ئاغىنىمىز تۆمۈر يول ئىدارىسى يېنىدىكى بىر مېهماندارچىلىققا مېنىمۇ چاقىرىۋالدى . مېهماندارچىلىقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شىياڭگاڭدىن كەلگەن بىر مېهماننى كۈتۈش ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇش ئىدى . بىر قىسىم يامان نىيەتلىك

كىشلەرنىڭ بىگۇناھ ئاممىغا يىڭنە سانجىش ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلغان،مىللەتلەر مۇناسىۋىتى سىناققا دۇچ كەلگەن شۇ كۈنلەردە شياڭگاڭدىن كەلگەن مەبلەغ سېلىش نىيىتىدىكى سودىگەرنى بىر نەچچە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ۋە مياۋزۇدىن تەركىپ تاپقان ،كۆپ مىللەتلىك ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىش ئەھمىيەتلىك بىر(ئىش) ۋەقە ئىدى ،شۇڭا مەنمۇ تارتىنشمايلا ئۇلارغا قېتىلغان ئىدىم.ماشىنا نۇرغۇن كوچىلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ساھىل يولىغا قەدەم قويغاندا تۇيۇقسىز تېلىپونۇم جىرىڭلىدى.تېلىپوننى ئايالىم ئۇرغان ئىدى.ئايالىم بىلەن بايىلا خوشلىشىپ چىققاچقا ئەمدى نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ ئەندىشە ئىچىدە تېلىپوننى ئالدىم.

ئايالىمنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ سىنىپىدىكى ناھايىتى ياخشى ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن،دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىق ھەققىدە ئويلىنىپ قالغان،ئوقۇش پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى تېخى تۆلىيەلمىگەن ئىكەن .ئايالىم مۇشۇ ئىشنى قانداق بىتەرەپ قىلىش ھەققىدە مەندىن مەسلىھەت سوراۋاتاتتى.مەن يول ئۈستىدە بولغاچ بۇ ئىش ھەققىدە ئەتە تەپسىلى بىرنەرسە دېيىشەيلى دەپ تېلىپوننى ئۈزدۈم.تېلىپونۇمنىڭ ئاۋازى ئۈنلۈك بولغاچقا تۇردى ۋە ئەخمەتجان گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن.

ـ ئۇ ئوقۇغۇچىغا قانچە پۇل بولسا قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن ؟ ـ دەپ سوراپ قالدى تۇردى.

ـ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكە 1500 يۈەن كېتىدىكەن.قالغان 1400 يۈەننى تۆلەپ بوپتۇ. ـ دەپ جاۋاپ بەردىم مەن.

ـ نىمىشقا مۇشۇنداق ئىشلارنى ماڭا دېمەيسىز؟ئاڭلاپ قالمىغان بولسام دېمەس بولغىيتىڭىز؟ روشەنگۈل(ئايالىمنى دېمەكچى) قىينالمىسۇن.ھېلىقى ئوقۇغۇچىمۇ خاتىرجەم ئوقۇۋۋەرسۇن.نىمىشقا جان تىكىپ پۇل تاپتۇق؟ مۇشۇنداق چاغلاردا ئەسقاتار دەيمىزدە.مەن چوڭ ياردەم قىلالمىساممۇ ئوقۇغۇچىنىڭ چالا قالغان ئوقۇش پۇلىنى تۆلىۋېتەي ،بىر قېرىندىشىمىزغا ياردەم قىلالماي پاقىراپ يۈرۈشكە بۇ يۈرەك قانداق چىدايدۇ؟قالغان ئىشلارنى كېيىنرەك بىر نەرسە دېيىشەرمىز.

مەن تۇرۇپ قالدىم،تۇردىنىڭ بۇ گېپىدىن سۆيۈنۈش بىلەن بىرگە ئىككىمىزنىڭ دوستلىقى باشلانغان يىللار ئېسىمگە كەلدى.تۇردى بىلەن ئىككىمىز خىزمەت ھاياتىمىزنى بىرگە باشلىغان ئىدۇق.لېكىن ئارىدىن 16يىل ئۆتكەندە مەن بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سۈپىتىدە تۇرۇۋۋەرگەن،تۇردى بولسا ئۆزىدىن ئېشىنىپ قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قولىنى سوزالايدىغان ھالغا يەتكەن ئىدى.ئەلۋەتتە ،بۇنداق سېلىشتۇرۇش سەل بىھۇدە.لېكىن بىر تەرەپتىن قارىسا قىسقا ،يەنە بىر تەرەپتىن قارىسا خېلى ئۇزۇن 16 يىل ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىنى ئىككى خىل قىلىپ تاشلىغان، ھەر ئىككىمىز ئىزدىگەن نەرسىمىزگە ئېرىشكەن ئىدۇق.

ئەتىسى تۇردى ئوقۇغۇچىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلدى.تارماق ئىنىستىتوتىمىزنىڭ سېكرىتارى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تۇردىغا رەھمەت ئېيتماقچى بولدى.لېكىن تۇردى ‹‹ئوڭ قولۇڭ قىلغان ياخشىلىقنى سول قولۇڭ بىلمىسۇن دەيدىغان گەپ بار،كىچىككىنە ياردەم ئۈچۈن سېكرىتار بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرسەم يۈزۈم چىدىمايدۇ،كېلەر يىلى چوڭراق بىر ئىش قىلاي ،شۇ چاغدا بىر گەپ بولار ›› دەپ سېكرىتارنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ تىكىۋەتتى.سېكرىتار يېتىپ كەلگەندە مەن تۇردى بەرگەن 1500 يۈەننى تۇتۇپ يالغۇز قالغان ئىدىم.سېكرىتار تۇردىنىڭ بۇ ئىشىدىن (نىمە دېيىشنى بىلەلمەيلا)ھەي دەپلا قالدى.

بۇ ئىككى ۋەقە مېنى تۇردى ھەققىدە ئەستايىدىل بىر نەرسە يېزىپ بېقىشقا ئۈندىدى.مەن نۇرغۇن ئىككىلىنىشتىن كېيىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.خەق ئاغىنىسىنى يېزىپتۇ دەپ قارىسىمۇ مەيلى دەپ تۇردىنىڭ ئىشلىرىنى ئاغىنەم دەپ يان باسماي،لىللا مەيداندا تۇرۇپ بايان قىلسام ،بىلگەنلەر ئىلھام ئالسا، بىلمىگەنلەر ئىزدىنىپ باقسا ، ياخشى ئەمەسمۇ دەپ ئويلىدىم.مېنىڭ بۇ ئاخباراتنى يېزىشىمغا يەنە 2003 ـ يىلى ئۇستاز يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ خوتەندە ـ بىرمېھماندارچىلىقتا ھال ـ مۇڭ بولۇۋېتىپ دەپ بەرگەن گەپلىرى تۈرتكە بولدى.

شۇ چاغدا بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر يازغۇچى ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيان ئەتراپىدىكى راست ۋەقە ،راست ئىشلارنى يېزىشقا كىرىشىپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ ‹‹قەدىمقى يۇناندا ئىلاھلار ۋە خان —پادىشاھلار ،قەھرىمانلارنى يېزىش ئەدەبىيات بولىدۇ دەپ قارايدىكەن كۆز قاراش بار ئىكەن.ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىچە مۇشۇنداق ئادەملەر كۆپ يېزىلغانسىرى بۇنى ئوقۇغان ئادەملەردە شۇلارغا خاس بولغان خۇسۇسىيەت پەيدا بولىدىكەن.مەن ئەشۇ گەپنى راست دەپ ئويلاپ قالدىم.نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىتىمىز ئىچىدىكى ئەسكىلىكلەرنى يازدۇق،پاش قىلدۇق،لېكىن ئەسكىلىكلەر غولىدىسا غولىدىدىكى تۈگەپ كەتمىدى.بىز تەنقىد قىلغان ئەسكى ئادەملەر بىزيازغان نەرسىنى يا ئوقۇيدىكەن يا ئوقۇمايدىكەن.يەنىلا بۇ يازمىلارنى ئوقۇغان ياخشى

كىشىلەرنىڭ دىلى ئاچچىق بولىدىكەن. شۇڭا بۇندىن كېيىن ئەتراپتىكى ياخشى ئىش قىلغان، خەقنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغان، ئىگىلىك تىكلەپ باشقىلارغا ئۈلگە بولغان ئادەملەرنى يېزىش قارارىغا كەلدىم›› دېگەن ئىدى، مەن يازغۇچىنىڭ بۇ پىكرىگە قېتىلغان ۋە ئۆزۈممۇ ئىلگىرى يازغان ئەسەرلىرىم ھەققىدە ئويلىنىپ قالغان ئىدىم.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تۇردى ھەققىدە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىشىم نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ تەشەببۇسىنى ئەمەلىي ھەركەت بىلەن قوللىغان بولۇپلا قالماي، يوق نەرسىلەرنى توقۇپ خەققە ھېكايە قىلىپ بەرگەندىن مەنىلىك ئىدى. تۇردىنىڭ ھېكايىللىرى ئەتراپىمىزدا راست يۈزبەرگەن ئىشلار بولغاچقا چىقىش يولى ئىزدەپ تېڭىرقاپ قالغان نۇرغۇن ياشقا ئىلھام بېرەلەيتتى. گەرچە تۇردى قىلغان ئىشلىرىنى داۋراڭ قىلىپ يۇرۇشنى خالىمايدىغانلار تىپىغا مەنسۇپ بولسىمۇ باشقىلارغا ئىلھام بېرىش نوقتىسىدا ئۇنىڭ قارىشىمۇ مېنىڭ بىلەن ئورتاق ئىدى.

## ئادەم ئۆز قىممىتىنى قانداق باھالايدۇ؟

بىر ئادەمنىڭ ئۆز قىممىتىگە باھا بەرمىكى بەك تەس. لېكىن ئۆزىنىڭ قانچىلىك قىممەت يارىتالايدىغانلىقىغا باھا بەرمىكى ئۇنچە تەسكە چۈشمەسلىكى مۇمكىن. تۇردى بىلەن يېڭى تونۇشقان چاغلىرىمىز دەل كاللامدا ئەنە شۇنداق ئويلار ئەگىپ يۈرىدىغان، يېڭى دوست تۇتقاندا قارشى تەرەپنىڭ قانچىلىك قىممەت يارىتالايدىغانلىقى ۋە ئۆز قىممىتىگە قانداق باھا بېرەلەيدىغانلىقى دوست تۇتۇشۇمنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولۇپ قالغان ئىدى.

تۇردىنىڭ تېخى سانائەت ئىنىستىتوتىنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ ياپون تىلىنى ناھايىتى راۋان ئۆگىنىۋالغانلىقى مەندە تۇردىغا نىسبەتەن ھۆرمەت قوزغىدى. مەنمۇ چەتئەل تىلى ئۆگىنىپ باققان، بىرەر تىلنى ئۆز ئانا تىلىغا ئوخشاش راۋان ئۆگىنىۋېلىشنىڭ ئۇنچە ئوڭاي ئەمەسلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق تەرجىبە قىلىپ باققان ئىدىم. بىز تونۇشقان 1994 - يىلى كۈز مەن ئەمدىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتوتىغا خىزمەتكە چۈشكەن، پۈتۈن جەمىيەتتە چەتئەل تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن، دوكتۇرلۇقنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ قارشى ئېلىنىش دەرىجىسى مودا ناخشا چولپانلىرى بىلەن تەڭلىشىپ قېلىشقا باشلىغان، جەمىيەتتە مىسلىسىز ئۆگىنىش ۋە يۇقۇرى دىپلوم قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇ چاغلاردىكى چۈشەنچىمىزدە ئەنە شۇنداق يۇقۇرى ئوقۇش تارىخىغا ئېگە بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بىرەر چەتئەل تىلىنى راۋان بىلىش دەپ ئويلايتتۇق. مەتبۇئاتلار دوكتۇر ۋە دوكتۇر ئاشتىلىقنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلاتتى. ھەتتا بەزى ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەر جوڭگودىكى ئۇيغۇر دوكتۇرلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇش كويىدا يۈرىۋاتاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە تۇردى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق. تۇردى ئۆزىنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن مېنىڭ دىققەت نەزىرىمدىن ئورۇن ئالدى. ئەنە شۇ چاغلاردا تۇردى ياپون تىلىنى خېلى ياخشى ئۆگەنگەن، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئېنگىلىز، ئەرەپ، پارىس تىللىرىنى يامىدىغان، ھەتتە كورىيە تىلىنى ئۆگىنىپ باققان ئىدى. مانا مۇشۇ تىللاردا كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن چىقالايتتى. مەن تۇردىنى مۇشۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يېقىن كەلگۈسىدە دوكتۇرلار تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالالايدىغان بىر شەخس دەپ قارايتتىم. لېكىن تۇردىنىڭ ياپون تىلىنى راۋان بىلىشى كاللامدا ‹‹ ئۇ ياپون ئەدەبىياتىنى ئۆز ئەسلى بىلەن كۆرۈپ زوقلىنالايدۇ. نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى كاۋاباتا ياسۇنارىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ، لېكىن مەن ئوقۇيالمايمەن ›› دېگەن خىياللارنى پەيدا قىلاتتى. بۇ خىيال ئاخىرىدا ماڭا تۇردىنىڭ تەبىئىي پەن كەسپىدە ئوقۇيدىغان ئادەملىكىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئاخىرى ئۇنى ئۆز كەسپىم تەرەپكە سۆرەپ ئۇنىڭغا ئەڭ مۇنەۋۋەر ياپون يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياپون تىلىدىن بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېقىش تەكلىپى بەردىم.

تۇردى بىراز ئويلىنىپ قالغاندىن كېيىن تەكلىپىمگە ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئەنە شۇنداق ھەپتىدە بىرەر - ئىككى قېتىم كۆرۈشۈش نەتىجىسىدە تۇردى بىلەن دوستلىشىپ قالدۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ بىرەر يىل ئۆتكەندە تۇردىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان شىنجاڭ ئالىيمىن زاۋۇتىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشى كاللامدا غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ ھەقتىكى غۇلغۇلا ئۇنى تېخىمۇ چۈشىنىشىمگە سەۋەپ بولۇپ قالماي ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلىقىمىزغا ئاساس سالدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇلاقچىلىقنى ئۆگىنىپ باغدىكى ئاچچىق ئۆرۈكلەرنى ئۇلاپ باققان ئىدىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆينىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. لېكىن بۇ ئىشلارنى ھۈنەر دەپ قارىغىلى بولمايتتى. چوڭ شەھەردە بۇنداق ئىشلارنىڭ كارغا ياراپ قېلىشىمۇ ناتايىن ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرى ئاستىدا خەپ، بۇندىن كېيىن ھۈنەر

دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگۈدەك بىرەر كەسىپنى ئۆگىنىۋالماي قويمىسام،ياكى ئۆز كەسپىمنى ھۈنەر دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ ئۆگەنمىسەم دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغان ئىدىم.

تۇردىمۇ مىجىت ناسىر ئاكىغا ئوخشاش خىيال قىلغان ،ئالى مەكتەپنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا ئەنە شۇنداق ئويغا ئېگە بولۇپ قالغان ئىدى.ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇنداق ھۈنەر ئويىنى ياكى بۇنداق تۇرمۇش قارىشىنى كىم پەيدا قىلدى؟ياكى ئۇيغۇرنىڭ كىشىنىڭ قولىغا قاراپ ياشاپ قېلىشنى نومۇس بىلىدىغان مىجەزى تەبىئىي ھالدا تۇردىنىڭ كاللىسىدا مانا شۇنداق ئويىنى پەيدا قىلىپ قويدىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى.لېكىن ئۇ چوڭ شەھەر مۇھىتىدا ياپون تىلىنى بىر كۆۋرۈك دەپلا قاراپ قالماي جان باققىلى بولىدىغان بىر ھۈنەر دەپ قارىغان ۋە مۇشۇ ھۈنەر بىلەن قوراللىنىپ بېقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىدى.ئۇنىڭدىن باشقا ياپونىيەلىكلەرنىڭ روھى ،ئېلېكتىر ساھەسىدىكى مۇۋاپىقىيىتى ،ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان دۆلەتنى ئوتتۇز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادىكى ئىككىنچى ئىقتىسادى گەۋدە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر تۇردىنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىشتىياقىنى ياپون تىلىغا باغلاپ تۇراتتى.باشقا ساۋاقداشلىرى ھەۋەس ئۈچۈن تىل ئۆگەنگەن بولسا تۇردى ھەۋەستىن كۆرە جان بېقىش ياكى قوراللىنىپ قويۇش،ياپون تىلى ئارقىلىق ياپونلارنى مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن خەۋەردار بولۇپ ئۇنى ئۆز ھاياتىغا تەدبىقلاش ياكى ھۈنەرلىك بولۇپ قويۇش ئۈچۈن تىل ئۆگەنگەن ،شۇڭلاشقا ھۈنەرگە چالا بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ تىلنى يىلمىدەك چاپلىشىپ يۈرۈپ ناھايىتى پۇختا ئۆگەنگەن ئىدى.ئەمەلىيەت تۇردىنىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرا ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.قۇۋ تۇشقاننىڭ ئۈۋىسى ئۈچ دېگەندەك بۈگۈنكى كۈندىكى مەۋجۇت بولۇش رىقابىتى كۈندىن كۈنگە كەسكىنلىشۋاتقان چاغلاردا ئۈچ يەردىن ئۇۋا تۇتۇپ قويۇش ياكى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىمىز جان بېقىشتا تايىنىدىغان ھۈنەرنى بىر نەچچە قىلىپ قويۇش ھاياتى كۈچىمىز ۋە رىقابەت ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرىدىغان ئەۋزەل چارە ئىدى.خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالىدىغان ئىقتىدار تايىنىشقا ئەرزىمەيدۇ ،قارشى تەرەپ خالىغان بىر كۈنى بىزنى تايىنىدىغان نوقتىدىن ئايرىپ تاشلىسا نىمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالاتتۇق.ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش سىياستى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغان نۇرغۇن ئادەم نىمە قىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان ئىدى.ياش ۋاقتىدا نىمە قىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قالغانغا قارىغاندا قېرىپ زېھنى كۈچۈك ئاجىزلاشقاندا نىمە قىلارىڭنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىش ئادەمنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرەتتى.مەن 50 ياشلارغا يېقىنلاشقاندا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ جان بېقىش كويىدا چىرايى ساماندەك سارغايغان ئادەملەرنى خېلى كۆپ ئۇچراتقان ،ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ كۆرگەن ئىدىم.ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى تەڭقىسلىقى ۋە پۇشايمىنى ئالدىدا ئادەمنىڭ باغرى ئېچىشاتتى.

ئالىيومىن زاۋۇتىدىكىلەر تۇردىنىڭ ئىستىپا بەرگەنلىكىدىن قانداق تۇيغۇدا بولدى؟قولىمىزدىن بىر ئىقتىساس ئىگىسى ئۇچۇپ كەتتى دەپ ئاھ ئۇردىمۇ؟ ئېنىق ئەمەس.لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ،ھەي ،ياخشى خىزمەتنى تاشلاپ كەتتىدە بۇ بايقۇش دەپ ئۇيلىغانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس .چۈنكى ئەينى چاغدا ئۇلار شۇنداق ئويلاشقا ھەقلىق ۋە شۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالغان ،شۇنداق ئويلاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

تۇردى ئۇن ـ تۇنىسىز ھالدا ئالىيومىن زاۋۇتىدىن ئايرىلىپ بەش يۇلتۇزلۇق ئىستىراھەت مېھمانخانىسىنىڭ تەربىيەلىش بۆلۈمىنىڭ ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدى.ئەلۋەتتە ،تۇردى بۇ خىزمەتكىمۇ شۇنداق ئوڭاي ئېرىشىپ قالغىنى يوق.تۇردىنىڭ ياپون تىلى سەۋىيەسى ئۈرۈمچى تىل ئۆگىنىش چەمبىرىكىدىكى ئادەملەر ئىچىدە تەسىر قوزغىغان ئىدى.بەزى ياپونلار تۇردىنىڭ ياپون تىلىدىكى راۋان نۇتقىغا قاراپ ھەيران قالاتتى.سۆيۈنەتتى.مانا مۇشۇ تەسىر كۈچ ۋە ئەمەلىي ئىقتىدار تۇردىنى ئىستىراھەت مېھمانخانىسىغا باشلاپ كەلدى.تۇردىنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ئىنتىھامىنى ئىستىراھەت مېھمانخانىسىنىڭ گوللاندىيەلىك مەسئۇلى ئۆزى ئالدى.تۇردى نۇرغۇن رىقابەتچىللىرىنى يېڭىپ بۇ ئىنتىھامدىن مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتۈپ كەتتى.ئىستىراھەت مېھمانخانىسىنىڭ كاپىتالىستىك دۆلەتتىن كەلگەن خوجايىنى مىللەت ،ئىرىق ،جىنسىي پەرقلەر بىلەن كارى يوق ،پەقەت قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە لازىم بولىدىغان ئىقتىدارىنىڭ قانداقلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم ئىدى.شۇڭا ئۇ ئىنتىھامغا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە ئەمەلىي ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك تۇردىنى تاللىۋالدى. لېكىن تۇردى بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئۆز قىممىتىنى تاپقانلىقىم دەپ قارىمىدى.پەقەت بۇ خىزمەتنى ھاياتىمدىكى بىر ئۆتكۈنچى دەۋر دەپ قارىدى.ئۆتكۈنچى دەۋر بولغان ئىكەن چوقۇم تۇردىنىڭ قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ياكى تۇردى ئۆز قىممىتىنى تاپالايدىغان يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.تۇردىنىڭ ئىستىراھەت مېھمانخانىسىدىكى خىزمىتى بەك ئېغىر ئەمەس ئىدى.مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىلىرىگە ھەپتىدە نەچچە سائەت ياپون

تىلى ئاساسى بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتۈپ بەرسە بولاتتى.قالغان بوش ۋاقىتلاردا تۇردى ئۆگۈنۈش قىلىش بىلەن بىرگە شەھەرنى كۆزىتەتتى.تەپەككۇر قىلاتتى.بىلىمنى تولۇقلايتتى.ئاخىرى ئۇ بىر مەزگىل تەپەككۇر قىلغاندىن كېيىن ئىستىراھەت مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدىكى قىزىل تاغ مېھمانخانىسىدىكى تەبىئەت نامىدىكى بىر ساياھەت شىركىتىدىن خىزمەت تاپتى.خىزمەت تاپتى دېگەندەك كۆرە ئۇنى ئىقتىدارىغا ئاساسەن ساياھەت شىركىتى خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى.

تۇردىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى ئارزۇلىرىدىن بىرى دۇنيانى چۆرگىلەپ بېقىش ئىدى.ئۇنىڭ كاللىسىدىكى دۇنيانى كۆرۈپ بېقىش ئويى تىل ئۆگەنگەندىن كېيىن پەسىيىش ئورنىغا كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى.ئالىيومىن زاۋۇتىدىكى خىزمەتنىڭ ئۇنى زېرىكتۈرگەن يەنە بىر تەرىپى دۇنيانى كۆرەلمەسلىك ياكى تۇردىنى بىر ئورۇنغا چۈشەپ قويۇش ئىدى.تۇردى ساياھەت شىركىتىدە ئىشلىسە بىر تەرەپتىن ساياھەتچىلەرنى باشلاپ دۇنيانى كۆرەلەيتتى.يەنە بىر تەرەپتىن ئىستىراھەت مېھمانخانىسىدىكىدىن كۆپرەك پۇل تاپالايتتى.ئەڭ مۇھىمى تۇردى ئوتتۇز ياشقا كىرىپ بولغۇچە يۇرتۇمنىڭ مەشھۇر جايلىرىنىڭ ھەممىسنى كۆرۈپ چىقمەن،دۇنيانى كۆرۈشنى ئۆز يۇرتۇمنى كۆرۈشتىن باشلايمەن دەپ نىيەت قىلغان ئىدى.شۇڭا ئىستىراھەت مېھمانخانىسىنىڭ تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماي ئورنىغا بىر ئوقۇغۇچىسنى تونۇشتۇرۇپ قويۇپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى.

دېگەندەك تۇردى ساياھەت شىركىتىدە بىر يىلدىن ئوشۇق ئىشلىدى.شۇ چاغقىچە تۇرپان بىزەكلىكتىن تارتىپ ،كۇسەن مىڭ ئۆيلىرىگە قەدەر ،قەشقەردىكى مۇزتاغدىن كىرىيەدىكى پولۇ تاغلىرىغا قەدەر ئايلىنىپ چىقتى.بوغدا كۆلى ۋە جەنۇبى تاغقا قانچە قېتىم چىققانلىقىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.قىسقىسى ئۇ چەتئەللىكلەر كۆرۈشنى خالايدىغان ھەرقانداق بىر ساياھەت رايونىغا بېرىپ كۆرۈپ كەلدى.ياپونىيە ساياھەتچىللىرىنىلا ئەمەس بەلكى ئېنگلىز ،كورىيان ساياھەتچىلەرنىمۇ ئايلاندۇردى.ساياھەت شىركىتى بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر بۇ يىگىتنى نەسىللىك ئېنەكنى ساغقاندەك سېغىشقا كىرىشتى.

ساياھەت يېتەكچىلىك كەسپىمۇ قارىماققا ئاددى تۇيۇلغاندەك بىلەن ئادەمنىڭ ئورنۇېرسال ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى.ئۇنۇېرسال ساپا يۇقىرى بولۇپ ساياھەتچىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشمۇ خېلى قول تۇتاتتى.ئۇيغۇر ئاقىللىرىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن توقماق –توخۇناقتىن باشقا ھەممە نېمە چىقىدۇ دېگەن گېپى ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان بولسا كېرەك.تۇردى بۇ جەرياندا ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەندى،ساياھەتچىلەرنىڭ مىجەز-خۇلقىنى تەتقىق قىلدى.ھەتتە بىر دۆلەت ساياھەتچىلىرى بىلەن يەنە بىر دۆلەت ساياھەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بايقاپ خىزمىتىگە بىرلەشتۈردى.ئىمكان بار چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنى رازى قىلىشقا تىرىشتى.

-مەن قىلغان ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل قىلىشنى ،يۇقىرى سۈپەت بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاشنى ياخشى كۆرىمەن.قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىپ قويىدىغانلارنى كۆزگە ئىلمايمەن.ئەڭ ساپاسىز ئادەم ھىساپلايمەن. - دەيدۇ تۇردى.

ئۇ ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ بىر يىل بولاي دېگەندە 1996-يىلى 7-ئايدا شىركەت ئۇنى بەش ئادەمدىن تەشكىل تاپقان ياپونلۇق ساياھەت ئۆمىكىگە يېتەكچى قىلىپ قەشقەرگە ماڭدۇردى.بەش ياپونلۇقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى شىنجاڭدىكى ئېگىز مەشھۇر قارلىق چوققىلاردىن بىرى بولغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسىغا چىقىش ياكى ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئىدى.تۇردى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق ساياھەت ئۆمىكىنى كۈتۈپ باقمىغان بولغاچقا سەل جىددىيلىك ھىس قىلدىيۇ ئادەم قىلغان ئىشنى مەن نىمىشقا قىلالمايمەن دەپ قاراپ كىتاب-ماتېرىياللاردىن ئېگىز تاغ چوققىسىنى بويسۇندۇرۇشقا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگۈنۈشكە كىرىشتى.قەشقەرگە بېرىپ بولغۇچە بۇ ھەقتىمۇ بەزى ساۋاتلارغا ئېگە بولۇپ قالدى.

7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى قەشقەرنىڭ ئەڭ ئىسسىق چاغلىرىدۇر.مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەر،خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىسسىقنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ.لېكىن ئۇلار چىقماقچى بولغان ،دېڭىز يۈزىدىن يەتتەمىڭ نەچچە مېتىر ئېگىز مۇزتاغ ئاتا چوققىسى 7-ئاي مەزگىلى قېلىن قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتاتتى.ھەتتا ئارىلاپ شىۋىرغان كۆتۈرۈلۈپ قوياتتى.

تۇردى 7-ئايدىكى تومۇزنىڭ ئىسسىقىدا قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ،بەش ياپونلۇقنى باشلاپ تاغقا قاراپ ماڭدى.ئېگىز تاغ چوققىسىنى بويسۇندۇرۇشمۇ بىر ھۈنەر.مەلۇم ئېگىزلىككە يېتىپ ھاۋا شالاڭلاشقا باشلىغاندا ھەر مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە بىر قېتىم توختاپ بەش كۈن شۇ يەردىكى مۇھىتقا ماسلىشىپ مەشق قىلىنىدۇ.ئاندىن كېيىن يەنە مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە يۇقىرى كۆتۈرلىدۇ.بۇ جەرياندا ئادەم يېڭى بىر مۇھىتقا دۇچ كېلىدۇ.بۇ مۇھىت تامامەن ناتونۇش ۋە خەتەرلىك.مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ ھەل قىلىش كېرەك.تۇردى ئەمدى ساياھەت يېتەكچىسى

بولۇپلا قالماي ئۆزىنىڭ ساياھەت ئۆمىكىدىكى مېھمانلارنىڭ ھەممە ئىشىغا –تاماقىدىن تارتىپ سالامەتلىكىگە قەدەر مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى.

تاغ ئېگىزلىگەنسىرى ھاۋا شالاڭلىشىپ، تاغنىڭ تۆۋىنىدە پىشقان تاماق ئەمدى پىشماسلىققا باشلايدۇ. ھەتتا قايناۋاتقان قازانغان قولنى تىقسىمۇ كۆيۈش تۇيغۇسى بولمايدۇ. تۇردى ئۆمەكنىڭ ئاشپىزى بىلەن بىرگە تاماقنىڭ ھەربىر ھالقىسىدىن تارتىپ چىڭ تۇتتى. لېكىن ئۇلار ئالتە مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە چىقىپ كۆنۈش مەشقى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا يۈز بەرگەن ۋەقە ئۇلارنىڭ تاققا چىقىش پىلانىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋەتتى.

ساياھەت ئۆمىكىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساياھەتچىنىڭ قورسىقىدىن چاتاق چىقتى. ساياھەتچىنىڭ قورسىقى تولغاپ ئاغرىشقا، تەرىتىدىن قان كېلىشكە باشلىدى. ئاخىرى تۇردى قالغان تۆت ساياھەتچى بىلەن كېلىشىپ بىمارنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ دوختۇرغا كۆرسىتىدىغان، قالغان تۆت ئادەم ئاشپەز بىلەن بىرگە داۋاملىق چوققىغا يامىشىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ئوقۇتقۇچىنىڭ كېسلى بارغانسىرى ئېغىرلاشتى. تۇردى ئوقۇتقۇچىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا، قورسىقىنى بېسىپ ئىڭراشلىرىغا قاراپ سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولسا كېرەك دەپ قارىدى. ئوقۇتقۇچى ئاتتا ئولتۇرالمىغاچقا ئامالسىز ئوقۇتقۇچىنى ئاتقا ئارتىپ تاڭدى ۋە ئۆزى ئاتنى يېتىلەپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئالدىغا ئۇچرىغا شۇرمەللىشىپ ئېقىۋاتقان بىر دەريادىن قىشلىق ئاياق بىلەنلا كېچىپ ئۆتتى. سوغۇققا پەرۋا قىلماي يۈگۈرۈپ نەچچە سائەتتىن كېيىن قارا ماشىنا ماڭالايدىغان بىر يولغا يەتتى.

ياپونلۇق ئوقۇتقۇچى ساياھەتچى بۇ جەرياندا كۆرمىگەن جاپانى كۆردى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر كۆمۈر توشۇيدىغان قارا ماشىنا چىقىپ قالدى. تۇردى شوپۇر بىلەن سۆزلىشىپ ياپونلۇق ساياھەتچىنى ماشىنىغا سېلىپ ئەڭ يېقىن ئۆتەڭگە ـ كىچىك ماشىنا بار جايغا قاراپ ماڭدى. ماشىنىغا چىقىپلا مېھمانىنىڭ كېسلى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. چوڭ تەرىتىنى تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدى. ماشىنا ئەگرى بۈگرى يولدا سەل تېزراق ماڭسا جالاقشىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا مېھمانىنىڭ ئاغرىقى ئەۋجىگە چىقاتتى. تۇردى شوپۇر بىلەن ئامال بار بىمارنى سىلكىمەسلىككە تىرىشىپ ئەڭ يېقىنقى بىر بېكەتكە كېلىپ چۈشتى. لېكىن بېكەتتە بىرەر ماشىنا كۆرۈنمەيتتى. ئاخىرى تۇردى يەنە شۇ قارا ماشىنىغا مۇراجەت قىلىپ سەككىز سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشكەندە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

كېسەل قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ھەربىي دوختۇرنىدا ياتاققا ئېلىندى. بۇ دەل 8 ـ ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى ئىش ئىدى. ئاردا دوختۇرخانا نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ كېسەلنىڭ چوقۇر ئۈچەي ئەمەسلىكىنى دەلىللىدى. شۇ چاغدا تۇردىغا ياپونىيەنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىدىن تېلېفون كېلىپ كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتىپ كېسەلنى بېيجىڭغا ئالدۇرۇپ كېلەمدۇق يا دەپ سورىدى. بۇ چاغقا ھەربىي دوختۇرخانا رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىدىن دوختۇر تەكلىپ قىلىپ ئەستايىدىل داۋالاشقا كىرىشكەن، مۇكەممەل داۋالاش پىلانى تۈزگەن ئىدى. تۇردى باش ئەلچىنى بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىمار قەشقەردە داۋالىنىدىغان بولدى. دوختۇرخانا كېسەلنى نەچچە كۈن كۆزىتىپ، تەكشۈرگەندىن كېيىن كېسەلنىڭ نەچچە يىل ئىلگىرى قوزغىلىپ داۋالىتىلغان ئاشقازان يارىسىنىڭ قايتا قوزغالغانلىقىنى بېكىتتى. ھەقىقەتەن ئېگىز تاغدىكى ئوكسىگېن كەم شارائىتتا چالا پىشقان يېمەكلىك بۇ ياپونلۇق ساياھەتچىنىڭ كېسلىنى قوزغاپ قويغان ئىدى.

ئوپېراتسىيە ناھايىتى مۇۋاپىقيەتلىك بولدى. ئەپسۇس بىمارنىڭ ئاشقازىنىنىڭ بىرقىسمى كېسىپ تاشلاندى. تۇردى مۇشۇ جەرياندا كېسەلگە 24 سائەت ھەمرا بولدى. كېسەلنىڭ تەرىتىنى تۆكتى. ھەتتا كېسەلنىڭ تەلپى بويىچە ياپون تىلىدا كېسەلنىڭ تەرىتىنىڭ رەڭگىدىن تارتىپ داۋالىنىش جەريانىغىچە تەپسىلى خاتىرە يېزىپ ماڭدى.

ـ دادامنىمۇ بۇنچە كۈتۈپ باقمىغان ئىدىم، ـ دەيدۇ تۇردى مۇشۇ ئىشنى ئەسلىگەندە.

تۇردى بىركۈنى كېسەل كارۋىتى يېنىدا تۇرۇپ بىمارنىڭ پاسپورتىغا نەزەر سېلىپ دەل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېسەلنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى سەزدى. بۇ كۈنگە ئاران بىر كۈن قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرخانا رەھبەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىمارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇشتى. دېگەندەك سەككىزىنچى ئاۋغۇست بىمارنىڭ كېسەلخانىسى گۈل بىلەن توشتى. بىمار ئۆزىنىڭ بۇ تۇغۇلغان كۈنىدىن ھەيران قالدى ۋە تۇردىغا ھەشقاللا ئوقۇدى. تۇردى بىمارنى شۇ كۈتكەن پېتى بىمار دوختۇرخانىدىن چىقىپ شاڭخەيدە ياپونىيەگە قايتىدىغان ئايروپىلانغا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا بىمارغا ھەمراھ بولدى. تۇردى يازغان كېسەللىك خاتىرىسى كېيىنكى مەزگىلدە بىمارنىڭ ياپونىدىكى داۋالىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئاساس بولۇپ قالدى. بۇ ئىش

ئەينى چاغدا مەتبۇئاتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېسەلخانىغا مۇخبىرلار يېغىپ كەتتى.لېكىن تۇردى مۇشۇ جەرياندا ئىزچىل بۇ جەرياندىكى ئۆزىنىڭ رولىنى ناھايىتى تۆۋەن مۇقامدا بىتەرەپ قىلدى.

ساياھەت شىركىتى تۇردىنىڭ بۇ قېتىملىق خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇردى.بىمار دوختۇرخانىغا قالدۇرغان لەھۋەدىن تارتىپ ،كېيىن ئېيتقان رەھمەتلىرىگە قەدەر بولغان بىر نەچچە پايدىلىق ئامىل ،بولۇپمۇ تۇردىنىڭ كەسپكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى شىركەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئېرىشتى.شۇڭا ئۇلار تۇردىغا يەنە بىر ئامېرىكىدىن كەلگەن ساياھەت ئۆمىكىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كىرىيە ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى قارا قۇرۇم تېغىغا چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. تۇردى مېنىڭ ئېنگلىزچە سەۋىيەم دېگەندەك ئەمەس دەپ رەت قىلغان بولسىمۇ شىركەت ئۇنىڭ رەت قىلىشلىرىغا پەرۋا قىلمىدى.

ھەقىقەتەن بۇ قېتىمقى ساياھەت جەريانىمۇ مۇزتاغ ئاتا چوققىسىغا قىلغان ساياھەتتەك جاپالىق بولدى.قىرىق كۈن جەرياندا تۇردى ساياھەتچىلەرنى ئەتراپلىق رازى قىلىپ قالماي نۇرغۇن جاپا ـ مۇشاقەت ۋە خىيىم ــخەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۇردى .ھەتتا بۇ ئىشلارنى ئۇنتالماي كېيىنچە شۇ چاغدا قالدۇرغان خاتىرىسىگە ئاساسەن 《قاراقۇرۇمغا سەپەر》 ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىنى يېزىپ چىقتى.گەرچە بۇ خاتىرە شۇ يىللاردا مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ كۆرۈپ باققان بەزى ئەدەبىياتچىلارنى خېلى ھاياجانغا سالدى.

لېكىن تۇردى ساياھەت يېتەكلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرىلدىن ئاشقاندا يەنە تۈيۈقسىز بۇ ئىش ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى يارىتالمايدىغانلىقىنى ھس قىلدى.ياكى بۇ خىزمەتنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا مۇناسىپ كۆرمىدى.ئۇ يەنە بىر پەللە ئىلگىرلىشى ،يېڭى پەللە يارىتىشى كېرەك ئىدى.ئۇندىن باشقا ئۇنى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىدىكى بەزى ئىشلار سەل بىزار قىلىپ قويىدى.بىرىنچىسى ساياھەت شىركىتى تۇردى ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ،مۇلازىمەت قىلىپ چىققان ساياھەتچىلەردىن ئالغان ھەقنى تاغ دەپ ھىساپلىساق تۇردىغا بۇ تاغنىڭ كىچىك بىر دۆڭىمۇ تەگمەيتتى.ئىككىنچىدىن ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكى ساياھەتچىلىك كەسپى تېخى پىشمىغان ،ساياھەتچىلەرنى ئالداش ،قانۇنسىز پۇل تېپىش خېلى ئەۋج ئېلىپ قالغان ئىدى. ئۈچىنچىدىن ئۇ ئالى مەكتەپتە بەش يىل ئۆگەنگەن ،ئۆگىنىش جەريانىدا پىشانىسىدىن بوزۇلداپ تەر ئاققان ئېلىكتىر ئېنژېنىرلىقى كەسپى تاشلىنىپ قېلىۋاتاتتى.ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ئالتۇن كان بار تاغدىن كۆمۈر كان قازغاندەك بىر ئىش بولدى دەپ سېلىشتۇراتتى.شۇڭا تۇردى بۇ شىركەتتىنمۇ ئىستىپا بەردى.شىركەتتىكىلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇردىنى توسۇپ قالالمىدى.مۇھىمى تۇردى بىرىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتا ئۆز يۇرتىنىڭ تاغ ــدەريالىرىنى بىر قۇر ئارىلاپ چىققان ،مەشھۇر جايلار ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتكەن ئىدى.قىسقىسى ئۇ خېلى يۇقۇرى ھەق ئېلىپ تۇرۇپ ئۆزئانا يۇرتىنى پۇل تېپىپ تۇرۇپ ساياھەت قىلىش ،كۆرۈپ چىقىش،ئاندىن ئۆزىگە ،خەلقىگە قايتا باھا بېرىپ بېقىش مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى.كەلگۈسىدە ئۆزقىممىتىنى ئەڭ كەڭ تۇردە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى تەۋە بولغان تۇپنى چۈشۈنۈش زۆرۈر ئىدى.چۈنكى ئۆزى تەۋە بولغان تۇپنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن كەمتۈكلىكلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرنۇپ ياتاتتى.ئۆزى چۈشەنمەي ،ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ھس قىلماي،ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرى بىلەن ئىلمىي يوسۇندا ئېلىشماي تۇرۇپ ئۆز قىممىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ چىقماق تەس ئىدى.

شۇڭا تۇردى ئۆز قىممىتىگە يەنە بىر قېتىم باھا بېرىپ ئۆزى ياراتقان قىممەت بىلەن ئۆزى ئېرىشكەن ھەق،ئۆزى يارىتىش مۇمكىنچىلىكى بار قىممەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزى ھەققىدە يەنە ئويلىنىشقا باشلىدى.بۇ يەردە قىستۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش قىزىل تاغ تەبىئەت ساياھەت شىركىتى ئەينى چاغدا تۇردىغا ئايدا 480 يۈەن مۇقىم مائاش،ھەركۈنىگە ھەممە چىقىدىن سىرت 120 يۈەن كوماندىروپكا بېرەتتى.مۇكاپات ۋە باشقا پۇللار بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.قىسقىسى تۇردىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى شۇ چاغدا تۆتمىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتەتتى.مەن ئەينى چاغدا شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتوتىدىن 365 يۈەن ئىش ھەققى ئالاتتىم.

تۇردىنىڭ خىيالىچە ھىچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ياش كۈندىن ــكۈنگە چوڭىيىپ كېتىپ باراتتى.شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلىدىغان بىلىملىرى بىلەن قىلالايدىغان ھۈنەرلىرى بارغانسىرى كۆپىيىپ بېرىۋاتتى.شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇنىڭ قوڭى بىر يەردە ئىسساي دېمەيتتى.قىسقىسى ئۇنىڭ باشقىچىرەك بىر ئىش قىلىپ باققۇسى بار ئىدى.

دۇنيانى كۆرۈش ــدۇنيا نەزىرىدە تۇرۇپ ئۆزۈمنى كۆرۈش ئۈچۈندۇر

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كورلىدا توي قىلدىم.شۇ چاغدا ئاقسۇدا تۇرىۋاتقان تۇردى كورلىغا كېلىپ ماڭا قولداش بولدى.1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئايالىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۇرۇمچىدىكى دوستلارغا توي چېيى بېرىشنى پىلانلاپ يۈرگەن كۈنلەردە يەنى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇردى تۇيۇقسىز يېنىمغا بىر

پويىز بېلىتىنى كۆتۈرۈپ كىردى.مەن بۇ بىلەتنىڭ ئۈرۈمچىدىن گۇئاڭجوغا بارىدىغان پويىز بېلىتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.ھەيرانلىق بىلەن تۇردىغا قارىدىم.

-مەن يەنە بىر تەۋەككۈل قىلاي دىدىم. -دىدى تۇردى ئويچانلىق بىلەن.

-شېنجىنغا بېرىپمۇ ؟ -دەپ سورىدىم مەن.

بىز بىر كەچ مۇڭداشدۇق ،كەچتە تۇردىنى شېنجىنغا يولغا سىلىپ قويدۇم.شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە تۇردىغا ھېچنىمە كەم ئەمەس ئىدى.ئۇنىڭ تەك تۇش دوستلىرى توي قىلىپ ئائىلە راھىتىدىن زوقلىنىشقا باشلىغان ئىدى.لېكىن تۇردى نامەلۇم شەھەرگە بېرىپ ھاياتنى يېڭىدىن باشلىماقچى،ئۆزىگە رىقابەت ئېلان قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

- مەلۇم ئورۇندا گەۋدىلىنىپ، مەلۇم ئورۇنلاردا ئۆز ھاياتى كۈچىنى يوقۇتۇپ قويىدىغان ئىقتىدارنى ئادەمنىڭ ھەقىقى ئىقتىدارى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.مەندە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شەھەرلىرىدە ياشىغۇدەك ئىقتىدار شەكىللەندىمۇ يوق ئۆزۈمنى سىناپ باقاي،ئىقتىدارىمنىڭ ھاياتى كۈچىگە قايتا باھا بېرەي. -دىدى ئۇ مېڭىش ئالدىدا.

مەن ئەسلى تۇردىنىڭ بىرەر ئىككى يىل جاھان كۆرۈپ ئاندىن ياپۇنىيەگە چىقىپ تېخىمۇ يۇقۇرىلاپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.تۇردىدىكى ياپۇن تىلى ئىقتىدارى ۋە كەسپكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئۇنىڭ ئوقۇش ئارقىلىق نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شېنجىن ئۇ چاغلاردا ئىقتىدارلىقلار ۋە ئىقتىدار چېنىقتۇرىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل ئورۇن بولغان بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرى خەنزۇ تىلى ئانا تىلىمىز بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان كەمتۈكلۈكنى ئويلىمساق بولمايتتى، ئۇ ياپونچىغا ئۇستا بولغىنى بىلەن شېنجىندىكى رىقابەتكە چۈشلۈق خەنزۇ تىلى ئىقتىدارى ياپۇن تىلى ئىقتىدارىغا يەتمەيتتى. ئالى مەكتەپنى بەش يىل خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان بولسىمۇ تىلىنى خەنزۇلاردەك راۋان دىگىلى بولمايتتى.مەن بۇ ھەقتە ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇردىنىڭ شېنجىنغا بېرىپ جاھان كېزىش خىيالىنى ئوقۇش تەرەپكە بۇرىغۇم كەلدى.

-ئوقۇش ھەقىقەتەن مۇھىم،لېكىن ئوقۇغانلارنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدىغانلارمۇ بولۇشى كېرەك.مەن ياپۇنغا چىقىپ ئوننەچچە يىل ئوقۇپ كەسپىمدە ئۆزۈپ چىققاندا يەنە بىرسىنىڭ شىركىتىگە كېلىپ ئىشلەيدىغان گەپ.ئۇنىڭدىن مەن ھازىردىن باشلاپ شىركەت قۇرۇش يولىغا مېڭىپ ئوننەچچە يىلدىن كېيىن ئۆز شىركىتىمدە ئەنە شۇنداق ئوقۇپ كەلگەن ئىقتىساس ئىگىلىرىگە شارائىت يارىتىپ بەرسەم تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ.مەن ئاليومىن زاۋۇتىدىن نىمىشقا ئىستىپا بەردىم؟ نىمىشقا كېيىن چىققان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلىشنى خالىماي قالدىم؟ كاللام ئىششىپ قالغىنى يوق.كاللامدا ئېنىق سان بار.مەن باشقىچىرەك يول تۇتماقچى.تىل مەسلىسىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق،كىشلەرگە كېرەكى ئەمەلي ئىقتىدار.شېنجىندا ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىم بىلەن خەنزۇ تىلى سەۋيەم تەڭ ئۆسۈپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ -دىدى تۇردى ئويچانلىق بىلەن.

ھەقىقەتەن تۇردى بىلەن ئالاقە قىلىپ يۈرىدىغان بىر قىسىم چەتئەل تىلىدا ئىقتىدارى بار بالىلار ئارقا-ئارقىدىن چەتئەللەرگە قاراپ يول ئالغان ئىدى.چەتئەلگە چىقىپ تەلىينى سىناپ بېقىش بىر قىسىم بالىلارنىڭ زۆرۈر تاللاش يولىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇلار چەتئەلنى غايىۋى ھىس قىلاتتى، چەتئەلگە چىقسىلا قالتىس ئادەم بولىدىغاندەك ئويلايتتى، لېكىن تۇردى چوڭقۇر ئەمىلى ئانالىز قىلالايدىغان كاللىسى ۋە چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن چەتئەلنى چۈشىنىشنى بىرلەشتۈرگەن ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۇنى چەتئەلگە بارماي تۇرۇپمۇ چۈشىنىش ۋە ئەمىلى خۇلاسە چىقىرىش ئامىتىگە سازاۋەر قىلغان ئىدى، ئۇ ماترىيالنى كۆپ كۆرۈش ئۇسۇلى بويىچە تىل ئۆگەنگەچكە تىل ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇنىڭدا مول قاراش شەكىللەنگەن ئىدى، شۇڭا تۇردى چەتئەلدىن چىقىش يولى ئىزدەشكە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ئەشۇ قېتىملىق قارارىدا گەۋدىلەندى، ئۇ تېخىمۇ چوڭ پۇرسەتنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

-جوڭگومۇ بىر چوڭ مەملىكەت ،چەتئەلدە بار نۇرغۇن نەرسىلەر جوڭگودىمۇ بار.لېكىن بۇ نوقتىنى بايقىيالمىغانلا يېرىمىز.ھەممە ئادەمگە چەتئەلگە چىقىش پۇرستى نېسىپ بولۇش ناتايىن.ئۇندىن باشقا ھازىر چەتئەلگە چىقساق غورۇرىمىز بىلەن ئەمەس بىچارە ،ھېچقانداق ئىقتىدارى يوق ھالدا چىقىپ قالىمىز.چەتئەللىكلەرگە سەت كۆرۈنۈشتىن باشقا تاللىشىمىز يوق. ياپون تىلى بىلگەنلىكىم ياپونلۇقلار ئالدىدا ھېچنىمە ئەمەس، ياپون تىلنى يەتتە ياشلىق ياپون بالىسمۇ بىلىدۇ، مەن بىلەن رىقابەتلىشىدىغان ياپونلۇقنى يەڭگىدەك ئىقتىدارنى ئۆگىنىش پىلانىم بار .مەنمۇ چەتئەللەرگە چىقىمەن،لېكىن بىر كۈنلىرى ئىززەت –ئابروي بىلەن چەتئەلگە چىقىمەن .ئەشۇلار بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرالايدىغان بولۇپ ،ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارى بار بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھىس قىلدۇرۇپ ئاندىن چەتئەلگە چىقىمەن.

مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش تۇردى شېنجىنغا ماڭغاندا يېنىدا كۆپ يوق ئىدى. تۇردىنىڭ نۇقتىنەزىرى بويىچە تۇردى شېنجىنغا پۇل خەجلەپ راھەت كۆرگىلى ئەمەس بەلكى شېنجىنغا پۇل تاپقىلى، ئىگىلىك تىكلەش يولىنى ئۆگەنگىلى كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ قەستەن يېنىغا جىق پۇل سېلىۋالمىغان، قۇرۇق قول شېنجىنغا بېرىپ، شېنجىندىكى بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئۆز تۈيغۇسى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىپ كۆرمەكچى بولغان ئىدى. تۇردىدىكى غەيرى مىجەزلەردىن بىرسى دەل مانا مۇشۇنداق نوقتىلارنى ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. تۇردى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلىمەك بولغانلار بىلەن نامرات يەردە پۇل يىغىپ، باي يەرگە مەبلەغ سېلىش نىيىتىدە بېلىگە پۇل تۈگۈپ چوڭ شەھەرلەرگە ئۈسسۈپ كىرىدىغانلارغا باشقىچە كۆزدە قارايتتى. قىسقىسى ئۇلارنى مەنسىتمىگۈسى كېلەتتى. قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەش تۇردى ئەڭ چوقۇنىدىغان ئىگىلىك تىكلەش ئۇسۇلى ئىدى.

دېگەندەك تۇردى شېنجىنغا كېتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن كېچە سائەت بىر بولغاندا تېلېپونۇم جىرىڭلىدى. مەن ئەنسىزلىك بىلەن تېلېپوننى ئالدىم.

ـ مەن تۇردى، كېچىدە خاتىرجەملىكىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم. مەن ھازىر شياڭگاڭدا، ياپونىيەگە بېرىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن. بۈگۈن مېنىڭ ئابروي بىلەن چەتئەلگە چىقىش چۈشۈم ئەمەلگە ئاشتى. مەن ئىشلەيدىغان شىركەت مېنى ياپونغا بېرىپ ئارام ئېلىپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇردى. دوستۇم، مەن ئۈچۈن خوشال بولۇڭ.

بۇ بىر خوش خەۋەر ئىدى. مەن ھەقىقەتەن دوستۇمنىڭ بۇ مۇۋاپىقىيىتىدىن شاتلاندىم. ئىككىمىز تېلېپوندا خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتۇق. تۇردى شياڭگاڭ شەھرىدىكى بىر مېھمانخانىدىن تېلېپون ئۇرغان، شاتلىقنى مەن بىلەن ئورتاقلاشقۇسى كەلگەن ئىدى. ئۇ شياڭگاڭدا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە ياپونىيەگە بارىدىغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلاتتى. مەن تۇردىنى بۇرۇنراق ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ خوشلاشتۇق.

تۇردى شېنجىنغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىپ پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا مەن ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلىپ قالدىم. چۈنكى شۇ چاغدىكى جوڭگونىڭ ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا شېنجېن شەھرى جوڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشكىنى ئېچىۋېتىشىنىڭ كۆزنىكى بولۇپ قالغان ئىدى. قىسقىسى ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر ئەڭ ئاۋال شېنجىندا يولغا قويۇلۇپ ئاندىن دۆلەتنىڭ باشقا جايلىرىغا كېڭەيتىلەتتى. چەتئەلنىڭ ئىقتىساد ۋە بازارغا ئائىت تۈزۈلمىلىرى(ئالدى بىلەن) ئەڭ مۇشۇ جايدا سىناق قىلىناتتى. مەلۇم نوقتىدىن ئېيتقاندا جوڭگودىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئويۇن پىرىنسىپلىرى ئاۋال شېنجىندا يولغا قويۇلۇپ ئاندىن دۆلەتنىڭ باشقا جايلىرىغا كېڭىيەتتى. سىز ئۆرۈمچىدە تۇرۇپ ئىگىلىك تىكلەش يولىدا باش قاتۇرۇپ يۈرگەندە شېنجىندا ياشاپ باققان بىرسى شېنجىندا ھەممە ئادەمگە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئىگىلىك تىكلەشنىڭ مەلۇم بىر تۈرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرسە ئۇ ئۆرۈمچىدە يېڭىلىق بولۇپ قالاتتى. قىسقىسى ئۆرۈمچى بىلەن شېنجېن ئارىلىقىدا ئەنە شۇنداق ئىلغار ۋە قالاقلىق ۋە تەپەككۇر بوشلۇقى شەكىللىنىپ قالغان ئىدى.

مەن ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا دېڭ شياپىڭنىڭ **1992** ـ يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەممە سۆزىگە دىققەت قىلغان، بولۇپمۇ بىر قىسىم رايونلارنى ئاۋال تەرەققى قىلدۇرۇش، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاۋال بېيىتىش دېگەن يولىيورۇقلىرى ھەققىدە ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئويلانغان ئىدىم. ھەتتا شۇ چاغدا بىزگە سوتسيالىستىك قۇرۇلۇش دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇشۇ ھەقتە مۇنازىرىلىشىپ قالغان ئىدىم.

ـ مۇئەللىم، ـ دېگەن ئىدىم مەن، ـ بىر قىسىم رايونلارنى ئاۋال تەرەققى قىلدۇرۇش، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاۋال بېيىتىش دېگەن گەپنى چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسىلا.

مۇئەللىم خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

ـ ئاۋال تەرەققى قىلدىغان بىر قىسىم رايونلار دېگىنىز بويىچە رايونلىرىنى كۆرستەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم يەنە.

ـ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاپ بەردى مۇئەللىم.

ـ ئۇنداقتا بۇ گەپتىن دېگىنىزغا قانچە يىراق بولساڭ شۇنچە كېيىن تەرەققى قىلىسەن دېگەن مەنە چىقامدۇ، ـ دەپ سورىدىم مەن تېخىمۇ ئىچكىرلەپ.

ـ بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ـ دېدى ئوقۇتقۇچى گاڭگىراپ.

ـ بۇ گەپتە دەل شۇنداق مەنە بار. لوگىكا نوقتىسىدىن شۇنداق، ـ دەپ تالاشتىم مەن. ـ دېگىنىز بويىچە رايونلىرنى ئاۋال تەرەققى قىلدۇرۇش دېگەنلىك دېڭىزغا قانچە يېقىن بولسا شۇنچە ئاۋال تەرەققى قىلىدۇ، دېڭىزغا يىراق بولغانسىرى كېيىن تەرەققى قىلىدۇ دېگەنلىكقۇ.

كېيىن مۇئەللىم سۇئاللىرىمغا جاۋاپ بېرىشنى خالىماي قويدى. مەن مۇئەللىمدىن تېخىمۇ ئىچكىرلەپ ئاۋال بېيىيدىغانلار قاتارىدا مەن بارمۇ يوقمۇ؟ قانداق كىشلەر ئاۋال بېيىيدۇ؟ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى كىشلەر ئاۋال

بېيىپ ،دېڭىزدىن يىراق كىشىلەر كېيىن بېيىمدۇ دېگەن سوئاللارنى سورىماقچى ئىدىم. لېكىن سورىيالمىدىم. كېيىن بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئويلاندىم،ماتېرىيال كۆردۈم،ئىقتىسادقا ئائىت قوللانمىلاردىن گېپىمگە جاۋاپ ئىزدىدىم. ئەڭ ئاخىرى مۇشۇ ھەقتىكى ئويلىنىشلىرىمنى بىر پارچە ماقالە قىلىپ چىقىپ ‹‹ئىچىدە ۋە سىرتىدا ›› دەپ نام قويۇپ مەتبۇئاتقا تەڭلەپ كۆردۈم،ئاخىرى بۇ ماقالەم شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلىدا 2009 ـ يىلى يازدا ئاما بىلەن ئۇچراشتى.

قىسقىسى شىنجىن دۇنيادىكى پىشقان ئەڭ چوڭ بازار شياڭگاڭ پورتىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىدى. ھۆكۈمەت شىنجىننى مۇشۇ ئەۋزەللىككە ئاساسەن ئىقتىسادى ئالاھىدە رايون قىلىپ قۇرۇپ چىققان ئىدى. مەقسەد شياڭگاڭدىن ئىبارەت چوڭ بازاردىن مەغلەغ جەلىپ قىلىش ،ئەڭ مۇھىمى شياڭگاڭدىن ئىبارەت پىشقان بازاردىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئويۇن پىرىنسىپلىرىنى ئىگەللەش ئىدى. شۇڭا شياڭگاڭدا بارلىققا كەلگەن ياكى شياڭگاڭدا بار ئويۇن پىرىنسىپلىرى ناھايىتى تېزلا شىنجىندا پەيدا بولاتتى. ئاندىن جوڭگونىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلاتتى. مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەردىن تارتىپ ،ئىگىلىك تىكلەشكە مۇناسىۋەتلىك يېڭى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋال شىنجىندا پەيدا بولۇپ ئاندىن جوڭگونىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلاتتى. شۇ سەۋەپتىنمۇ شىنجىن ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ماھارەت ئىگەللەيدىغان مەكتەپكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

قىسقىسى بىر مەزگىل شىنجىندا ياشاپ بېقىش ،شىنجىننى كۆزىتىش ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى پۇرسەت ۋە يېڭى تەپەككۇر مۇھىتى بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇلار شىنجىندا ئۆگەنگەنلىرىنى تېخى بەك تەرەققى قىلىپ كەتمىگەن رايونلارغا كېلىپ ئومۇملاشتۇرسا ناھايىتى تېزلا گۈللىنىپ كېتەلەيتتى.

قارىغاندا تۇردى دەل مانا مۇشۇ مەقسەدنى كۆزلىگەندەك قىلاتتى. كېيىنكى ئەمىلىيەت مېنىڭ خاتالاشمىغانلىغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى. تۇردى شىنجېنغا ئاشۇ مەقسەتتە بېرىپلا قالماي ئۆزىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقستىگە باشقا ئۇسۇل بىلەن يەتكەن ئىدى.

ـ مەلۇم نوقتىدىن ئېيتقاندا شىنجىن ئىقتىسادتىكى بىر چوقا. بۇ چوقىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ باققاندا ئاندىن نىمىنىڭ ئىقتىسادتىكى ئويۇن پىرىنسىپى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالغىلى بولۇشى مۇمكىن. مەن دەل مۇشۇ ئويدا شىنجىنغا كېلىشنى قارار قىلدىم، ـ دىدى تۇردى خېلى مەزگىلدىن كېيىن.

تۇردىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى ئەمدى ئايان بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئەلۋەتتە ،ھاياتنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرىدىغان تۇردى كەبى ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەك ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقستى نۇرغۇن مەقسەتلەرنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولىدۇ. ئۇلار ئىمكان بار ئۆز مەقستىنى يوشۇرۇپ ،شەرقتىن شەپە بېرىپ ،غەرپتىن ھۇجۇم قىلىشنى ،ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ غەلبە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا مېنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان تۇردىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى ئايان بولۇشقا باشلىدى دېگەن گەپىنى تۇردىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇماي ئۇ بۇ يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىشىنىڭ مەقسدى ئېگىلىك تىكلەش ئېكەن دەپ چۈشەنسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. ئۇ قانداقراق بىر ئىگىلىك تىكلىمەكچى بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس. ئەڭ ئاخىرى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى بۇ نوقتا تېخىمۇ گۇڭگا .لېكىن تۇردى ئۆز قىممىتىنى ئىسپاتلاشنىڭ يولىنى ئىگىلىك تىكلەش دەپ مۇقىملاشتۇرغان ئىدى. قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەشنى ئۆزىنىڭ چىقىش يولى قىلىپ تاللىغان ،شىنجىننى تۇنجى قەدەمنى ئالىدىغان پەلەمپەي قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. بۇنداق تاللاش ئۇنىڭ تەپەككۇر شەكلىگە ماس كېلەتتى. دۇنيانىڭ ئىقتىسادى قانۇنىيەتلىرىگە ئائىت ئەڭ يېڭى ئويۇن پىرىنسىپلىرى ئويىنىلىپ تۇرىدىغان شىنجىن شەھرى جوڭگودىن ئىبارەت ئەڭ تېز تەرەققى قىلىۋاتقان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادى گەۋدىنىڭ كۆزنىكى ئىدى.

مېنى ھېچكىم خىزمەتتىن ھەيدەپ باقمىدى،مەن ئۇلارنىڭ يالۋۇرىشىغا قارىماي خىزمىتىمدىن ئىستىپا بەردىم.

خىزمەت ،ئىدارە ھەققىدە گەپ بولۇپ قالغاندا تۇردى ‹‹مەن ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن ئورۇندا خىزمەت قىلىپ باقتىم،لېكىن ھېچكىم مېنى ئىش ئورنۇمدىن قالدۇرۇپ باقمىدى. ئەكسىچە يالۋۇرىشىغا قارىماي ئۇلارنى شاللاپ تاشلىدىم. ئۇلارنى مېنى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدىم›› دەپ ماختىنىپ قويىدۇ.

تۇردىنىڭ بۇگەپلىرىگە ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچ يوشۇرۇلغان. ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر شىركەت ياكى ئىدارە ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ئەڭ سەرخىل بىر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قېلىش تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيان. لېكىن كىمنىڭ قانچىلىك ئىقتىدارى بارلىقىنى ئايرىپ كەتكىلى بولمايدىغان،ئىقتىساسلىقلارنىڭ رولى تېخى بەك جارى بولۇپ كەتمىگەن ئىدارە ـ ئورگان ۋە شىركەتلەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تۇردىنىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسىگە يەتمەك ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. ھازىرمۇ نۇرغۇن ئىدارىلەردە موللا جىق ،قوي هارام

بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزى شاللاش مېخانىزمى يوق ئىدارىلەردە لاياقەتسىز رەھبەرلەر مەلۇم ئارقا تىرىكى ياكى قېلىنلىق ئىلمىنىڭ مۇناسىۋەتشۇناسلىقىغا ئائىت بەزى ماھارەتلىرىنى ياخشى ئىگەللىگەنلىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئىقتىساسلىقلارغا يول بەرمەي ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرىۋاتىدۇ. لېكىن شىنجاڭدا تۇردىنىڭ بۈگۈنكى چۈشىنەلەيدىغانلار يوق ئەمەس. ئارىمىزدا تۇردىغا ئوخشاش ئىدارە ۋە شىركەت تاللاپ يۈرگەن، ئەڭ ئاخىرى ئۆزى ئىشلىگەن ئورۇنلاردىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي ئۆزى ئۆزىگە خىزمەت ئورنى يارىتىپ يۈرگەن ئىقتىساس ئىگىلىرىمۇ خېلى بار. بۇ بىر ياخشى يۈزلىنىش. لېكىن نۇرغۇن ئىقتىساس ئىگىسىدە تۇردىغا ئوخشاش ئۆزى ئۈچۈن ئىش ئورنى يارىتىش ئىقتىدارى بولۇشى ناتايىن. يەنە نۇرغۇن ئىقتىساس ئىگىسى ئۆزى ئۈچۈن ئىش ئورنى يارىتىمەن دەپ نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ناۋادا ئەشۇ ئىقتىساس ئىگىلىرىگە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئىش ئورۇنلىرى ھازىرلانغان بولسىچۇ؟ بەلكىم ئىقتىساس ئىگىلىرىنىڭ زېھنى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە سەرپ بولماي بىۋاستە ئۆز كەسپىگە قارىتىلىپ نۇرغۇن نەتىجىلەرنىڭ يارىتىلىش ۋاقتى ئالدىغا سۈرۈلگەن بولاتتى. ئۇندىن باشقا ھەممە ئىقتىساس ئىگىسىدە ئىگىلىك يارىتىش ئىقتىدارى بولىدۇ دەپ قاراشمۇ ئىلمىيلىك ئەمەس.

ئامال قانچە، شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئىقتىساس ئىگىسىنىڭ تۇتقان يولى شارائىت بار بولسا قەدىرلەش، شارائىت بولمىسا يارىتىش، يول يوق يەردە يول ئېچىپ ئىلگىرلەش. بۇ بىر ياخشىلىقمۇ ياكى يامانلىقمۇ؟ ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. لېكىن جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق قۇربان بېرىش روھى ئادەملەر تۈپەيلىدىن تەرەققىي قىلىدۇ. ئىلگىرلەيدۇ. ئۆي كونىراپ قالسا ياكى ئىشلىتىش ئۈنىمدە مەسىلە بارلىقى سېزىلسە بەزى ئۆي ئىگىلىرى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆينى قايتىدىن سالىدۇ. بەزى ئۆي ئىگىلىرى تۆكنى يېتىشىغا سلاپ يەنە شۇ مۇھىت ئىچىدە ماسلىشىپ ياشاشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. قايسى يولنى تاللاش ئادەمنىڭ دىتىغا باغلىق خالاس.

تۇردىنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىش تارىخى خېلى بار. لېكىن بۇ تارىخلارنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شېنجېندىكى بىر ياپونىيە شىركىتىدىن ئىستىپا بېرىش جەريانى.

تۇردى 1997-يىلى شېنجېنغا بېرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭ راۋان ياپون تىلى ئىقتىدارى ۋە ئالى مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئېلېكترگە ئائىت بىلىملىرىگە تايىنىپ ياپونىيەنىڭ بىر سائەت شىركىتىنىڭ شېنجېندىكى شۆبىسىدىن خىزمەت تاپتى. نۇرغۇن ئۇيغۇر شېنجېنغا بېرىپ تەرجىمانلىق، چەتئەللىكلەرگە مال سېتىۋېلىشقا ياردەملىشىش، شېنجېننىڭ ئەرزان ئېلېكترونلۇق بۇيۇملىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىش يولىغا ماڭغان بولسىمۇ تۇردى ئۇلارنىڭ بۇ يولىدا مېڭىشنى خالىمىدى. ئۇ ياپونىيەنىڭ شىركىتىگە ئىنتىھان بېرىپ نۇرغۇن رىقابەتچى ئىچىدىن ئۆزۈپ چىقىپ خىزمەتكە كىرىشتى. لېكىن باشقا نۇرغۇن شېنجېنغا ئېقىپ كىرگەن ئىشلەمچىدەك قارا ئىش قىلمىدى. بىز مەزگىل تېخنىكلىق ئىشلارنى ئىشلىگەندىن كېيىن باشقۇرغۇچىلىققا كۆتۈرۈلدى. تۇردىنىڭ ئەستايىدىللىقى، كەسپكە پىششىقلىقى ناھايىتى تېزلا سامان ئىچىدىن داننى بايقاشقا ماھىر ياپونىيە تەرەپ باشقۇرغۇچىلىنىڭ نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئۇلار تۇردىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ خېلى ئىشلارنى قىلىشقا يېتىدىغانلىقىنى بايقاپ ئۇنى قازدى. تۇردىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا قېزىش ئەمەس تۇردىنىڭ بارلىق ئىقتىدارلىرىنى سۈت كالىسىنى ساغقاندەك سېغىشقا باشلىدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى جوڭگونىڭ كارخانىسىدا ئىشلەش تارىخى بار تۇردى ئەمدى كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىدا كاپىتالىستلارنىڭ ئادەمنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلىدى.

- ئۇلار تېخنىكىغا ماھىر بولۇپ قالماي ئادەم ئىشلىتىشكە، ئادەمدىن ئۆزى بەرگەن ھەقتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكۈدەك قىممەت يۇلۇۋېلىشقىمۇ ماھىر ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ زاۋۇتىدا باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئادەمنىڭ يىلىكىنى شوراش ئىقتىدارى –توغرىسىنى ئېيتقاندا كاپىتالىستلارنىڭ ئادەمنىڭ يىلىكىنى قانداق شوراپ، قانداق مەززە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، - دەيدۇ تۇردى ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى تارىخى ھەققىدە گەپ بولغاندا.

لېكىن تۇردى جاپاغا چىدىدى. سەندە ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكىدەك ئەقىللىك ياكى ئۇلارنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى بولمىغان ئىكەن چىداش كېرەك. لېكىن جاپا-مۇشاقەت تۇردىنىڭ روھىنى سۇندۇرالمىدى. ئەكسىچە تۇردىنى تېخىمۇ قەيسەر ۋە ئۇمىدلىك قىلىپ چېنىقتۇردى. تۇردى شىركەتنىڭ زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي قاتلىمىنى بىر-بىرلەپ كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش، ئەمگەك سىجىللىقىنى ئاشۇرۇش پرىنسىپىنى بىر-بىرلەپ كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن ئۇ بۇ شىركەتتىمۇ ئاران بىر يىل ئىشلىدى. بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىنى ئاساسەن ئىگەللەپ بولغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئەمدى ئۇ شىركەتتە ئىشلەپ داۋاملىق ۋاقتىنى زايە قىلىپ يۈرسە بولمايتتى. ئۇ يەنە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى، بىرمىنۇتمۇ ۋاقتىنى بىكارغا

ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك ئىدى. ۋاقت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايتتى. ئۇ قانچە كېچىكسە ئۇنىڭ كەلگۈسى تىكلىمەكچى بولغان ئىگىللىكىنىڭ ئۈلى شۇنچە كېيىن قويۇلاتتى.

تۇردى كەسكىنلىك بىلەن بۇ شىركەتتىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇنىڭ بىر ئوبدان باشقۇرۇش خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان جوڭگو تەرەپ خىزمەتچىللىرىنى ھەيران قالدۇردى. ياپۇن تەرەپ خىزمەتچىلىرى بولسا ھەي دەپلا قىلىشتى. ئۇلار بىر ئىقتىساس ئىگىسىنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەت چېكىشۋاتاتتى. ياپۇنلۇقلار بىلەن ئوخشاش ئىش ئۇنىمگە ئېگە، لېكىن جوڭگولۇقلاردەك ئىش ھەققى ئالىدىغان بۇنداق ئىقتىساس ئىگىسى ھەقىقەتەن كەم تېپىلاتتى. ئۇلار تۇردىنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش ،ماشىنى ئۈستۈرۈپ بېرىش ھەققىدە ۋەدە بەردى، لېكىن تۇردى ئۇلارنىڭ ۋەدىسىنى چىرايلىق رەت قىلدى. ياپۇنىيەلىكلەرمۇ بۇ خىل تەپەككۇر شەكلى بىلەن بۇنداق بىر ئىقتىساس ئىگىسىنى بۇگۇن تۇتۇپ قالغىلى بولسىمۇ ئەتە تۇتۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا پەرۋاز قىلىدىغان ئۆزىگە خاس بوشلۇق لازىملىقىنى ھىس قىلىپ تۇردىنى ناھايىتى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى.

تۇردى ئىشلىگەن بۇ شىركەتنىڭ تولۇق ئىسمى شېنجېن يۇەنلەي ئېلىكترون چەكلىك شىركىتى. تۇردىنىڭ ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپىسى تام ياكى ئۇستەل سائەتنىڭ مەركىزى توچكىسى بۆلىمىنىڭ مۇدىرى. ئۇيغۇرغا چۈشۈنۈشلۈك تىل بىلەن ئېيتقاندا ياپۇنىيەنىڭ سېيكو ماركىلىق سائىتىنىڭ جوڭگودىكى زاۋۇتىنىڭ سائەتنىڭ مەركىزى توچكىسى بۆلىمىنىڭ مۇدىرى.

تۇردى بۇ شىركەتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈش بىلەن بىرگە ئەمدى بۇندىن كېيىن قانداق قىلىش، قەيەردە ئىشلەش، نېمە ئۆگىنىش ھەققىدە ئويلاندى، دەل شۇچاغدا ئۇنى 1998 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇنى شېنجېندىكى داڭلىق شىركەتلەرنىڭ بىرى شىمال شىركىتىنىڭ سودا بۆلىمى خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى. تۇردى باش لېدىر ياردەمچىسى بولۇپ بۇ شىركەتكە ئىشقا چۈشتى. بۇ شىركەتتە خەلقارا سودا، مەبلەغ سېلىشقا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەندى. لېكىن ئۇ بۇ شىركەتتە ئاران بەش ئاي ئىشلەپ، بۇ خىزمەتتىنمۇ ئىستىپا بېرىپ، 1998

يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىۋاتاتتى. تۇردىنىڭ يېشىمۇ ئوتتۇرغا يېقىنلاشقان ئىدى. ئەمدى تۇردى خەقلەرگە ئىشلەپ يۈرۈۋەرسە بولمايتتى. ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتتا مەن ئۇنىڭغا مەشھۇر ئۆزبەك شائىرى مۇھەممەت سالىھنىڭ 30 ياش ھەققىدىكى بىر شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم. شېئىردا 30 ياش بىر ئەرنىڭ قەد كۆتىرىدىغان دەۋرى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىپ، 30 ياشتا خوتۇن ئالالمىغان ئادەم خوتۇن ئالمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەمدى خوتۇننىڭ خۇۋلىقىنى ھىس قىلالمايدۇ، 30 ياشقىچە ئۆي سالالمىغان ئادەم ئۆي سالمىسىمۇ بولىدۇ، تالادا يۈرۈپ قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزەلەيدۇ دېگەندەك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇ شېئىر ماڭا بەكمۇ ياقاتتى. مەن شۇ يىللاردا 30 ياشنى ھاياتىمدىكى بىر دەۋر بۆلگۈچ يىل دەپ قارىغان ئىدىم. مۇھەممەت سالىھنىڭ بۇ كۆز قارىشى مۇتىپەككۇر كوڭزىنىڭ ئوتتۇز ياش ئەر ـ ئەر بولىدىغان دەۋر دېگەن كۆز قارىشىغا ماس كېلەتتى.

لېيۇ شىركىتىنىڭ يۇقۇرى قاتلام باشقۇرغۇچىلىرى تۇردىنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن خېلى كۈچ سەرپ قىلدى. چۈنكى تۇردى بۇ شىركەتتە بىلمىگەنلىرىنى ئۆگەندى، ھازىرقى دۇنيادا ئەڭ ئىلغار ئۆگۈنۈش خىزمەت جەريانىدا ئۆگۈنۈش ئىدى، لېكىن ئۇ شىركەتتىن ئالغانلىرىغا قارىغاندا شىركەتكە بېغىشلىغانلىرى كۆپ ئىدى، ئىقتىسادى جەڭدىكى ئەركەك ئەشۇنداق ياشاش كېرەك ئىدى. شىركەتتىكى ئۇنىڭغا مەسئۇل باشقۇرغۇچىلار ئاشۇنداق قارايتتى، تۇردى تېزلا تەرەققى قىلىپ تېخىمۇ كۆپ مۇۋە بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. تۇردى بىلەن يېقىن ئۆتكەن بىر نەچچە ياپۇن تەرەپ خادىمى تۇردىنى ئۇزۇلدۇرمەي مېھمانغا چاقىرىپ، تۇردىغا مۇشۇ شىركەتتە داۋاملىق ئىشلەشنىڭ ئىستىقبالىنى ئېيتىپ ئىچۈردى. تۇردىنى نەچچە قېتىم ياپۇنىيەگە يىغىن ۋە ئارام ئېلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ،بۇنداق پۇرسەتنىڭ بۇندىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. لېكىن تۇردى قارارىدىن قەتئىي يانمىدى. ئەلۋەتتە، تۇردى ئىستىپا بېرىشتە مەن ئەمدى ئىشلىمەيمەن دەپ ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ئىشلىيەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئىلمىي يوللار بىلەن چۈشەندۇردى. ياپۇنىيە تەرەپ خادىملىرى ئاخىرى تۇردىنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىشنى لايىق تېپىپ ئۇنى ھەشەمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. تۇردىغا ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۇردى. ئەمدى بىر شىركەتتە ئىشلىيەلمىسىمۇ دوستلۇقنىڭ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى، تۇردىنىڭ شىركەتكە قوشقان توھپىسىنىڭ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتتى.

ئەمدى تۇردى داۋاملىق باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەۋەرسە بولمايتتى. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىش ۋە بازار تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى «شېنجېن لەتىپ سودا چەكلىك شىركىتى» نى تىزىمغا ئالدۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە خاس ئىشى بولدى. ئۇ مۇستەقىل خوجايىن سۈپىتىدە سودا قىلىشقا كىرىشتى. بۇ 2000 ـ يىلى 11 ـ ئايلار ئىدى. تۇردى 2002 ـ يىلىغىچە لەتىپ سودا شىركىتىنى ئاساس قىلىپ سودىسىنى قانات يايدۇردى. ئېلىكترونلۇن

مەھسۇلاتلار سودىسىدىن تارتىپ ھەرخىل تاشقى سودىلارغىچە ئارىلاشتى. ھەتتا تۈركمەنىستان ، ئىراندىن دېڭىز يولى ئارقىلىق تېرە يۆتكىدى. تۈركىيەدىن گۆلە يۆتكىدى. ئىشلىرى كىچىكلىكتىن چوڭايدى، تەرەققى قىلدى.

2002 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇردى دەل ئوتتۇز ياشقا كىردى. گەرچە ئۇ شىركەت قۇرغان بولسىمۇ لېكىن تېخى ئۆيلەنمىگەن، ئۆزىگە خاس ماكانىغا ئىگە بولمىغان ئىدى. مۇھەممەت سالىھنىڭ شېئىرىنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۇ ئۆيلىنىشنى بۇ يىلدىن كېچىكتۈرۈپ قويسا بولمايتتى. كەسپىي مۇۋاپىقىيەت ھوزۇرى بىلەن ئائىلىنىڭ ھوزۇرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ كەسكىنلىك بىلەن شىنجىندىكى گۈللىنىشكە باشلىغان ئىگىلىكنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ۋە شىنجىندىكى چاغدا تونۇشقان، كۆڭۈل بېرىشكەن ، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشكەن، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قوللايدىغان سۆيگەن قىزى مەريەم بىلەن توي قىلدى.

ئەمدى تۇردى ئائىلىگە ئىگە بولغان ئىدى. ئىلگىركىدەك ھەممە يەردە چېپىپ يۈرسە بولمايتتى. غالىپ كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ ، قىلغانكى ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ ، شۇڭا ئىشلارمۇ ئۇلارغا مەسئۇل بولىدۇ ، ئۇ ئائىلە قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى بىر مۇساپىدىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئىپادىلىدى ، ئۇنىڭ تۇرمۇش رېتىمى ئۆزگەردى ، ئۇ بۇرۇن كۈندۈلۈك ئىشلىرىنى پۇل تېپىش ، سودا تىجارەتتىن ئىبارەت بىرلا مەقسەتكە بويسۇندۇرۇپ ئورۇنلاشتۇراتتى ، ئەمدى ئائىلىسىگە مەسئۇل بولۇشى ،ئۆزىگە بارلىقىنى تاپشۇرغا ئايالىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆي تۇتمەن دەپ ئايرىلىپ قالغانلىرىدىن قاقشىمىدى ، ئۇ ئىقتىدارلىقلارغا يول كۆپ دىگەنگە ئىشىنەتتى ، ئۇ يول ئىزدەپ شىنجىنغا كەتكەن ، لېكىن ئۈرۈمچىدە يول يوق دىگەنگە ئۇ ئىشەنمەيتتى. مۇھىمى ئەمدى ئۇ شىنجىندا ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز يۇرتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىشى ،ئۆزىنىڭ يۇرتىدا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۇ يەردىكى سودا پۇرسەتلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. شىنجىندا يېڭى كۆزىتىش نوقتىسىغا ئىگە بولغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۈرۈمچى پۇرسەت بىلەن تولۇپ تاشقان، تېخى ئېچىلمىغان بىر شەھەر ئىدى. ئاخىرى تۇردى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قېلىش ،ئىشلىرىنى مۇشۇ يەردە قانات يايدۇرۇش قارارىغا كەلدى.

شىنجىندىكى دوستلىرى ئۇنىڭ قارارىدىن ھەيران قالدى. شىنجىندىكى بىر ئوبدان راۋاجلىنىش يولىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىدە ھەممە ئىشنى يېڭىدىن باشلىماقچى بولۇش دەرۋەقە قارىماققا زور زىيان ، ۋاز كېچىش ئۈستىگە قۇرۇلغان، ھەممىنى نۆلدىن يەنى باشقىدىن باشلاش تېپىدىكى تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. لېكىن تۇردى بۇنى تەۋەككۈلچىلىك دەپ قارىمايتتى. چۈنكى قايتىدىن ئىرىشىشكە ئىقتىدار تەييارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قىينىلىپ كەتمەيتتى، نۇرغۇن ئېسىل خىزمەت ئورنىدىن كەسكىنلىك بىلەن ئىستىپا بېرەلىگەن تۇردى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەممىنى يېڭىدىن باشلاش ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدا قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى. چۈنكى ئىقتىدارلىق كىشى ئۈچۈن يول كۆپ ئىدى.

يازغۇچى بولۇشقا قىل قالغان تۇردى

تۇردىنىڭ شىنجىندا قۇرغان تۇنجى مۇستەقىل شىركىتىنىڭ ئىسمي لەتىپ سودا شىركىتى ئىدى. نىمىشقا تۇردى بۇ شىركەتكە لەتىپ دەپ ئىسىم قويدى؟ بەلكىم مۇشۇ نوقتا ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تۇردىنىڭ كېيىن قۇرغان شىركەتلىرىدىمۇ بىر خىل ئەدەبىي مەنە يۇراپ تۇراتتى. شىنجىندا باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرغان ئىخلاس سودا شىركىتىنىڭ ئىسمىدىمۇ شۇنداق پۇراق بار ئىدى. ھازىرقى شىركىتىنىڭ ئىسمىمۇ ئىزگۈ ئۇچۇر ، پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئىدى.

تۇردىنىڭ لەتىپ دىگەن ئىسمنى تۇنجى شىركىتىنىڭ نامى قىلىپ تاللىشىدا مەلۇم شەخسىي سەۋەپ بار ئىدى. شۇڭا بۇ شەخسىي سەۋەپنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن گەپنى يەنە باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1994 ـ يىلى تۇردى بىلەن ئىككىمىز تونۇشقان يىللاردا مېنىڭ ئەدەبىياتچىلىق نوقتىسىدىن چىقىپ تۇردىنىڭ ئەدەبىياتچىلىققا —يەنە ياپۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بىۋاستە ياپۇن تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېقىشقا ئۈندىگىنىم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. ئەنە شۇ يىللاردا تۇردى مېنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىنمۇ ياكى ئۆزىدە تۇغما بولغان ئەدەبىياتقا قىزىقىش بارمۇ تۇيۇقسىز ئەدەبىياتقا كىرىشىپ قالدى. بەلكىم تۇردىنىڭ سۆزلەشكە ،ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ھېرىسمەنلىكىمۇ ئۇنىڭ ئويلىرىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ھەققەتەن توختىماي سۆزلەش،ئۆزىنى ئىپادىلەشنى تۇردىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دىيىش مۇمكىن. لېكىن تۇردىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى كۆپىنچە سورۇنلاردا گەۋدىلىنىپ كەتمەيدۇ. لېكىن يېقىن دوستلىرىنى —بولۇپمۇ ئۆزىنى چۈشىنىدىغان دوستلىرىنى كۆرگەندە تۇيۇقسىز يانار تاغدەك پارتلايدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم شياڭگاڭغا چىققاندىمۇ يېرىم كېچىدە تېلېفون قىلغان،ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىر سائەتتىن ئارتۇق ئىپادىلىگەن ئىدى. كېيىن ھەتتا تۇققان يوقلىغىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە مېھمانخانىدا ئېلىپ قويغان ياتىقىدا ياتماي ،مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ مەن بىلەن

بىر كېچە مۇڭداشقان ،ھەتتا ئۇيقۇدىن كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كەتكەندە«سىز ئۇخلاۋېرىڭ ،مەن داۋاملىق سۆزلەي» دەپ مېنى كۈلدۈرىۋەتكەن ئىدى.

تۇردى ئاۋال مېنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە ئەدەبىي تەرجىمىگە كىرىشتى. لېكىن مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك كاۋاباتا ياسۇنارى قاتارلىقلارنىڭ ئەسىرىنى ئەمەس بەلكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھىندىستان يازغۇچىسى كىراش چاندىرنىڭ «بومباي كوچىسى» ناملىق رومانىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. تەرجىمىگە شۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدىكى ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى بىر مەزگىل ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان مېنىمۇ قايىل قىلدى. كېيىن ئۇ لېۋ تولستوينىڭ «كاۋكاز تۇتقۇنى» ناملىق پوۋېستىنى ياپۇن تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتى. لېكىن ئىككىلا ئەسەرنىڭ ھەجمى بەك چوڭ بولغاچقا بىرەر نەشرىيات ياكى مەتبۇئات ئورنى بۇ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا قىزىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇردى قىسقا ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ قىلغان ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى كۆردى. 1995 ـ يىللىق دۇنيا ئەدەبىياتى ژورنىلىنىڭ 6 ـ سانىدا ئۇنىڭ ياپۇن تىلىدىن تەرجىمە قىلغان «رەسىملىك كىتاب» ناملىق ھېكايىسى، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «چۆجە بىلەن خانقىز» ناملىق ھېكايىسى، 1997 ـ يىلى 2 ـ سانىدا «ياشلىقتا قايتىش» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى.

تۇردى ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە مېنىڭ يانىقىمدا بولىدىغان ھەرخىل ئەدەبىي سورۇنلارغا قاتنىشىش ،ئەدەبىياتچى دوستلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش نەتىجىسىدە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ بېقىشقا كىرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇردى مۇنىياز دېگەن ئىسمىدا بۇ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشتىن كۆرە ئۆزىگە تەخەللۇس قويۇپ ئەسەر ئېلان قىلىش ئويىغا كېلىپ قالدى. بەلكىم تەخەللۇسى بولۇشنى ئەدەبىياتچى بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ ئويلاپ قالغاندۇ ياكى بولمىسا مەن بىر تەبئىي پەنچى تۇرسا ،يازغان ئەسەرلىرىمنى كەسپداشلار كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار دەپ ئويلىغاندۇ. قىسقىسى ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى تۇردى مونىياز دېگەن نامدا ئەمەس بەلكى تۇردى لېتىپ دېگەن ئىسمدا ئېلان قىلدى. مەنمۇ لەتىپ دېگەن ئىسمنى ئۆزىمگە تەخەللۇس قىلىۋالدىم دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ياش ئىگىلىك تىكلىگۈچى، بۇ ئاز تۇپقا شۇنداق بىر تامغا بېسىلغانكى ئۇلار گاھىدا ئۆزىنى تەنھا ھېس قىلىدۇ، ئەتراپىدىكى بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئەقەللى قاراشتىمۇ ئارقىدا قالغانلىقىغا ئېچىنىدۇ، گاھىدا ئۇ سۆزلىسە سورۇندىكىلەر ھەيران بولۇپ قاراپ قالىدۇ، ياكى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇ تاللاپ پىكىر قاتناشتۇرۇشقا كۆنگەن، ئۇ يېڭى تىپتىكى كارخانىچى. ئۇ پۇلنى قاراملىق ياكى تەساددىپىي پۇرسەتتە بېيىغان ئالدىنقى ئەۋلات ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۇ بىكار قالغانلىرىدا ئويلىنىدۇ، ماتېرىيال كۆرىدۇ، لاھىيە يازىدۇ، كومپيۇتېر ئالدىدا ئۇخلاپمۇ قالىدۇ. ئۇ يازغۇچى دوستلىرىنىڭ تەسىرى ۋە يازغۇچىلىرى كۆپ مىللەتنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن يېزىقچىلىققا كىرىپ قالدى. باشقا تىلنى شۇ تىلدا كۆندىلىك خاتىرە يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىپ تۇرۇپ ئۆگىنىۋاتقان ئۇسۇللىرى ھەم يېڭى تىپتىكى كارخانىچى بولۇش ئەۋزەللىكى بىلەن يېزىقچىلىقتا تەبئىي ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا توختىماي يازدى، يېزىپ تۇرۇپ تەپەككۇر قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تىلنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ كۆپ ماتېرىيال كۆرۈپ تۇرۇپ كۆپ قىر، كۆپ تەرەپتىن چېنىقىپ تۇرۇپ ئۆگىنىۋاتقان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن ئۆگەنگەن بولغاچقا تەبئىي ھالدا تەرجىمان بولۇپ قالدى.

1997 ـ يىلى شىجاڭ ياشلىرى ژورنىلىنىڭ بىرىنچى سانىدا ئۇنىڭ «زامانىمىزدىكى رەڭدارلىق ۋە كىشىلەرنىڭ دىتىغا سىغمايۋاتقان سۇپەت ئۆزگىرىشى»ناملىق ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى. شۇ يىلى شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژورنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا «ئېچىۋېتىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ تاكى شېنجېنغا كېتىپ يېزىشقا ۋاقتى چىقمىغانغا قەدەر شىنجاڭ ياشلىرى ،شىنجاڭ مەدەنىيىتى ،دۇنيا ئەدەبىياتى ،ئاسىيا كىندىكى ،ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا 10 نەچچە پارچە ئەسەر ئېلان قىلدى. «كوئېنلۇنغا سەپەر» دېگەن نامدا چوڭ تىپتىكى ئەدەبىي خاتىرە يېزىپ ئېلان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

بەلكىم تۇردى شېنجېنغا كەتمەي ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋۋەرگەن ،مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان ئەدەبىياتچى دوستلار بىلەن ئارىلىشىۋەرگەن بولسا بەلكىم بۇگۈنكى كۈندە خېلى نامى بار بىر يازارمەن بولۇپ قېلىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئەلۋەتتە ،تۇردى كېيىنكى مەزگىلدىمۇ يېزىشنى تاشلىمىدى. لېكىن كۆپ يېزىپ كېتەلمىدى. ئۇ شېنجېندىكى چاغلاردا رەھمەتلىك يازغۇچى ھۆسەيىن تاشنىڭ «رەڭ قارغۇسى» ناملىق ھېكايىسىنى ياپۇن تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ پەقەت تەرجىمە قىلىپ ئەسەر ئېلان قىلىپ قەلەم ھەققى ئېلىشلا ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ تەرجىمە ئارقىلىق تىل، يېزىقچىلىق ۋە ئەقىل جەھەتتە مەشقلىنىش ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ تەرجىمە ئۇسۇلىمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. كېيىن« ئىزدىنىش» قاتارلىق تورلاردا ئىقتىساد

،ئېچىۋېتىش ،يېڭى تەپەككۇر ،يېڭى سودا پۈرستى ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلەرنى يېزىپ تورداشلار ئالقىشلايدىغان تور يازغۇچىسىغا ئايلاندى.

لېكىن تۇردى يېزىقچىلىقنى ئۆزىنىڭ كەسپى ئەمەس بەلكى ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ۋاستە دەپلا قارىدى.ئەدەبىياتقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئۇرمىدى.ئەدەبىياتتىن ئىبارەت يېزىقچىلىق سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېغىز تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ياكى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولسىمۇ جىق ئادەم نەپ ئالالمايدىغان ،ھەرخىل ئويلىرىنى ئىپادىلەشنى مەقسەد قىلدى.ئۇنىڭ بۇ خىل ئەدەبىيات قىزغىنلىقى ئىختىيارسىز ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى.ئادەمنى تۇردى نۇرغۇن ئەدەبىياتچىلارغا قارىغاندا ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ يېقىن ئىكەن دېگەن خىيالغا كەلتۈرەتتى.

تۇردى ھازىرمۇ ئويلىغانلىرىنى خاتىرلەپ قويۇش بىلەن بىرگە تۇردى مۇنىياز دېگەن ئىسمىدىن كۆرە تۇردى لېتىپ دېگەن تەخەللۇس قوشۇلغان ئىسمىنى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.ھەتتە نۇرغۇن ئادەم تۇردىنى تۇردى لېتىپ دەپ تونۇيدى.ھەتتا بەزى تونۇشلىرى ئۇنىڭ تۇردى لەتىپ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇ ھېلىقى تۇردى مۇنىياز شۇمۇ دەپ ھەيران قېلىشىدۇ.لېكىن تۇردى بۇنداق ھەيران قېلىشلارغا بىپەرۋا. ئەتراپتىكى ئۆزى ھەققىدە بولۇۋاتقان مۇھاكىمىلەرگە بىپەرۋا قاراپ ،ھەممە ئىشقا ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىگە ئايلىنىپ قالغان.

بەزىدە تۇردى يېزىقچىلىق ھەققىدە گەپ بولغاندا ياخشى ئىش ـ ھەركەتمۇ ناھايىتى يۇقۇرى سەۋىيەلىك يېزىقچىلىق دەپ پو ئېتىپ قويىدۇ.بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ھازىرقى كۆپ يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالماس بولۇپ قالغانلىقىغا كەلتۈرگەن باھانىسىدۇر.لېكىن تۇردىغا ئوخشاش يېزىقچىلىققا كىرىشىپ قالغان ئادەملەرنى يېزىش —يازماسلىق ھەققىدە سۆيلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.ئۇ يېزىش ئۈچۈن ئەمەس ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يازغاچقا ئۆزىنى ئىپادىلىگۈسى كەلسە ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدىمۇ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قويۇشى مۇمكىن.ھەتتا بەزى خىياللىرىنى يازغاندىن كۆرە ئۆزىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە كارخانا قۇرۇش ئەمىلىيىتى جەريانىدا ئىشلىتىپ تاشلىشى مۇمكىن.بۈگۈنكى جەمىيەتكە زۆرۈر بولغىنى قۇرۇق نەزىرىيەدىن كۆرە سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەمەلىيەت ئىكەنلىكى نۇرغۇن ئوقۇرمەنگە سىر بولمىسا كېرەك.

## تۇردىنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئويلىرى

تۇردىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئويلىرىنى چۈشىنىش كېرەك.ئەلۋەتتە ،تۇردىنى چۈشىنىشتىن كۆرە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بايان قىلىش ئوقۇرمەننىڭ زوقىنى قوزغاپ تۇرسىمۇ تۇردىنىڭ ھايات چۈشەنچىسى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇنىڭ ھايات چۈشەنچىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك.بەلكىم تۇردىنىڭ بەزى ھايات چۈشەنچىلىرى بەزى ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى تەپەككۇر يولى ئاتا قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

تۇردى ياپونىيەلىك بىر كارخانىچى يازغان ‹‹ياشاش ئۇسۇلى›› ناملىق خەنزۇچە كىتابنى تەكرار —تەكرار ئوقۇيدۇ.ياپون تىلى ئۇنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشىدىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل بولۇپلا قالماي ياپونىيەلىكلەرنىڭ تەپەككۇر شەكلى تۇردى ئۆلگە ئېلىشنى خالايدىغان ئەڭ ئالى تەپەككۇر شەكلىدۇر.تۇردى ياپونىيەلىكلەرنىڭ تەپەككۇر شەكلىگە قىزىقىدۇ.لېكىن بۇ قىزىقىش چوقۇنۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن.ياكى تۇردىدا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىگە چوقۇنۇش تۇيغۇسى يوق.ئۇ ئادەتتە ھەرقانداق شەكىلدىكى چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدۇ.ئۇنى ياپونلارنىڭ بۈگۈنكى تەپەككۇر شەكلىنى ياپونىيەنىڭ بۈگۈنكى قۇدرىتىگە ئاساس سالغان دەپ قاراپ ،ئەشۇ تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ،ئەشۇ تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزىگە ئۆلگە قىلىدۇ دېسەك ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.لېكىن ياپونلارنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان مەپتۇنلۇقى ئۇنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قەدىمىي تەپەككۇرىغا بولغان سېغىنىشىنى يوققا چىقىرالمىغان.بەزىدە ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قاتناش تەرەققىي قىلمىغان ئەشۇ يىللاردا يېپەك يولىنى ئاچقان ،ئاسىيا ـ ياۋروپانى بويلاپ سودا قىلغان شانلىق تارىخنى ئەسكە ئېلىپ كۆڭلىنى تاتلىق قىلىدۇ ۋە ئەشۇ جەريانلاردىن بۈگۈنكى سودا يولى ۋە ئىگىلىكى ئۈچۈن ئۆلگە ئالغىلى بولىدىغان تەركىپلەرنى ئىزدەيدۇ.

مۇكەممەل ئادەم ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھايات قارىشى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىپ بولغان ئادەم دەپ قارايدۇ تۇردى.

ياشاش ئۇسۇلى دەل شۇكىشىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىتەرەپ قىلىشىدىن تارتىپ ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشىگە قەدەر بولغان جەريانلارنىڭ سىستېمىسىدۇر ياكى كىشى ئەشۇ جاريانلاردا ئەمەل قىلىدىغان قائىدە ـ پىرىنسىپلارنىڭ يىغىندىسىدۇر.ياخشى ۋە ئۆزگىچە ياشاش ئۇسۇلى بىزنى مۇۋاپىقىيەت يولىغا باشلايدۇ.

تۇردى بېيجىڭدىكى بىر ياپونىيە شىركىتى بىلەن خېلى ئۇزاق سودا مۇناسىۋىتىدە بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يا تەرەققىي قىلماي ،يا پەسىيىپ كەتمەي بىر ئىزدا تۇرۇپ قالدى. بىر قېتىم ياپونىيە شىركىتى ئۇنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ كەچلىك زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ياپون تەرەپ ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. تۇردى ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئۇلارغا ئۆزى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغدا تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىدىن ئوقۇۋالغان بىر مەسەلنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

بىر تۇرنا بىلەن تۈلكە دوست بوپتۇ. بىركۈنى تۈلكە تۇرنىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. تۈلكە ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە يەيدىغان تاماقنى بىر چوڭ تەخسىگە ئۇسۇپ ئېلىپ كەپتۇ. تۇرنىنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن بولغاچقا ياپىلاق تەخسىدىكى تاماقنى يېيەلمەي ئاچ قاپتۇ. تۈلكە بولسا يالاپ ـ يالماپ ھەممە تاماقنى يەۋېتىپتۇ.

بىركۈنى تۇرنا تۈلكىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بۇ قېتىم تۇرنا تاماقنى ئېغىزى تار، قورسىقى ئۇزۇن ،ئۆزى بەھۇزۇر تاماقلىنالايدىغان چۆگۈنسىمان نەرسىدە ئەكەپتۇ. تۈلكە تاماق يەي دەپ ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ تۇمشۇقىنى چۆگۈنسىمان قاچىغا تىقالماي ئاچ قاپتۇ. تۇرنا بولسا ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن تاماقنى تويغۇچە يەپتۇ.

مەن بىلەن سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار دەل تۇرنا بىلەن تۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ قالدى. ناۋادا ھەمكارلىقىمىزنى كۈچەيتەيلى دېسەك بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتسەك.

سورۇندىكى ياپونلار بۇ مەسەلنى ئاڭلاپ جىمىپ قاپتۇ. لېكىن شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سودىسى شۇنداق راۋانلىشىپ كېتىپتۇ. سودا مۇناسىۋىتى بولسۇن ياكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولسۇن تۈلكە بىلەن تۇرنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ قالسا بۇنداق مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. كەسكىن ھالدا ئۆزگەرتىش ،تۇرنا تۈلكىنىڭ تاماق يېيىش ئۇسۇلىغا ،تۈلكە تۇرنىنىڭ تاماق يېيىش ئۇسۇلىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

تۇردى ياپونلار بىلەن ئارىلىشىش ،ياپونلار بىلەن سودا قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە خاس كارخانا باشقۇرۇش ئۇسلى بىلەن ياشاش ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھازىرمۇ بار ئامال بىلەن ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈچەۋاتىدۇ.

قول ـ قولنى يۇيسا ،قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ دېگەن ھېكمەتنىڭ روھىغا كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاساسىي قائىدىسى سىڭىپ كەتكەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز سودىغا ماھىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى يەكۈنلىرىنى ماقال –تەمسىل ،چۆچەك ۋە مەسەللەرگە يوشۇرۇۋەتكەن. شۇڭا دۇنادا ياخشىلىق ئارقىلىق ياخشىلىققا ئېرىشىشتەك ياخشى قانۇنىيەت ئاساسى ئورۇندا تۇرغاچقا دۇنيا ياخشىلىقلار جۇغلانمىسى ئىچىدە ئامان ئېسەن تۇرماقتا.

مۇۋاپىقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىش شەكلى قانداق،ياشاش شەكلى قانداق چوقۇم ئېنىق چۈشەنچىگە ئېگە بولۇش لازىم. ئۆزىنىڭ سودا ئوبيېكتىنى چۈشۈنۈش سودا رىقابەتچىسىنى چۈشەنگەندەك مۇھىم .

بەلكىم تۇردىنىڭ ھايات ئۇسۇلى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى بۇندىن كېيىن تېخىمۇ مۇكەممەللىششى ،تۇردى مۇشۇ ھايات ئۇسۇلىغا تايىنىپ تېخىمۇ زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن. چۆجىنى كۈزدە ،چۆچىرىنى پىشقاندا ساناشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن تۇردىنىڭ بۇ خىل سوغۇققان تەپەككۇرى مەلۇم نوقتىدا ئادەمگە تۇردىنىڭ كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرىدۇ.

ساراڭ دەپ نامى بار تۇردى

تۇردى سانائەت ئىنستىتوتىدا ئوقۇۋاتقان يىللاردا ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە كاللىسىنىڭ سۈيى بارلار تىپىدىن ئىدى. تۇردىنىڭ باشقىلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىدىغان مىجەزى،ئېقىمغا ئەگىشىشنى خالىماسلىق روھى ،مەلۇم بىر ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن شۇ ئىشنى باشقا ئەپچىقىش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان تەلۋىلىكى باللارنىڭ كاللىسىدا ساراڭ دېگەن ئوينى پەيدا قىلغان ئىدى.

ھازىرمۇ تۇردىدا بەزى ساراڭلىق ئېلېمېنتلىرى بار .لېكىن بۇ ساراڭلىق ئاملىلىرىنىڭ تەكتىگە يەتسەك تۇردىنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر لوگىكىنى بايقايمىز. مەن بۇ يەردە پەقەت تۇردىنىڭ ھاياتىدىكى بىرلا مىسالنى ئۇنىڭ ھايات لوگىكىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە بايان قىلىپ قويماقچى.

تۇردى ئۈرۈمچىگە يېڭىپ كەلگەندىن كېيىن ئىزچىل ئۆي ئىجارە ئېلىپ تۇردى. تۇردى شىنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە يېڭىپ كەلگەن ئەشۇ يىللاردا يەنى 2002 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۆي باھاسى ئۇ قەدەر ئۆسۈپ كەتمىگەن ،شەھەرنىڭ مەركىزى رايونلىرىدىنمۇ ھەر كىۋادىرات مېتىرى مىڭ نەچچە يۈئەنلىك ئۆيلەرنى تېپىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن تۇردى نىمشقىدۇر ئۆي ئالماي قويدى. ئۇ شىنجىڭدا ياشاش جەريانىدا جوڭگونىڭ ئۆي –مۈلۈك بازىرىنى چۈشەنگەن،ئۈرۈمچىدىكى ئۆي –مۈلۈك بازىرىنىڭ شىددەت بىلەن جانلىنىدىغانلىقىنى ،ئۆي باھاسىنىڭ شىددەت

بىلەن ئۆرلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ ئۆي ئالامسىز دېگەن سۈئالىمىزغا كۈلۈپ قويۇپلا جاۋاپ بەرمەيتتى. شۇ چاغدا تۇردىنىڭ بەزى دوستلىرى تۇردى پو ئاتقان بىلەن قولىدا ئۆي ئالغۇدەك پۇل يوقمۇ يا دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. كېيىن تۇردى ئۆزى ئىشلەۋاتقان شىركەتنىڭ يېنىدىكى بىر رايۇندىن ئۆي ئالدى. ئەمما بۇ ئۆيىمۇ چاقماق تېزلىكىدە سېتىۋەتتى ۋە باشقا بىر رايۇنغا كۆچۈپ بېرىپ ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇردى.

مەن ئاخىرى تۇردى بىلەن ئۆي ھەققىدە ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

تۇردى مېنىڭ ئۆي ئېلىش ھەققىدىكى پىكىرلىرىمنى بىردەم ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا چۆكتى. تۇردى باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئىزچىل ھالدا قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويماسلىققا، ئۆزىنىڭ گەپلىرىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ جاراھىتىگە تېگىپ قويماسلىقىغا دىققەت قىلاتتى.

- ھەقىقەتەن قاراپ باقسىڭىز ئۆي ئېلىش ئۆرۈمچىدە بىز زۆرۈرىيەتتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن مېنىڭچە ئۆي بىر زۆرۈرىيەت، بىردىنبىر زۆرۈرىيەت ئەمەس. مېنىڭ ئالدىمدا نۇرغۇن زۆرۈرىيەتلەر تۇرسا ئۆيدىن ئىبارەت زۆرۈرىيەتكە باغلىنىپ قالسام قانداق بولىدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز مېنىڭ خاراكتېرىم ئەركىنلىككە ئادەتلىنىپ قالغان. بەزىدە ئۆي ماڭا تۈرمىدەك كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بىر يەردە مۇقىم ئۆينىڭ بولۇشى ئادەمنى شۇ يەرگە مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشتىن باشقا گەپ ئەمەسمۇ. بەزى ئادەملەر نىمىشقا بىر رايۇندا، بىر ئۆيدە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتقىچە زېرىكمەي ياشايدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن. پات-پات كۆچۈپ تۇرسىڭىز، يېڭى قوشنىلار بىلەن تونۇشىسىز، يېڭى مۇھىتتا كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. بىر رايون، بىر ئۆيدە ياشاۋەرسىڭىز كۆزىتىش ئىقتىدارىڭىز گاللىشىپ، ئادەتلىنىپ قېلىش پىسخىكىڭىز باش كۆتىرىدۇ، ئىجادچانلىقىڭىز كۈچتىن قالىدۇ.

بۇ گەپلەرنى مەلۇم مەنىدىن توغرا دەپ قاراشقا بولاتتى. لېكىن بۇنداق چۈشەندۈرۈش مېنى قايىل قىلالمايتتى. تۇردىنىڭ پات-پات كۆچۈپ ئۆي ئالماشتۇرۇپ تۇرىشى بەزى تونۇشلارنىڭ نەزىرىدە قويمىچىلىق سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقاتتى. لېكىن مەن بۇ نوقتىغىمۇ قايىل بولمايتتىم. قويمىچى بولسا ئۆي ئالماشتۇرۇپ قالماي شىركەت ئالماشتۇراتتى. تېلېفون نومۇرى ئالماشتۇراتتى. ياكى ئۆزلۈكسىز ئادرېس، سالاھىيەت ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن تۇردىنىڭ ئۆيدىن باشقا تېلېفونى بىرەر قېتىم ئۆزگىرىپ باقمىغان ئىدى.

كېيىن مەن ئۆي بازىرى ھەققىدە ئەھۋال ئىگەللەش جەريانىدا تۇردىنىڭ لوگىكىسىنى چۈشىنىپ يەتتىم. تۇردىنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا نىمىشقا تولۇق ئىزاھات بەرمىگەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. تۇردى تولۇق ئىزاھات بەرسە مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ ئازار يېيىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئىدى.

تۇردىنىڭ نوقتىنەزىرى بويىچە ئادەم تەرەققىي قىلىپ مەلۇم نوقتىغا يەتكەندە ئۆي قاتارلىق ئامىللار ھاياتتىكى ئىككىلەمچى ئامىلغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۆينى پەقەت كىيىم سۈپىتىدە كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. كۆڭۈلنىڭ مەيلى بويىچە ئالماشتۇرغىلى بولاتتى . لېكىن شىنجاڭدا مەندەك مائاش قاتلىمىدىكى ئادەم ئۆينى كىيىم دەپ قارىيالمايتتى. ئۆيگە ئېرىشىش بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ بىر پەللىسى ئىدى. نۇرغۇن ئادەم ئۆيگە ئېرىشكەنلىكى تۈپەيلىدىن شاتلىناتتى.

يەنە بىر نوقتىدىن ئېيتقاندا ئۈرۈمچىدە نۇرغۇن ئادەم مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن ئۆي سېتىۋالاتتى. ئۇلار ئۆي سېتىۋېلىشنى ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىش دەپ قارايتتى. ھەقىقەتەن ئۆي باھاسى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆرلىگەن يىللاردا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆي سېتىۋېلىش ئارقىلىق مەنپەئەتلەنگەن، پۇل پاخاللىقىغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرغان ئىدى. لېكىن تۇردىدەك شىنجىن ۋە شياڭگاڭنىڭ ئۆي مۈلۈك بازىرىدىن خەۋەردار ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆي ئېلىپ قويۇشنى مەبلەغ سېلىش دەپ قارىغىلى بولمايتتى. بەلكى تۇردى ئۆي سېتىۋېلىش ئارقىلىق مەبلەغ سېلىشنى ئەڭ كالۋالەرچە مەبلەغ سېلىش دەپ قارايتتى. چۈنكى پۇل ھەر يىلى مەلۇم نىسبەتتە پاخاللىشىپ تۇراتتى ياكى مەلۇم نىسبەتتە مال باھاسى ئۆسۈپ تۇراتتى. ئۆي ئېلىپ قويسىڭىز بىرىنچىدىن سىزنىڭ سېتىۋالغىنىڭىز زېمىن ئەمەس بەلكى ئۆينىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىدى. ئىشلىتىش ھوقۇقى تۈگىگەن ھامان ئۆي قولدىن كېتەتتى ياكى بىنا چاققۇدەك ئەھۋالغا كېلىپ قالاتتى. شۇڭا ئۆي سېتىۋالغان كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى كۈنسىرى ئاز قېلىشقا باشلايتتى. ئىشلىتىش ۋاقتى ئاز قالغانسىرى ئۆينىڭ قىممىتى چۈشەتتى. ئىككىنجىدىن ئىجارە ئېلىش بىلەن ئۆينى سېتىۋېلىش ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى ۋە ئۆيىڭىز جايلاشقان جايدىكى ئۆي مۇلازىمەت ھەققى قاتارلىق تۈرلۈك ھەقلەر ۋە پۇل پاخاللىشىش قاتارلىق ئامىللارنى قوشقاندا ئۆي ئىجارە ئېلىش سېتىۋالغاندىن ئەرزان توختايتتى. ئۈچىنچىدىن ئۆي سېتىۋالغان پۇلنى ياخشى سودىلارغا مەبلەغ قىلىپ سالسا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئۈنۈم تېخىمۇ يۇقۇرى بولاتتى. بىر ئۆي سېتىۋالغۇچە ئاددىي بولسىمۇ تۈرلۈك ماللار دۇكىنىدىن بىرنى ئېلىپ قويۇش ياكى دۇكان سېتىۋېلىش، كىرا ماشىنىسى سېتىۋېلىش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ پايدا نىسبىتى تېخىمۇ يۇقۇرى بولاتتى.

شۇ سەۋەپتىنمۇ تۇردى سېتىۋېلىپ بولغان ئۆينى مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن سېتىۋەتكەن ياكى نۇرغۇن پۇلنىڭ ئۆي شەكلىدە خوراپ تۈگىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆينى سېتىۋېتىپ ئۆز ئىگىلىكىگە مەبلەغ سالغان ئىدى.

ـ ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا قەستەن باللار ئۆگىنىشكە ماڭسا مەن ئوينىغىلى ماڭاتتىم. ئۇلار تاماققا ماڭغاندا تاماقتىن قايتاتتىم. قىسقىسى ھەممە ھەركىتىمدە ئۇلاردىن پەرقلىنىشكە تىرىشاتتىم. شۇ سەۋەپتىنمۇ بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ سالاتتىم. ھەرقانداق ئىشنى باشقا نوقتىدىن ئويلاشقا ،مەسىلىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى يېشىمى بارمۇ دەپ تەپەككۇر قىلىشقا ئىنتىلاتتىم. دەل مۇشۇ ئامىللار مېنى ئۆزگەرتتى. خەلق ساراڭ دىدىيۇ لېكىن مەن ساراڭ بولۇپ چىقىشنىڭ ئورنىغا ئۆز ھەركىتىم بىلەن قىلغانلىرىمنىڭ توغرا ياكى توغرىغا مايىل ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىدىم ، ـ دەيدۇ تۇردى.

ئاشخانىغا يېپىسىز باغلىنىش

ئەمدى بۇ يەردە تۇردىنىڭ ئىقتىدار يېتىلدۇرۇش ئىسخىمىسى ھەققىدە سۆزلەشكە زۆرۈرلۈك چىقتى، تۇردى ئالى مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ئالدىدا ئارزۇ جەدۋىلىنى تولدۇرغاندىن باشلاپ ئۇنىڭدا بىر ئېنىق ئىزچىل ھايات پىلانىنى تۇرغۇزۇلغان ئىدى، بۇ ياشلاردا ئاز ئۇچرايدىغان سەزگۈرلۈك. نۇرغۇن ياشلار جەمئىيەت ئېھتىياجى، ئۆز شارائىتى، مەكتەپ مۇھىتى ھەققىدە ئويلۇنۇنۇش ۋە قارار چىقىرىش ۋە بۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا سەل قارايدۇ، تۇردى ئېلىكتىر كەسپىنى تاللىدى، شۇنىڭ بىلەن ئالى مەكتەپتە بۇ كەسپتە ئوقىدى، ئېلىكتىر كەسپى ھەرقانداق باشقا كەسپكە قارىغاندا دۇنيانى دۇنيا بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئېلىكتىر كەسپ بارلىققا كەلگەن ۋاققىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق ۋاقىتنىڭ يىغىندىسىنمۇ نەچچە يۈز ھەسسە ئۆزگەرتىۋەتكەن كەسپ. تۇردى بۇ كەسپنى ئوقۇۋاتقاندا دۇنيانىڭ ئېلىكترون كەسپى كومپيۇتېرنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ئارقىلىق دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى نەچچە ھەسسە قاتلىۋەتتى، لېكىن بۇ كەسپمۇ ئۆگەنگۈچىدىن بىر مۇھىم دىت تەلەپ قىلىناتتى. بۇ دەل ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىرىنى، ئۆگەنمەكچى بولغانلىرىنى ئەمىلىيەتكە ئېھتىياجىغا باغلاش دىتى ئىدى. شۇڭا ھازىرقى زاماننىڭ كارخانىچىلىرى ياكى يۇقۇرى كىرىملىك مۇتەخەسسىلىرىگە قارايدىغان بولساق ئۇزۇن مۇساپىلىق مۇشۇنداق ئۇلاش ۋە زورۇيۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن، ھەرگىزمۇ بىر كېچىدىلا بايلار قاتارىغا كىرمىگەن. تۇردى ئېلىكتىر كەسپىدە ئوقۇۋاتقاندا ئېلىكتىر تېخنىكىسى ئېلىكتۇن تېخنىكىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، چۈنكى ئېلىكترون مەھسۇلاتلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپ خىللىشىپ مەخسۇسلىشىپ تۇر ئىقتىدار تەننەرقى فۇنكتسىيىسى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز تەرەققى قىلىپ كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلدى، تېخنىكىمۇ زىلىلاشتى، مەكتەپتە ئاساسەن ئېلىكترونىنىڭ ماھىيەتلىك نەزىرىيە قىسمى ئۆگۈتۈلەتتى، تۇردى ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن 90 پىرسەنتتىن يۇقۇرى بىلىمنى يەنىلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنمەي بولمايتتى، بولۇپمۇ باشقا كەسپكە قارىغاندا يېڭىلىنىش سۈرئىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئېلىكترون كەسپىدە شۇنداق ئىدى، ئۇچۇر دۇنياسى دىگەن گەپنىڭ ھەقىقى مەنىسىمۇ شۇ ئىدى، ئەڭ يېڭى بىر تېخنىكىنى ئىگەللىۋالغان بىر ئادەم بەزىدە ئالدىدىكى بارلىق نوپۇز ئىگىسىدىنمۇ يامان بولۇپ قالاتتى، شۇڭا ئۇ ئەڭ يېڭى تېخنىكىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياپونچە، ئېنگىلىزچە تىلنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى، ئېلىكترون تېخنىكىسى قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال دەپ بىربىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى تەرەپتىن تەركىپ تاپاتتى، يۇمشاق دېتال ساھەسىدىكى تەرەققىيات جۇغلانمىسى ئاساسىغا تايىنىپ ئامېرىكا قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتالدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ ياپون ساپ ئېلىكترون يەنى قاتتىق دېتالدا ئۆز ئەۋزەللىكى بارئىدى، قاتتىق دېتال مەكتەپتە بەكراق ئۆتۈلىدىغان ئۆزى كۆپرەك ئۆگەنگەن ساھە، يېڭىلىنىش سۈرئىتى يۇمشاق دېتالدەك ئەمەس، ماھىيەتلىك پىرىنسىپ ئۈستىدە تەرەققى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېلىكتىر كەسپىنى ئۆگەنگۈچى سالاھىيتىگە تىل ئۆگەنگۈچى سالاھايتىنى، تىل ئۆگەنگۈچى سالاھىيتىگە كومپيۇتىر ماھىرى سالاھىيتى قوشۇلدى، لېكىن بۇ سالاھىيەتلەرگە ئۇ يۈز كېلەلىشى كېرەك، ئۇ بۇنىڭدا ياخشى ئۇسۇلغا تاياندى، ئېلىكتىر كەسپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئۆتۈلگەن دەرستىكى نەتىجىسى بىلەن قانائەت تاپاتتى، ئۇچۇ ؟ دەرستىن سىرت ئەملى تېخنىكا ماتىيالرىنى ئوقۇپ قوللۇنۇپ باقاتتى، چاقىرغۇدىن تارتىپ ئۈنئالغۇ، زاۋۇتلاردىكى ئۈسكۈنە قاتارلىقلار ئىچىدە ئۇنىڭ قىزىقمايدىغان نەرسىسى يوق ئىدى، دۇنيا نىمە دىگەن رەڭگارەڭ، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىنسانلار ياراتقان ئۈسكۈنىلەرمۇ قىزىقارلىق، ئەشۇنداق قىزىقىش ئىچىدە ئۇ توك يوللىرى، توپلانما توك قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلاتتى، تىل ئۆگەنگۈچىلەر سىپىدە بولسا ئۇ يەنە ئۆزگىچە بىر ئىنسان ئىدى، باشقىلار تىلنى كەسپ دەپ قاراپ تىل ئۆگىنىش ئۈچۈنلا ئۆگىنەتتى، تىلنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچنىمىگە قىزىقمايتتى، بۇ خىل قىزىماسلىق تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارىمۇ ئىشلىتىش ئۈنۈمىدىن يىراق بولاتتى، چۈنكى تىل ھەرقايسى ساھە، تۇرمۇش يەنى بىلىمنى تەپەككۇرنى تۇپراق قىلىدۇ، بۇنىڭدىن مۇستەسنا تىل بولمايدۇ، شۇڭا

ئۇلارنىڭ خام سۆز بايلىقى تۇردىنىڭ خام سۆز بايلىقىدىن نەچچە ھەسسە يۇقۇرى، لېكىن گاچا، ساۋاتسىز.تېخى گراماتىكا بىلىممۇ يۇقۇرى. تۇردىچۇ ئۆز كەسپى ۋە تۇرمۇشى قىزىقىشى بويىچە تىل ئۆگەنگەچكە ھەر بىر سۆز ،جۈملە تەركىپلىرى ئېسىدە مەھكەم ئورناپ خۇددى ئاغزى، قۇلىقى، كۆزى بىراقلا ئېچىۋېتىلگەن ھالەتكە يەتكەن ئىدى، ئۇ تونۇيدىغان كومپيۇتىرچىلار خۇدى بىلگېيتىس بولىدىغاندەك يۇمشاق دېتال ئېچىش ياكى مەشغۇلات تەرپىگە قاراپ قارغۇلارچە تەرەققى قىلىۋاتاتتى، لېكىن ئەشۇ يۇمشاق دېتالنى ئەملى ئېھتىياجقا ئۇلاش ھەققىدە ئويلۇنۇپ قويمايتتى، شۇڭا جەمئىيەتتە بىربىرىدىن مەنمەنچى كومپيۇتىرچىلار كۆپ. لېكىن بۇ بىلىملەر ئىسراپ بولىۋاتاتتى، تاكى شىنجاڭ تېخنىكا بازىرى ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئىقتىدار ـ ئېھتىياج قۇرۇلمىسنى شەكىللەندۇرگىچە ئۇلار ئەشۇنداق بېسىلىپ ياتاتتى، دەرۋەقە دۇنيا ۋە ئىچكىرى ئۆلكە كومپيۇتىر بازىرىدا ئىش تەقسىماتى ئېنىق مۇكەمەل شەكىللەنگەن، شۇنىڭغا چۇشلۇق كەسكىن رىقابەتمۇ شەكىللەنگەن. يۇمشاق دېتال ئاچالايدىغان لېكىن ئېھتاجلىق يۇمشاق دېتالنىڭ لاھىيسى كاللىسغا كەلمەيدىغان ياشلار كۆپ .،ئۇلارنى يىغىپ كۆلەملەشكەن لاھىيە ئارقىلىق، بازار ئېچىپ،ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى پۇلغا ئايلاندۇرىدىغان خەلقارالىق چوڭ مەبلەغلىق كارخانىنىڭ يوقلۇقى ئاچقۇچلۇق مەسلە ئىدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن پۇرسەت يوقمۇ؟ پۇرسەت بار.ھازىرچە ئۇنىڭغا قالغىنى يۇمشاق دېتال ئېچىش ئەمەس، خەق ئىشلەپ چىقارغاننى چۈشۈنۈش، ئىشلىتشنى ئۆگۈنۈش، كۈندە يېڭىدىن پەيدا بولۇپ بازارغا سېلىنىۋاتقان ئېلىكرون مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتش رېمۇنت قىلىش ۋە ئۇنىڭ سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇشتەك بىر كەڭ ئىقتىدار ـ ئېھتىياج بازىرىنى يوشۇرۇپ ياتقان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئۆزىنى تەربىيەلەش ئىسخىمىسنى سىزدى، ئېلىكترۇن قاتتىق دېتال، كومپيوتىر يۇمشاق دېتاللىرى ۋە ئۇنى ئۆگۈنۈش ۋە پايدىلىنىش، بازار ئېچىشتا خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى، ئېنگلىس تىلى قاتارلىق تىللارنى بىلىش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. لېكىن مەكتەپ ھاياتى بەكلا قىسقا ئىدى،ۋاقىت يېتىشمەيتتى. تېزلا مەكتەپ ھاياتى ئاخىرلاشتى.ئۇ ئوقۇپ چۈشۈنۈش، سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، يېزىپ قايىل قىلىشقا يەتكۈدەك ياپون تىلى ئىقتىدارى ، ھەرقانداق ئېلىترۇن مەھسۇلاتنىڭ قاتتىق دېتال قانۇنىتنى بىلەيدىغان كەسپى ئىقتىدارى، ھەرقاداق يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتەلەيدىغان ئۆگۈنۈش ئىقتىدارى شەكىللەنگەندە ئوقۇش پۈتتۈردى، لېكىن بۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، بازار قانۇنىيتىنى ئىشلەپچىقىرىش لېنىيىسىنى ، ئىقتىساد، ئىگىلىك تىكلەشنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى ، يەنە ئاللىقانداقتۇ يۇمشاق دېتالارنى ئۆگۈنۈشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئىشلەيدىغان ئورۇننى مەكتەپ تاللىغان ئۆلچەم بويىچە تاللىدى. ئۇ ئالىيمىن زاۋۇتىنى تاللىغاندا چەتئەل سودىسى ئىدارىسى، سودا نازارىتى، شىنجاڭ ئۈنۈۋېرستىتى، بانكا قاتارلىق ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى، لېكىن ئۇ بۇ ئورۇننى خۇددى مەكتەپنى تاللىغاندەك تاللىغان ئىدى، زاۋۇتنىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدى، چۈنكى ئالىيۇمىن زاۋۇتىدەك بۇنداق ئورۇندا قۇرۇۇق نەزىيە بىلەن پۈت دەسسەپ تۇرغىلى بولمايتتى، مەكتەپنىڭ قارىمۇ قارشىسى ئىدى، ئېلىكترۇن كەسپىنىڭ ئالدىنقى سېپى ئىدى، ئۇ مەھسۇلات يېڭىلاش، بازار ئېچىش دىگەندەك زامانىۋى ئاتالغۇلار توشۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچى كاللىسى بىلەن بۇ ئورۇنغا ئىشقا چۈشتى، ئۇ ئىشقا چۈشۈپلا بۇرۇن سىرلىق بىلىنگەن بۇ زاۋۇتتىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تەلتۆكۈس ئايان بولدى، زاۋۇت كىچىك جەمئىيەت ئىدى، ئالدى بىلەن زاۋۇت ئارقلىق جەمئىيەتنى چۈشەندى، ئالى مەتكەپ ئوقۇچىسىنىڭ جەمئىيەت بىلىملىرى تېيىز بولىدۇ، ئۇلار دەرسلىكتىكى ئاتالغۇلار بويىچە جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، كىشىلىك مۇناسىبەتتىكى مۇرەككەپلىكلەر ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇ زاۋۇتنىڭ ماتىيال كىرگۈزۈش ھالقىسىدىن تارتىپ سېتىشقىچە ئىشلەپچىقىرىشتىن تارتىپ مەمۇرغىچە ھەممە ھالقىسىغىچە كۆزەتتى. زاۋۇتنىڭ قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ قالاق ئىدى، لېكىن بۇ قالاقلىق ئۇنىڭغا چۈشكۈنلۈك بەخش ئەتمىدى، بەلكى شىنجاڭنىڭ سانائىتىدىكى قالاقلىق يول ئېچىشتىكى پۇرسەتلەرنىمۇ ئۇنىڭغا تونۇتتى، ئۇنىڭ زاۋۇتتىكى قىسقىغىنە ھاياتى مەكتەپتىكى ھاياتىدىنمۇ مول بىلىملەرنى بەردى. بىلىم ئوغرىسى ئوغرى ئەمەس، ئۇ ئىقتىسادى قانۇنىيەتنى سەلبى ۋە ئىجابى تەرەپتىن ئۆگەندى، كىشىلىك مۇناسىبەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز خاملىقىنى تونۇپ يەتكەندە بۇ جەھەتتىمۇ پىشماقچى بولدى، ساياھەت يېتەكچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ شېنجېنغا بېرىپ تىجارەت قىلغان چېغىدا شىنجاڭنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇ ئىچكىرىدە پىشىپ مەلۇم مەھسۇلات بويىچە شىنجاڭ بازىرىنى ئاچىدۇ. ئۇ شۇ پىلان بويىچە ئېلىرۇنلۇق گىرنى تاللىدى.

تۇردى ئىچكىرىدە ئۇزاق مۇددەت ياشاش جەريانىدا ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ تاماق مەدەنىيتىگە بەكمۇ مۇستەھكەم باغلىنىپ قالغان بىر مىللىي گەۋدە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى.ئۇ شېنجېندا ھەپتە ئاخىرىدا نەچچە يۈز كىلومىتىر يول يۈرۈپ ئۇيغۇر ئاشخانىسى ئىزدىگەندە بولسۇن ياكى ئۇيغۇر تاماقلىرىنى سېغىنىپ تۆت كۆز بولغاندا بولسۇن ئۇيغۇر تاماقلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى توختاتمىدى.توكيودا ياپۇنلار بىلەن ئەڭ ئالى رېستوراندا

غىزالانغاندا بولسۇن ياكى خەنزۇلار بىلەن شاڭخەي ـ بېيجىڭ،گۇئاڭجو –شىنجەندىكى ئەڭ ئالى مۇسۇلمانچە ئاشخانىلاردا غىزالانغاندا بولسۇن ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ ئۆزگىچە تەمىنى ئېسىدىن چىقىرالمىدى. بىر ۋاق تاماقنى نەچچە مىڭ يۈەنگە يېگەن چاغدىمۇ دۆڭكۆۋرۈكتە بەش يۈەنگە يېگەن چېنە لەغمەننىڭ ھوزۇرىنى سۈرەلمىدى.

مېنىڭ تەم سەزگۈمدە مەسىلە بارمۇ ياكى ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن چىققان تاماقتا ئالاھىدە بىر سېھرى كۈچ بارمۇ؟بۇ سوئال دائىم تۇردىنى ئويغا سالاتتى.ئۆزى يېگەن ھەرخىل تاماقلار بىلەن ئۇيغۇر تاماقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئويغا چۆكەتتى.

شۇڭلاشقىمۇ ئۇ شىنجەندا تۇرىۋاتقان چاغلاردا ماڭا بىر ئۇيغۇر ئاشپەز ئەۋەتىپ بەرسىڭىز دەپ تېلېفون قىلدى.مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق ،ئاق كۆڭۈل بىر ئاشپەز يىگىتنى تۇردىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتىم.تۇردى ۋە ئۇنىڭ شىنجەندىكى تونۇشلىرى بىر مەزگىل مەن ئەۋەتكەن ئەشۇ ئاشپەز يىگىتنىڭ قولىدىن تاماق يەپ يۈردى.ھەتتا كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمەن يەيدىغان ئاشخانىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە ھكايە قىلىپ بەردى.

قىسقىسى ئۇيغۇرنىڭ تاماقلىرىدا ئۇيغۇرغىلا خاس بولغان بىر خىل تەم ۋە جەلپكارلىق بار ئىدى. بۇ تاماقلار ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بولۇپلا قالماي ماكان ھالقىغان ئىدى.ئۇيغۇرنىڭ نان ۋە كاۋاپ مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتكە تارىلىپ ،13 مىليون جوڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.جوڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ سودىسىنىڭ شۇ قەدەر ياخشىلىقى ئادەمنى ھاياجانلاندۇراتتى.مەن بېيجىڭدىكى شىنجاڭنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئۇيغۇرچە ئاشخانا ئالدىدا ئۆچىرەت بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم.ھەتتا ئۈرۈمچى شەھرىدىكى ئابلاجان نانلىرىنىڭ غەربىي ھەسەن –ھۈسەن يولى (ئىلگىرىكى غەربىي شىمال يولى ) بويىدىكى كۆمۈش ئاستانە مېھمانخانىسىنىڭ قارشى تەرىپىگە جايلاشقان ئابلاجان نانلىرى ناۋايخانىسىنىڭ ئالدىدا نان ئېلىش ئۈچۈن ئۆچۈرەت بولۇپ كەتكەن بىرەر يۈز ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدىم.

جاھان كۆرگەن تۇردى ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ سېھرى كۈچىگە مەپتۇن بولۇپلا قالماي سودا ۋە ئىگىلىك تىكلەشكە ،كارخانا باشقۇرۇشقا قىزىقىدىغان بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان غايەت زور بازار كۈچى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى.ئۇ كېن تاككى ،ماكدونالد قاتارلىق تېز تاماقخانىلاردا تاماق يەپ كۆرگەن،بۇ خىل زەنجىرسىمان ئاشخانىلارنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزىمى ۋە مۇۋاپىقىيەت قازىنىش يولى ھەققىدە ئىزدىنىپ باققان ئىدى.نېمىشقا تاماقلىرىنىڭ سېھرى كۈچى بىر يېگەن ئادەمنى ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى مېك دونالد ۋە كېنتاككىلاردەك مۇۋاپىقىيەت قازىنالمايدۇ؟نېمىشقا بىز ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۇرمەيمىز؟ نېمىشقا ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ئەڭ قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن جوڭگودەك غايەت زور ئادەم دېڭىزىدا ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنى ئۇيغۇرلارنى قەد كۆتەرگۈزىدىغان پەلەمپەي قىلمايمىز؟

تۇردى ئەمدى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنى تاماق يېيىش ،تامىقى ئوخشايدىغان ،پاكىز ئاشخانىلارنى ئىزدەش نوقتىسىدىن ئەمەس ئۇيغۇر ئاشخانىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان غايەت زور سودا قىممىتى نوقتىسىدىن كۆزىتىشكە باشلىدى.ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى تېخى جوڭگودا ئۇنچە ئومۇملىشىپ كەتمىگەن ،پەقەت چوڭ شەھەرلەردە ئارىلاپ ئېچىلغان ئىدى.لېكىن پۈتۈن جوڭگو بويىچە بۇنداق ئاشخانىلارنى بەك كۆپ دەپ قاراپ كەتكىلى بولمايتتى.ھەتتا ئىچكىرىدىكى بەك روناق تاپقان بەزى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى باشقا مىللەتنىڭ قولىدا ئىدى.پەقەت تاماق راسلايدىغانلارلا ئۇيغۇر ئىدى .ھەتتا بەزى ئاشخانىلار ئۇيغۇر تاماقلىرىنى راسلاشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇستىلارنى خىزمەتتىن قوغلىغان ئىدى.لېكىن پۈتۈن جوڭگو خەلقىنىڭ كاللىسىدا ئۇيغۇر ئەتكەن ئۇيغۇر تاماقلىرىلا ھەقىقي مەنىدىكى ئۇيغۇر تامىقى دېگەن كۆز قاراش بار ئىدى.نۇرغۇن ئادەم ئۇيغۇر تاماقلىرىنى ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن يېيىشنى خالايتتى.گەنسۇ ۋە چىڭخەيدىكى سالا ،دوڭشياڭ قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر تەرىپىدىن ئېچىلغان شىنجاڭ توخۇ قۇردىقى دېگەن نامدىكى ئاشخانىلارنىڭ سودىسىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. بۇ ئاشخانىلارنىڭ ۋۇۋسكىسىدىكى شىنجاڭ توخۇ قوردىقى دېگەن ۋۇۋسكا دەل مۇشۇ ئاشخانىلارغا ھاياتى كۈچ بەرگەن نوقتا ئىدى.ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئادەم ئاشۇ ئاشخانىلاردا ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن چىقمىغان ،ئۇيغۇرچە تەمى يوق توخۇ قوردىقى ۋە لەغمەننى يەپ ئۇيغۇرچە تەمنى خاتا چۈشىنىپ يۈرىۋاتاتتى.لېكىن ئەنە شۇ ۋۇۋسكا بىر سېھىرلىك ماگنىتتەك كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ ،ئەشۇ ئاشخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى.جوڭگودەك ھەركۈنى نەچچە يۈز مىليون ئادەم بازاردا تاماق يەيدىغان دۆلەتتە ئاشخانا ئېچىش ئىستىقباللىق كەسىپ ئىدى.ناۋادا ئۇيغۇردىكى مۇشۇ ئىستىقباللىق كەسىپ ئۆز ئىگىسى بىلەن

جوڭگۇدەك ئادەم دېڭىزىدا ئۆز تەمى ۋە ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە لوگىكىسى بويىچە ئىچىلسا ناھايىتى تېزلا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېگە بولالايتتى.مېك دونالىد ۋە كونتاككىدىن ئىشىپ چۈشۈش ئېھتىماللىقى يوق ئەمەس ئىدى.

شۇنداق ئەۋزەللىككە ئېگە تۇرۇپ نىمىشقا بۇ ئەۋزەللىكنىڭ مېغىزىنى چاقمايمىز؟ نىمىشقا ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى دۇنياغا يۈزلەنمەيدۇ؟تۆردى بۇ ھەقتە ئىزلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ دۇنياغا ،ئاددىسى جوڭگۇغا يۈزلىنىپ كېتەلمەي ،شىنجاڭدا ئەگىپ يۈرىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئۇيغۇر ئاشخانىسىنىڭ تۈپ مەسىلىسى دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان باشقۇرۇش جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىشتىن تېخى بىخەۋەر ئىدى.

نۇرغۇن ئادەم ئاشخانا ئېچىشتا ئاشپەز ۋە پۇل تۇتىدىغان ئادەم ئۆزىمىزدىن چىقسا ئاندىن  بىر ئاشخانىنى روناق تاپتۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى.چۈنكى ئاشخانىلاردا ئاشپەز تۇرغۇزۇش ،تاماق پۇلىنى يىغىش جىددىي بىر مەسىلە ئىدى.ئاشپەزلەر ئاشخانىدىن نارازى بولۇپ قالسا تاماقنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىپ تاشلاپ پۈتۈن ئاشخانىنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ قوياتتى.پۇل ئالغۇچى ئۆز ئادەمدىن چىقمىسا خيانەت قىلىپ ئاشخانا ئىگىسىگە نەپ  بېرىشى ناتايىن ئىدى.ئىشچى —خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ،مۇكاپات ۋە جازانىڭ قالايمىقانلىقى،ئىش ھەققى تۈزىمىنىڭ كەمتۈكلىكلىرى ئاشخانىلارنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن توسالغۇ بولاتتى ،مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئاشخانا ئېچىش ئۈچۈن ئەشۇ بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلەش زۆرۈر  ئىدى.

تۆردى ئاشخانىدىكى بۇ مەسىلىلەرنى ئوڭشاش ئۈچۈن بىر نەچچە ھالقىنى ئوڭشاش كېرەك ئىكەن دەپ قاردى.بىرىنچى ،ئاشخانىدىكى سودىنىڭ جەريانى ئېنىق بولۇش كېرەك.نۇرغۇن ئاشخانىلار بۇ جەريانىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تالون يېزىش تۈزىمىنى قوللانغان ،لېكىن مەسئۇلىيەتنى ئېنىق قىلىش  ئۈچۈن بىر تالوننى بىر نەچچىگە كۆپەيتىپ ئاشپەز ،كاسىر ،كۈتكۈچى ساقلايدىغان ،ھساپنى بوغقاندا ئۆز ئارا سېلىشتۇرىدىغان قىلغان ئىدى.شۇ ئارقىلىق بەزى تېز تاماقخانىلار پۇل يىغىشتا ئۆز ئادىمىنى قويۇشتىن ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن قۇتۇلغان ئىدى.لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل پۈتۈنلەي قولدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا سۈرئەت ئاستا ئىدى.يەنە نۇرغۇن كەمچىلىكلىرى بار ئىدى.

ئىككىنچىدىن باشقۇرۇش رەتلىك ۋە ئېنىق بولۇش كېرەك.تالانتلىق باشقۇرغۇچىنىڭ بولۇشى ئاشخانىغا ھاياتى  كۈچ بېغىشلايتتى.لېكىن ئاشخانا ئاچقان ئادەم ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان ،ئاشخانىنى بىر كارخانا دەپ قاراپ باشقۇرغۇچى خادىم تەكلىپ قىلىشنى ئارتۇقچە ئىش دەپ بىلىش ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.شۇڭا نۇرغۇن ئادەم ئاشخانىنى ئېچىپ قويۇپ يا ئۆزى ماڭدۇرالماي ،يا ئادەم تەكلىپ قىلىشقا چىدىماي زىيان تارتىپ يۈرەتتى.پايدا ئالغان تەقدىردىمۇ ئىگىلىكنى كېڭەيتىپ ،ئاشخانىسىنى كۆلەملەشتۈرەلمەيتتى.ئۈچىنچىدىن  ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدا ھەركۈنلۈك سودا مىقدارىنى شۇ كۈنى ئېنىقلاپ ،پايدا زىيانىنى ئېنىق ئايرىپ ،قايسى ئىش ھالقىسىدا مەسىلە بارلىقىنى تەكشۈرۈش ،خام ماتېرىيالنىڭ كىرىشى بىلەن پىششىقلىنىپ پۇلغا ئايلىنىشىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ تۇرغىلى بولىدىغان قورۇلما كەم ئىدى. ناۋادا مۇشۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ قالسا ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ ھاياتى كۈچىنى  بىر ھەسسە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلاتتى.

شۇ سەۋەپتىن تۆردى شېنجېندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ سودا بوشلۇقى ئىزدىگەندە ئىزچىل ھالدا مۇشۇ مەسىلىلەرنى كاللىسىدىن چىقارمىدى.ئەسلى شۇ شېنجېندا ئىشلىگەن لىيئو شىركىتى ھەرخىل ئېلېكترونلۇق گىر،پۇل ئالغۇ ،نۇسخىلىغۇچ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقىراتتى.ئۇ مۇشۇلارنى كۆزىتىش  ۋە مۇۋاپىقىيەت قازانغان ئاشخانىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىشىنى  مەخسۇس تاللا بازارلىرى قاتارلىق جايلاردا مەھسۇلاتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ ،باھاسى ۋە تۈرىنى ئۇرۇپ چىقىرىپ بېرىدىغان ئېلېكترونلۇق گىر ۋە پۇل ئالغۇلارنى ياساش ،سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان  ياپونىيەنىڭ سىگاڭ شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋاكالەتچىسى بولۇشتىن باشلىدى.چۈنكى ئۇ لىيئو شىركىتىدە مۇشۇ تېخنىكىنى ئۆگەنگەن ،مۇشۇ ھەقتە ئېنژېنىرلىق كىنىشكىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.ئۇ لىيئو شىركىتىدىكى تونۇشلىرى ئارقىلىق سىگاڭ شىركىتى بىلەن ئالاقە قىلدى ۋە سىگاڭنىڭ شاڭخەيدىكى باش زاۋۇتىدىغا بېرىپ ،زاۋۇت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ،ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ئۈرۈمچىدە بىر خەنزۇ دوستى بىلەن بىرلىشىپ سىگاڭ شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىنى قۇرۇپ سىگاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق گىرلىرىنى سېتىشقا ،كېڭەيتىشكە كىرىشتى.شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېلېكترونلۇق گىرلارنىڭ رېمونت مۇلازىمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.ئۇ بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ گىرلىرىنى ساتسا يەنە بىر تەرەپتىن گىرلارنىڭ سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىتىمىنى قىلدى.مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئايىقى تەگمىگەن ئالتايدىكى كۆكتوقايدىن تارتىپ خوتەننىڭ سەھرالىرى قالمىدى،يەنە بىر قېتىم شىنجاڭنى تەكرار ئايلىنىپ قىلدى.شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۇل ئالغۇ ۋە ئېلېكترونلۇق گىرلارنىڭ باشقۇرۇش يۇمشاق دىتالىنى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش تەتقىقاتىنى توختاتمىدى.ئۇنىڭ كاللىسىدا كېنتاككىي ۋە مېكدونالدلارنىڭ پۇل ئېلىش ماشىنىسى بىلەن تاللا بازارلىرىدىكى پۇل ئېلىش ئىقتىدارى بىلەن تالون بېسىش ئىقتىدارى بىرلەشتۈرۈلگەن ئېلېكترونلۇق گىرلار ياكى پۇل ئالغۇلارنى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىغا كىرگۈزۈپ بېقىش ئويى ئەگىپ يۈرەتتى .ناۋادا شۇ ئويى ئەمەلگە ئاشسا ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ئوڭايلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.شۇڭا ئۇ كۈندۈزى شىركەتتە تېخنىكلىق مۇلازىمەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولسا كېچىسى كومپيۇتۇر ئالدىدا تۇرۇپ ئېلېكترونلۇق گىر ۋە پۇل ئالغۇنىڭ يۇمشاق دېتالىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئۇنى قانداق ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ،قانداق قىلىپ ئۇيغۇرنىڭ دىتىغا ماس ھالدا ئۆزگەرتىشنىڭ خىيالىنى سۈرەتتى.بىر نىملەرنى لاھىيەلەيتتى.ئۆچۈرەتتى.مۇشۇ ساھەدىكى جوڭگۇ چەتئەلنىڭ كارخانىلىرى بىلەن ئالاقە قىلاتتى.پىكىر ئالماشتۇراتتى.

### ئېزگۇ ئارزۇدىن تۇغۇلغان ئېزگۇ

تۇردىنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئۇنى نائۇمىد قويمىدى.ئۇ نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن 2006-يىلى 6-ئايدا ،شېنجېندىن يېنىپ كېلىپ تەخمىنەن 4 يىل بولغاندا مۇستەقىل ھالدا ئېزگۇ دېگەن نامدا شېنجېن ئېزگۇ ئۇچۇر ئېلېكترون شىركىتىنى قۇرۇپ ،شىركەتنى شېنجېندا تىزىمغا ئالدۇرۇپ ،شېنجېندا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن 11-ئايدا رەسمىي ھالدا ئېزگۇ شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ ئىش باشلىدى.بۇ شىركەتنىڭ ئاساسلىق خىزمەت دائىرىسى ئاشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە ئاشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش سايمانلىرىنى سېتىش ،ياساش،ئېچىش ئىدى.

2007-يىلى 4-ئايدا تۇردى ئۈرۈمچىدە خەلقارا بازاردا ئېزگۇ شىركىتىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى ئاچتى.يىغىنغا تۇردىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىلىرىدىن تارتىپ مۇخبىرلارغا قەدەر ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ ئۈچ يۈزدەك ئادەم قاتناشتى .يىغىنغا ياپونىيە توۋاش شىركىتىنىڭ مۇدىرى ،شىياڭگاڭ شىيەنخۇا شىركىتىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى كېلىپ قاتناشتى.ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە مۇھىم ئاخبارات ئورنى بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر بەردى.تۇردى مانا مۇشۇ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئاشخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى غەللىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.شۇنىڭ بىلەن تۇردىنىڭ ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سەپىرى باشلاندى.

دەسلەپتە نۇرغۇن كىشى تۇردىنىڭ بۇ ئىشىغا بەك قىزىقىپ كەتمىدى.ئۈرۈمچى شەھرىدىكى مۇھىم ئاشخانا-رېستورانلارنىڭ خوجايىنلىرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان بولسىمۇ تۇردى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان ئاشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسىغا بەك قىزىقىپ كەتمىدى.ھەممەيلەن كۆرۈپ بېقىش پوزىتسىيەسىدە بولدى.

تۇردى ئۆز مەھسۇلاتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئاشخانا خوجايىنلىرىغا ھارماي چۈشەندۈردى ،تەشۋىق قىلدى.ھەقىقەتەن يېڭى شەيئىنى قوبۇل قىلىپ ،ئومۇملاشقۇچە بىر مەزگىل كېتەتتى.تۇردىنىڭ بۇ نوقتىدا كۆڭلى توق ئىدى.چۈنكى ئۆز مەھسۇلاتىنى ئىشلىتىدىغان ئادەم چىقىپلا قالماي ،بۇ يېڭى شەيئىي كۆپ ئۆتمەي ھەممە ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا ئومۇملىشىشقا باشلايتتى.چۈنكى ئۇ تەتقىق قىلىپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان بۇ مەھسۇلات ئاشخانىلارنىڭ نۇرغۇن يۈكىنى يەڭگىللىتىپ قالماي ئاشخانا باشقۇرۇشنىڭ تەرتىپكە چۈشىشىگە ياردىمى بولاتتى.

ئۇنىڭ ئىشلەپچىقارغان بۇ يېڭى مەھسۇلاتى كومپيۇتۇرنىڭ دائىرىلىك تور ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن بولۇپ ئاشخانىغا بىر مەركىزىي بىتەرەپ قىلغۇچ ياكى مۇلازىمېتىر قويۇلاتتى.ئاندىن تاماق قىلىدىغان ئۆيگە بىر خەتباسقۇ قويۇلاتتى.كۈتكۈچىلەرنىڭ قولىدا بىردىن بۇيرۇتقۇ بولاتتى.خېرىدار تاماقنى بۇيرۇتقاندا تاماق تىزىملىكى كۈتكۈچىنىڭ قولىدىكى بۇيرۇتقۇ ئارقىلىق مەركىزى بىتەرەپ قىلغۇچقا بېرىپ خاتىرلەنگەندىن كېيىن خەتباسقۇ ئارقىلىق ئاشپەزنىڭ قولىغا تېگەتتى.پۈتكۈل جەريان شۇنداق ئاددىي بولۇپ ئىلگىرىكى ئاۋاز ئارقىلىق تووْلاپ ،يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاماق بۇيرۇيدىغان ئىپتىدائىي ئۇسۇلدىن قۇتۇلۇپ ئاشخانىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئازايتقىلى بولاتتى.خېرىدارلار جىمجىت ۋە ئازادە مۇھىم ئىچىدە غىزالىنىيتتى.يەنە بىرى قولدا يېزىپ ،كاسسىرغا ۋە ئاشپەزگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇش ئاۋارىچىلىقىدىن خالى بولغىلى بولاتتى.ئاشخانا خوجايىنى مەركىزى بىتەرەپ قىلغۇچ ئارقىلىق خالىغان ۋاقىتتا ئاشخانىدا بولغان سودا ،خام ماتېرىيالنىڭ خوراش ئەھۋالى ،قانچە تەخسە لەغمەن ياكى قورىما سېتىلغانلىقىنى بىلەلەيتتى.قايسى تاماقنىڭ قايس بۇيرۇتقۇدىن بۇيرۇلغانلىقى ،قايسى كۈتكۈچىنىڭ قانداق خىزمەت قىلغانلىقىنى ئايرىپ چىققىلى بولاتتى.كەچتە تالونلارنى ئۇدۇللاپ ساناپ ھساپ چىقىرىش ئاۋارىچىلىقىدىن خالاس بولغىلى بولاتتى.

كۆپ ئۆيمەي بەزى ئاشخانىلار تۇردىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سىناپ بېقىشقا كىرىشتى.سىناپ باققانلار رازى بولغاندىن كېيىن باشقا ئاشخانىلارمۇ بۇ يېڭىلىققا قىزىقىشقا باشلىدى.كۇتكۇچى بىلەن خېرىدار ئوتتۇرىسىدىكى ھەرتۇرلۇك ئۇقۇشماسلىق شىددەت بىلەن ئازىيىپ ئۇيغۇر ئاشخانا مەدەنىيىتىدە يېڭى بىر مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ئۇ مەخسۇسلاشمىسا بولمايتتى، مەخسۇسلىشىش پۇختىلىق ئىدى، چۈنكى ھازىرقى دۇنيادا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىلىپلا كەمكۇتسىز بولمايدۇ، ئۇ ئىزچىل يېڭىلىنىپ بارسا رىقابەتكە تاقابىل تۇرالايدۇ، يېڭىلىنىش ئۇچۇن شىركەت مەھسۇلىشىشى مەھسۇلىشىش ئىچىدە ئەۋزەللىكنى ئاشۇرۇشى كېرەك، ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى يىغىپ ئىشلىتىشى كېرەك، بارلىق ئەۋزەللىك جۇغلىنىشى كېرەك.

2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا باشلانغان خاسىيەتلىك ئەمگەك مەن مۇشۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىۋاتقان كۇنلەردە ئۆز ئۇنىمىنى كۆرستىپ تۇردى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ئاشخانىلاردىن ئورۇن ئالدى.نۇرغۇن ئادەم ھازىر ئاشخانا –رېتۇرانلاردا تاماقلىنىۋاتقاندا كۇتكۇچىلەرنىڭ يانپون چوڭلىقىدىكى بۇيرۇتقۇ بىلەن خېرىدارلارنىڭ بۇيرۇتمىسىنى ناھايىتى تېزلىكتە ئاشپەزگە يوللىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار .داڭلىق ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ ئۇسكۇنىلەر ئاساسەن ئومۇملىشىپ بولدى.تۇردىنىڭ پەخىرلىنىدىغان بىر تەرىپى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ،شىنجاڭ بازىرىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئاساسەن ياساپ چىقىلغان بۇ ئۇسكۇنىلەر ھازىر كۇنسىرى خېرىدارلارنىڭ دىتىغا لايىقلىشىپ پۇتۇن ئۇيغۇر ئاشخانا بازىرىدا ئۇنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ئاساسي ئېقىمغا ئايلانغان ئىدى.

دەرۋەقە تۇردىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۇنىڭ بىر تۇركۇم رىقابەتچىللىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى.لېكىن تۇردى رىقابەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئۆزىنىڭ كەسپىدىكى بىر مۇۋاپىقىيەت دەپ قارشى ئالدى ۋە ناھايىتى شاتلاندى.بازاردا يالغۇز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ خىيىم –خەتىرىنى ئاشۇرىۋېتەتتى.يەنى رىقابەتچىسىنىڭ يوقلىقى تۇپەيلىدىن تېخنىكىدا چېكىنىش ياكى ئالغا باسماسلىقنى ،ھەرخىل سۇپەت مەسىللىرىنى كەلتۇرۇپ چىقىراتتى.ناۋادا رىقابەتچىسى پەيدا بولسا ،سۇپەت ،مۇلازىمەت ،يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق ھوشيارلىقنى ساقلاپ ،ئېزگۇدىكلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.

خاتىمە ئورنىدا

تۇردىنى كارخانا قۇرۇش ۋە ئىگىلىك تىكلەش نوقتىسىدىن پۇتۇنلەي غەلبە قىلدى دىيەلمىسەكمۇ 40 ياشقا يېقىنلاشقان بۇ كۇنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى سالدى.ئۆزىنىڭ ئەقىل –پاراستى ۋە تىرىشچانلىقى،قۇربان بېرىش روھىغا تايىنىپ شىنجاڭ بازىرىدا ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئويغاتتى.ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ھاياتى كۇچكە ئىگە قىلدى.شۇ ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش پۇرستىگە ئېرىشتى.

ھازىرىنىڭ ئۇنىڭ قولىدا تەستىقلىنىپ ،بازارغا سېلىنىش پۇرستى كۇتۇپ ياتقان ئىككى پاتىنت بار.

ئۆزى شىنجاڭدىكى ئۆلچەم قورالىرى ساھەسىدىكى سانى بارماق بىلەن ساناشقا توشمايدىغان ئازسانلىق مىللەت مۇتىخەسسىلىرىنىڭ بىرى.ھەتتا ئۇ ئۇيغۇر ئىچىدىلا ئەمەس خەنزۇلار ئىچىدىمۇ تەسرگە ئىگە.شۇ سەۋەپتىن 2002 ـ يىلدىن تا ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەر ئۇنى ئۆلچەم قورالىرى تېخنىكىسى ھەققىدە يىلدا نەچچە قېتىم لېكسىيەگە تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ.

ئۇرۇمچىدىكى ئۇچ كارفۇر شىركىتىنىڭ تېخنىك مۇلازىمىتىنى ھۆددىگە ئالغۇچى.ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئېلىكتىرونلۇق گىر،پۇلئالغۇ ،كومپيىتورلۇق قوراللىرىنىڭ تېخنىك مۇلازىمىتىنى ھۆددىگە ئالغۇچى.

تۇردى ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ھەققىدە كۆپ سۆزلەشنى خالىمايدۇ.سۆزلەپ ھارمايدىغان بىر ئادەمنىڭ بۇ نوقتىدىكى كەم سۆزلىكى ئۇنىڭ سودا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان.شۇڭا مەنمۇ بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئېغىزىنى كوچلىمىدىم.ئەمما دەپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان بىر نوقتا بار .ئېزگۇ شىركىتىنىڭ شىركەت تەرەققىيات پىلانىدا ئېزگۇ شېركىتىنى مۇشۇ نەچچە يىل ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئەمەلىي كۇچى ئەڭ زور پۇقراۋىي ئۇچۇر،پەن –تېخنىكا كارخانىسىغا ئايلاندۇرۇش،ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ دۇنياغا يۇزلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىدىغان يۇمشاق دىتاللارنى قېزىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۇردى باشچىلىقىدىكى ئېزگۇ شىركىتىدىكىلەرنىڭ نىشانى.

مەن پەقەت بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىر قىسىم كۆز قاراشلىرى بىلەن بەزى ئىشلىرىنى قىستۇرما قىلىپ قويماقچى .مۇۋاپىقىيەت قازىنىش ئۇچۇن پاي ـ پېتەك بولۇۋاتقانلار ئۇچۇن پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ـ مەن، ـ دەيدۇ تۇردى لېتىپ ، ـ كارۋاننىڭ يولى بىر رىسقى باشقا دېگەندەك قانچە كۆپ ئادەم مۇۋاپىقيەت قازانسا ،ئىگىلىك تىكلىسە ،ياكى خاتىرجەم ،بەختىيار ئائىلىگە ئېگە بولسا شۇنچە خوش بولىمەن.شۇ تۇپەيلىدىن

شنجاڭغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن ئادەمنى شىركىتىمدە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدىم.لېكىن مېنى ئەپسۇسلاندۇرغان ئىش –ئۆزىنى ئىختىساس ئىگىسى دەپ قارايدىغان ،ئىگىلىك تىكلەش كويىدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر بالا ئەڭ ئاۋال مەن يارىتىپ بېرىدىغان تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى ئۈستىدە ئەمەس بەلكى مەن بېرەلەيدىغان مائاش ھەققىدە گەپ باشلىدى.شنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ قىممىتى تېخى ئىسپاتلانمىغان يېڭى خادىمغا بېرىدىغان مائاش كۆپ پەرقلەنمەيدۇ.ياكى مائاش يۇقۇرىلىدى دېگەن تەقدىردىمۇ شۇ ئادەمنىڭ ياللىغۇچىغا يارىتىپ بېرەلەيدىغان قىممىتىگە تاناسىپ ھالدا يۇقۇرىلايدۇ.مەن ئۇلارنىڭ مەن يارىتىپ بېرەلەيدىغان ئىمكانىيەتلەر ھەققىدە سۆز ئېچىشىنى ،مېنىڭ شىركىتىمنى پەلەمپەي قىلىپ تۇرۇپ ،يېقىن كەلگۈسىدە بازاردا مەن بىلەن بىر سەپتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.لېكىن بۇنداق بالىلار ناھايىتى ئاز ئىكەن.شۇڭا نۇرغۇن بالىلارنى شىركىتىمدە ئىشلىتىپ كۆرۈپ ،بىر مەزگىلدىن ئىشتىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدۇم.ھەتتا شىركىتىمدە ئىشلەش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنى باشلاپ كەلگەن بىر نەچچە ئوغۇل بالىنى ئاتا ـ ئانىسىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ ‹‹ئىسىت سېنىڭ ئوغۇلبالىلىقىڭغا ،ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۇرۇپ بىر شىركەتكە خىزمەت ئىزدەش ئۈچۈن يالغۇز كېلەلمەيدىغان ئادەمنى ئىشلەتكىلى مەن ساراڭمىتىم،كۆزۈمدىن يوقال،خىزمەت ئىزدەيمەن دىگۈچە ئاۋال مۇستەقىل ئادەم بولۇشنى ئۆگەن›› دەپ ئىشخانىدىن ھەيدەپ چىقاردىم.

تۇردىنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس.بۈگۈن ئەتراپىمىزدا مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ پۇرسەتلىرى تولۇپ يېتىپتۇ.پۇرسەتنى قىزغىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.بۈگۈن بىزگە كېرىكى ئەشۇ پۇرسەتنى قانداق تونۇش مەسلىسى.ۋۇجۇدىمىزدا ئىقتىدار يېتىلدۈرمەي تۇرۇپ بۇ پۇرسەتنى تونۇماق تەس.تونۇغان تەقدىردىمۇ تۇتىۋالغىلى بولمايدۇ.بۈگۈن قانداق ياشاش ئۇسۇلىنى تاللاش ۋە قانداق ياشاشقا رازى بولۇش مەلۇم دەرىجىدە بىزنىڭ شۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگىمۇ مۇناسىۋەتلىك.تىلگەن تاپار دېگەندەك ھاياتتىن نېمە ئىزدىسەك شۇنى ئالىدىغان گەپ.لېكىن بىز نېمە ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى بىلمىسەك بۇ ئەڭ چوڭ پاجىئە.نېمە ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى بىلىپ بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزمىسەك،پىلان تۈزمىسەك ،كۈرەشمىسەك بۇمۇ ئېغىر پاجىئە.ھەممە ئىشنى ۋاقتىدا قىلىپ ،سائىتىدە بىجىرمىسەك ھاياتىمىز تراگىدىيەگە ئايلىنىدۇ.تۇردىنىڭ تەپەككۇر يولى ،قىلغان ئىشلىرى ئادەمگە مەلۇم دەرىجىدە مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ يول خەرىتىسىنى تاشلاپ بېرەلەيدۇ.مېنىڭ ئۈشبۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىممۇ دەل شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك.

**2009 ـ يىلى سېنتەبىردىن 8 ـ ئۆكتەبىرگە قەدەر ئۈرۈمچىدە يېزىلدى. 27 ـ ئۆكتەبىر تۈزىتىلدى.**

## ئىشسىزلىقمۇ ياكى ئىقتىدارسىزلىقمۇ؟

**(ماقالە)**

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

ئۇيغۇرچە ئىشسىزلىق دېگەن ئاتالغۇ بىر سوتسولوگىيە پەنلىرى ئاتالغۇسى سۈپىتىدە قاچان بارلىققا كەلدى نامەلۇم، لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەڭ تېزلەشكەن بىر دەۋردە بىزگە يۈزلەنگىنى پاكىت. شۇنداقلا ئىشقا ئېرىشىش، ئىش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنىڭمۇ بىر بەخت ئىكەنلىكىنىڭ دەۋرىمىزدە تەجرىبىمىز ئارقىلىق ئىسپاتلانغىنى ھەم پاكىت. ئادەم ئىشتىن باش كۆتۈرەلمىگەندە ئىشتىن بىزار بولغاندەك قىلغان بىلەن ئىش تاپالمىغاندا جانىدىن، ھاياتتىن بىزار بولىدۇ، ئىش قىلىشنىڭ جاپالىق ئەمما ئادەمنىڭ ئاجايىپ

ئۆلۈغ بىر ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. توختىماي ئىشلەپ، قىلغان ئىشى ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمىسە ياكى ساپاسىز باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن سانسىز قېتىم تەكرارلىنىشقا مەجبۇر قىلىنسا ۋە ياكى ئىشلىگەنگە چۇشلۇق ھەق ۋە باھاغا ئېرىشەلمىسە بۇ مۇقەددەس ھوقۇق خارلىنىش يولىغا قەدەم قويىدۇ.

بۈگۈن ئۇيغۇر جەمئىيتى ئېغىر بىر ئىشسىزلىق كىرزىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۋاتىدۇ. بۇ كىرزىسنىڭ مۇقەددىمىسى ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش بىلەن تەڭ باشلانغان، ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى دىڭ شياۋپىڭ 1992 ـ يىلى جەنۇبتىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاشقان تۇتقان ياخشى مۈشۈك» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلىپ جۇڭگو پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قەدەم قويغاندا ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ سەرخىللىرى بۇ خىل يۈزلىنىشنى تونۇپ يەتكەن، ئەندىشە ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى، ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ ھەممە ئەزاسىنىڭ بۇ كىرزىس ئىچىدە پىشىپ يېتىلىپ تەرەققىياتنىڭ يېڭى بىر قەدەم باسقۇچىغا ئوڭۇشلۇق قەدەم قويۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئەمەلىيەتتىمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بەكمۇ چوڭ داغدۇغا قىلىنماي، خەلقنىڭ نىمىگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرماي باشلانغان بۇ ئىشنىڭ يېڭى بىر تارىخى تەرەققىياتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، بۇ تارىخى تەرەققىياتنىڭ خەلقىمىزگە ئاتا قىلىدىغان پۇرسىتى بىلەن خەتىرىنىڭ تەڭمۇ تەڭ تۇرىدىغانلىقىنى، ناۋادا بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتالىسا مىللىتىمىزنىڭ ئۆز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى بىر ئالتۇن دەۋرگە قەدەم قويىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. چۈنكى بازار ئىگىلىكى ھەممە نەرسىنى بازارنىڭ تەڭشىشىگە قويۇپ بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، بىزدىكى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى بەزى ئىشلارنىڭ كەلمەسكە كېتىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى. شۇنداقلا ۋۇجۇدىدا تۇغما سودىگەرلىك ئامىللىرىنى ھازىرلىغان، مەدەنىيەت تىندۇرمىسىمۇ سودىگەرلىك ۋە بازار ئىگىلىكىگە بەكمۇ ماس كېلىدىغان بىزدەك مىللەت ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن بىر زور تارىخ پۇرسەت ئىدى. مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىنىڭ يېڭى بىر تارىخى تەرەققىيات دەۋرگە قەدەم قويۇپ، ھەممە ئادەم ئىشسىز قالمايدىغان پاراۋانلىق ئىش تۈزۈمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ۋە ئاز كۈن ئۆتمەي بىزدىمۇ ئىشسىزلىق دېيىدىغان سوتسىيال پەنلەر ئاتالغۇسىنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر قىلىدىغانلىقىدەك رىياللىقنىڭ تۈنجى قەدىمىنىڭ بېسىلغانلىقى ئىدى. لېكىن

كۆپىنچە ئۇيغۇر بۇنى تونۇشنى خالىمىدى، تونۇشنى خالىمىغانلىق تەبىئىي هالدا مائارىپتىكى بازار ئىگىلىكىگە خاس ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىپ، جەمئىيەتنىڭ بازار ئىگىلىكىگە تۇرتكە بولۇشىنى كىچىكتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىمۇ ئۇيغۇر خەلقى تاكى 2000 ـ يىللارغىچە بالىسى ئالى مەكتەپكە ئۆتسە شتاتى بارمىكەن دەپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى، بۇ هۆكۈمەت بىۋاستە خىزمەت بېرەمدىكەن ياكى ئۆزى خىزمەت تاپامدىكەن دىگەنلىك ئىدى. بۇنداق كىشىلەر ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بالىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشنى تەبىئىي هالدا دۆلەتنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى ئارزۇ قىلدى. دىققەتنى دادىللىق بىلەن ئاجايىپ پۈرسەتلەر بىلەن تولغان بازار ئىگىلىكى مۇھىتىدىن پۈرسەت ئىزدەشكە يىغماي داشقازاننىڭ ئادەمنى يا تويدۇرماس يا ئۆلتۈرمەيدىغان، ئەمما ئاچمۇ قويمايدىغان تامىقى ھەققىدە خام تامالاردا بوڭلدى. بالام بۇگۈنكىدەك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قانداق كەسىپلەرنى ئىگەللەپ، قانداق ئىقتىدارغا ئېرىشىپ، جەمئىيەتتىن بىر كىشىلىك خىزمەت ئورنىنى قانداق ئىزدەپ تاپىدۇ ياكى ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ ئۆزىنى قانداق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ياكى شۇنداق قىلىشى كېرەك دەپ ئويلىمىدى. پۈتۈنلەي ئويلىمىدى دىسەك خاتالاشقان بولىمىز، ئەمما كۆپىنچە ئادەم بۇ ھەقتە ئويلاشنى خالىمىدى. ھەتتە مۇشۇنداق بىر زۆرۈرىيەتنى تونۇپ يەتمىدى.شۇنىڭ بىلەن 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغۇسىدا تۇرىۋاتقان شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىقتىساس ئىگىللىرى ئەڭ كەمچىل يەردە ئادەمگە شۇنداق ئالاھىدە ۋە غەيرى تۇيۇلىدىغان، قارا يۇمۇرغا ئوخشايدىغان ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشسىز قېلىش ھادىسىسى پەيدا بولدى.بازار ئىگىلىكى مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ئالى مەكتەپتە ئوقۇش پۈرسىتىنىڭ كېڭىيىشى ئالى مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن كاللىسى زامانىنىڭ كەينىدە قالغان، كۆزى مەنپەئەت بۇلۇتلىرى بىلەن خىرەلەشكەن بىر تۈركۈم ئادەم بۇنداق نورماللىق ئىچىدىكى نورماللىقنى توغرا چۈشىنەلمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا هۆكۈم سۈرىۋاتقىنى جەمئىيەتنىڭ پىلانلىق ئىگىلىك تەپەككۇرى پەيدا قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇيالىشىدىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللى كىشىلىك هوقۇقىنىڭ خارلىنىشىنى توغرا ھىساپلايدىغان بىنورمال كۆز قاراش ئىدى. شۇنداق قىلىپ پىلانلىق ئىگىلىك تەرتىپىدە ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى پىلانلىق ئىگىلىك قېلىپى بۇزۇۋېتىلگەن بازار ئىگىلىكى ئاستا ـ ئاستا هۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىۋاتقان جەمئىيەتتە

ئىشسىز قالدى. ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىنى بازار ئىگىلىكى مۇھىتىغا ماسلاشتۇرمىغان ئالى مەكتەپلەرنىڭ بىنورمال كەسىپ قۇرۇلمىسى بىلەن بۇيرۇققا بويسۇنۇشقىلا ئادەتلىنىپ، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا ئىنتىلمەي تەپەككۇرى يىگىلەپ كەتكەن باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى ۋە ئاتا ـ ئانىلار ۋە جەمىيەت، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كالللىسىدا بازار ئىگىلىكىگە خاس كىرزىس تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنەلمەسلىكى ۋە بۇنىڭدىن باشقا بەزى سۇنئىي ۋە تەبىئىي سەۋەپلەر بۇخىل ھادىسىنىڭ بىۋاستە سەۋەپچىللىرى ئىدى. مەن 2002 –يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلانغاندا ئىلىۋۇزۇردىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت ئوبلاستىتكى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىشسىزلار ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پائالىيەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم، شۇ چاغدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپىنچە ناھىيەلەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقۇرى دىپلومى بار، جەمىيەتنىڭ ئىستىمالىدىن ئېشىپ قالغان ياكى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ ياتقان ئىقتىساس ئىگىللىرىنىڭ سانى 2000 مىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا ھەر يىلى ھەر بىر ناھىيەگە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن ئىككى ـ ئۈچ يۈز ئوقۇغۇچى يەرلىك دائىرىلەرنىڭ كۆتۈرۈپ قوپماس تەس يۈكىگە ئايلانغان ئىدى. چۈنكى ئەشۇ ناھىيەلەردە يارىتىلىۋاتقان ئىش ئورنى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ مۇشۇ يىللاردا كۆپىنچە ناھىيىلەردە تۈركۈملەپ ئىقتىساس ئىگىللىرىنى ھەزىم قىلىدىغان كارخانىلار ئاساسەن قۇرۇلمىغان ياكى قۇرۇلسىمۇ پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بىر نەچچە ناھىيەسىدىكى زىيان تارتىپ توختاپ قالغان يىپەك زاۋۇتلىرىدەك بىر نەچچە يىل ئۆز پونكسسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋەيران بولغان ئىدى. ھەر بىر ناھىيەدىكى ئىقتىساس ئىگىللىرىنى سىڭدۈرىدىغان ئەڭ چوڭ ئاشقازان مائارىپ سېستىمىسىمۇ تويۇنۇشقا باشلىغان ئىدى. ئىشسىزلىق دائىرىلەرلا كۆڭۈل بۆلىدىغان جىددىي مەسىلىلا ئەمەس ھەر بىر ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش بولۇپ قالغان ئىدى.چۈنكى كېلىپ چىققان بۇ ئىشسىزلىق بازار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشتىن پەيدا بولغان مەسىلە بولۇپلا قالماي، ئىشسىز قېلىۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئىقتىدارسىزلىق مەسىلىسى ئىدى. مائارىپنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى ئادەمگە بىلىم ئىگىلىتىپ، ھۈنەر كەسىپ ئىگەللىتىپ تېخىمۇ زور ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى كۈچى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى باياشاتلىققا

ياكى بەختكە باشلاشتۇر. لېكىن بىزدىكى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن باللارنىڭ كۆچلىنىش ئورنىغا ئىش تاپالماسلىقى ، يېڭى ئىشسىزلار قوشۇننىڭ ئەزالىرىغا ئايلىنىشى ئادەمنى بەكمۇ ئويغا سالىدۇ ، ئۇنداقتا سەۋەپ زادى نەدە؟ ئۇلارنى تەربىيەلەۋەتقان مائارىپتىمۇ ياكى يېڭى ئىش ئورنى بەرپا قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ نىسبەت پەرقىنى پەيدا قىلىپ قويغان دائىرىلەردىمۇ؟ ۋە ياكى ئاشۇ ئالى مەكتەپلەر تەرىپىدىن تەربىيەنلگەن باللارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىدىمۇ؟

كېسىپ ئېيتىشكە بولىدۇكى جوڭگۇدەك ئادىمى چوڭ دۆلەتتە ئىشسىزلىق ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدىغان مەسىلە. بۇ دۆلەتتە يەنە ئادەم كۆپ بولغاچقا ئىشسىزلىقتىن ساقلانماق تەس دەيدىغان كىسەل قاراشنىڭ كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ ، بۇ مەسىلىنى سۇنئىي كىرزىسكە ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش خەۋپىمۇ يوق ئەمەس. نىمىشقا بىز بۇ يەردە كىسەل كۆز قاراش دىگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىز؟ گەرچە جوڭگو دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت سانالسىمۇ نوپۇس زىچلىقى ئەڭ كۆپ دۆلەت ئەمەس، دۇنيادا نوپۇس زىچلىقى جوڭگودىن كۆپ دۆلەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن، مەسىلەن دۆلەت زېمىنى شىنجاڭنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان ياپۇنىيەنىڭ ئاھالىسى 120 مىليوندىن كۆپ، مۇشۇ نىسبەت بويىچە قارىغاندا جوڭگولۇقلارنىڭ نوپۇس بايلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەقىل بايلىقى تولۇق ئېچىلسا ياپۇنىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر شىنجاڭ زېمىنى تەخمىنەن 600 مىليوندەك ئاھالىنى ياپۇنىيەنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە باقالىشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنداق سېلىشتۇرۇشقا ھەر خىل گەپلەر بىلەن قارشى تۇرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن قىلدەك پاكىت پىلىندىمۇ چوڭ قۇرۇق گەپتىن ئۈستىن تۇرىدۇ .

ئۆز –ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساسىدىكى ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا نەچچە مىڭ يىل ياشىغان، ئادەملىرى ناتۇرال ئىشلەپچىرىش ئەندىزىسىدىن تېخىچە تولۇق قۇتۇلالمىغان، ئەزەلدىن جىددىي ئىجتىمائىي رىقابەتكە يۈزلىنىپ باقمىغان، بىر مەزگىللىك پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بۇ تېخىمۇ چوڭ مەسىلە. چۈنكى ناتۇرال ئىگىلىك پەيدا قىلغان ھورۇنلۇق، يېڭى ئىش ئورنى يارىتىشقا ئىنتىلمەسلىك، ئاەتتىكى ئىشلارنى ياراتماي، ئۇلۇغ ئىشلارغا ئېرىشەلمەسلىكتىن ئىبارەت

مىجەز ـ خاراكتىر زامانىنىڭ تېز تەرەققىياتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىشسىزلىق بىلەن ئۇچراشسا تراگېدىيە تېخىمۇ ئېغىرلىشاتتى.

ئەمىلىيەتتىمۇ ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشسىزلىق مەسلىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قېلىشى دەل مانا مۇشۇنداق تراگېدىيەنىڭ تۈرمۇشىمىزغا رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى .

ئىشسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىش ئورنى يارىتىش كېرەك. ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقۇرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئورنى كېرەك، ئۇنداقتا بۇنداق ئىش ئورنىنى زادى كىم يارىتىدۇ؟ ھۆكۈمەتمۇ؟ ياكى بىل.گايتسقا ئوخشاش تالانتلىق كارخانىچىلارمۇ؟ پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى تەپەككۇرىمىز بويىچە قارىغاندا بۇنداق ئىش ئورۇنلىرىنى ھۆكۈمەت يارىتىشى كېرەك. چۈنكى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە ھەممە ئىشىمىزغا ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ، ھەتتا بىزگە خىزمەت بېرىپ كاللىمىزدا ئېغىر دەرىجىدە ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلغان، نەتىجىدە نۇرغۇن كىشىلەر جەمىيەتتىكى خىزمەت ئورنى قانداق پەيدا بولىدۇ دىگەن مەسىلىلەردە قىلچە باش قاتۇرماس بولغان، شۇنىڭ بىلەن جەمىيەتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى بىلەن جەمىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدىغان ياكى زادى يۈز بەرمەس بولۇپ قالغان. لېكىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پونكسىيەسىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ ،بۇ ۋەزىپىنى بازارغا تاپشۇرىدۇ. ھەممە ئىش بازارنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تەشكىللىنىدۇ.

ئۇنداقتا بۈگۈنكى ئىشسىزلىقىمىزنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟ ئۇ ھەققىي ئىشسىزلىقمۇ ياكى ئىدىيەنىڭ ئازات بولالماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشالمايدىغان ئىقتىدارسىزلىقمۇ؟ قانداق قىلغاندا بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ پۇرسەتلەر بىلەن توشۇپ ياتقان قوينىدا يېڭى ئىش ئورنى مۇجىزىللىرىنى ياراتقىلى بولىدۇ؟ ھەتتا نۇرغۇن كىشىگە ئىش ئورنى يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ؟

مەن بەزىدە مۇشۇ ئويلار بىلەن دەرس بېرىۋاتقان، ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ قالىمەن.

ـ ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن نىمە ئىش قىلىش ئويىدا يۈرىۋاتىسلەر ؟ ـ دەپ سورىدىم بىر كۈنى.

ـ مەمۇرلۇق ئىنتىھانىغا قاتنىشىمىز، ئوقۇتقۇچىلىق ئىنتىھانىغا قاتنىشىمىز ، ـ دەپ جاۋاپ بەردى باللار

ـ ئۇنداقتا ھەممىڭلار دۆلەتنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىشىنى تاما قىلىدىكەنسىلەردە ؟ ـ دىدىم مەنباللار تۇشمۇ تۇشتىن سۆزلەپ كەتتى، ھەتتا بەزىللىرى ئالى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ قويۇپ خىزمەتتە كارى بولمايۋاتقان ھۆكىمەتتىن ئاغرىندى،ئۇلار گەرچە ھەر خىل خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىش ئىنتىھامىغا قاتنىشىمىز دىيىشكەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمىدى دەپ دۆلەتتىن ئاغرىنىش كويىدا بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ تېخىچە پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى داشقازاننىڭ تامىقىنى يىيىش تەپەككۇرىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى،

مەن تونۇيدىغان نۇرغۇن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى خىزمەت مۇھىتىغا نىسبەتەن بەكمۇ كۆپ تەييارلىقى يوق ئىدى. ئۇلار زور كۆپچىلىكى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆگىنىپ قويۇپ ،ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە قىلچە شەخسي پىلانسىز ،مەكتەپنىڭ پىلانىغا ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش بويسۇنۇپ كىتىپ باراتتى. ھەتتا نۇرغۇن باللارنىڭ كاللىسىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت رىقابىتىگە قانداق تەييارلىق قىلىمەن؟ كەلگۈسىدە مېنى قانداق تەقدىر كۈتۈپ تۇرىدۇ دىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ھىچقانداق تەييارلىق يوق ئىدى. بۇ نوقتىدا ئۇلار مەكتەپداشلىرى بولغان خەنزۇ ستۇدىنتلاردىنمۇ زور دەرىجىدە پەرق قىلاتتى.ئۇيغۇر ستۇدىنتلارنىڭ كۆپىنچىسنى سۈنىڭ ئېقىشىغا ،تۈكىنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتىتىۋاتىدۇ دەپ سۈپەتلەشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

مۇشۇنداق خىياللار بىلەن تۇرغاندا 2002 ـ يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجۇ شەھرىدە تۇرۇپ قالغان يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقت ئىچىدە يولۇققان بەزى ئىشلار ئېسىمگە چۈشتى.4 مەن شۇ يەردە بىر نەچچە سورۇنغا قاتناشتىم، مەن شۇ سورۇنغا يېڭى بولغاچقا ھەممىشە سورۇندىكىلەر بىر قاتار تونۇشتۇرۇلۇپ چىقىلاتتى. ياكى ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلاتتى

ھەر قېتىم مەن ئۆزۈمنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتوتىدا ئىشلەيمەن دەپ تونۇشتۇراتتىم، لېكىن خېنەنلىكلەر بولسا مەن پۈستانى يەردە داگۇڭ(مەدىكارلىق قىلىش دىسە سەل مۇۋاپىق) دەپ جاۋاپ بېرەتتى. لېكىن ئەنە

شۇنداق مەدىكارلىق قىلىمەن دىگۈچىلەرنىڭ كىيىمى شۇنداق رەتلىك، ئوقۇش تارىخى ناھايىتى يۇقۇرى بولۇپ چىقاتتى. بىر كۈنى بىر سورۇندا جېڭجۇدىكى مەلۇم داشۆدە ئىشلەيدىغان بىرسى ئۆزىنى مەن پۇستانى ئالى مەكتەپتە داگۇڭ (مەدىكارلىق) قىلىمەن دەپ تونۇشتۇردى. مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق دىيىشىدە مەلۇم سەۋەپلەر بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم ۋە مۇشۇ سەۋەپنى بىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتىم، بىر كۈنى يەنە بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالدىم، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەن تونۇيدىغان، ئالى مەكتەپتە ئىشلەيدىغان زىيالىلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى پۇستانى ئالى مەكتەپتە مەدىكارلىق قىلىمەن دەپ تونۇشتۇردى ،لېكىن مەن دائىم مەكتەپنىڭ يېنىدىكى بىر گېزىت بوتكىسىدا كۆرۈپ قالىدىغان بىر يىگىتنى ئۇلار ئالاھىدە ھالدا خوجايىن دەپ تونۇشتۇردى. مەن بىر گېزىت بوتكىسى ئاچىدىغان ئادەمگە بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەتتىن ھەيران قالدىم.7 نىمىشقا دىگەن سۇئالىمغا خېنەندىكى مەلۇم ئالى مەكتەپتە ئىشلەيدىغان خېلى نامى بار زىيالى مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى.

ـ بىز بۇ يەردە سېنى باشقىلار خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغۇچىنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق بولسا ،ھەتتا سەن ھۆكۈمەت خىزمىتى ئىشلەيدىغان ئادەم بولساڭمۇ كىشىلەر سېنى مەدىكار دەپ ئاتايدۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنى پالانى ئالى مەكتەپتە مەدىكارلىق قىلىمەن دەپ تونۇشتۇرىمەن. ئويلاپ باق سېنى مەدىكار دىمەي نىمە دەيدۇ. چۈنكى سېنى ئۆستۈرۈش، خىزمەتتىن بوشۇتۇش، قانداق مائاش بېرىش، ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدىۋېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ قولىدا تۇرسا ئۆزۈڭنى مەدىكار دىمەي نىمە دەيسەن ؟

شۇڭا بىز بۇ يەردە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك ياراتقان ئەقىل ئىگىللىرىنى ـ ھەتتا ئۇ ئاياغ مايلىغۇچى بولسىمۇ ـ ھۆرمەتلەيمىز، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆزى باشقۇرىدۇ، ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن، بىزگە ئوخشاش بىزنى ياللىغۇچىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ. 4 بۇ گەپلەر ھەقىقەتەن ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيتتى،خېنەنلىكلەرنىڭ خىزمەت ئېڭى ھەقىقەتەن بىزدىن نەچچە ھەسسە ئىلگىرلەپ كەتكەن،بىز تېخى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى خىزمەت ئېڭىدىن قۇتۇلالمىغان ئىدۇق. مەدىكار بولۇشنى شان ـ شەرەپ دەپ بىلەتتۇق. شۇ سەۋەپتىن شىنجاڭدىكى ئالى مەكتەپلەر بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالى مەكتەپلەرنىڭ

ئوقۇش كەيپىياتىدا ئالەمشۇمۇل پەرقلەر پەيدا بولغان ئىدى. مىسالى خېنەندىكى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىللىرى ئالى مەكتەپنى جەمىيەتتىن قانداق ئورۇن ئېلىشنى بىۋاستە بېكىتىدىغان بوسۇغا دەپ قارايتتى، ئالى مەكتەپنى ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلەرنىڭ خىزمەت غايىسى باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەش ئەمەس مۇستەقىل ئىگىلىك يارىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.شۇڭا بەزى يىللىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئەڭ ياخشى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىللىرىنى جەلپ قىلالماي بەزى جەلپ قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى، نوپۇسى يۈز مىليۇنغا يېتىدىغان خېنەن ئۆلكىسى ئادەمگە ئىشسىزلار ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈرگەن تۇيغۇ بەرمەيتتى. كىشلەرنىڭ مەدىكار بولامسەن ياكى خوجايىن بولامسەن تاللاش ئۆزۈڭگە باغلىق دېگەن پەلسەپىسى خېنەننى بىر ناھايىتى پۇختا ۋە تىز تەرەققىي قىلغۇاتقان ماشىنغا ئوخشتىپ قويغان ئىدى. ئادەم كۆپ بولسىمۇ ئىشلەيمەن دەيدىغان ئىرادە بولسىلا ئىش تېپىلىش خېنەندەك ئادەم كۆپ جەمىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان ئىدى. بىزدە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىللىرى يۈككە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغاندا خېنەندە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس ئەڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنىڭ ئوقۇغۇچىللىرىغۇ جەمىيەتنىڭ خىلى زور ئېھتىياجى بار ئىدى.

جەمىيىمىزدىمۇ مەدىكار بولۇپ قېلىپ، باشقىلارغا ئۆز تەقدىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ بىر مەلۇم ساندىكى مائاشنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاشتىن نومۇس قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى، ئۇلار ھەممە كىشى تۆمۈر تاۋاقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەي يۈرگەندە تۆمۈر تاۋاقتىن ئاكتىپلىق بىلەن ۋاز كەچتى ۋە مۇستەقىل ئىگىلىك يارىتىش يولىغا قەدەم قويدى. 1 مەن بىر كۈنى 30 نەچچە ئادىمى بار بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىۋېتىپ ئۇلاردىن ‹‹ھازىرلا خىزمەت ئورنىڭلاردىن ئايرىلىپ قالساڭلار قانداق قىلىسىلەر ؟ ھەر ئايدا ھازىر ئېلىۋاتقان مائاشڭلارنى جەمىيەت قويىندىن تېپىپ خەجلەپ،كۈنۈڭلارنى ئېلىشقا كۆزۈڭلار يېتەمدۇ ؟›› دەپ سورىدىم، سىنىپ ئىچى جىمىپ كەتتى، تېخى ئىككى ئۈچ بالا ئۇنداق بولۇشتىن خۇدايىم ساقلار دەپمۇ ئۇلگۈردى.مەن ئۇلارنىڭ كۆزىدىن بىر خىل قورقۇمسىراش ۋە بىچارىلىقنى ھىس قىلدىم، پەقەت 30 نەچچە ئادەمدىن بىر نەچچىسىلا بىز جېنىمىزنى بېقىپ كېتەلەيدىغاندەك قىلىمىز دەپ جاۋاپ بەردى.

قىسقىسى 30 نەچچە ئادەم خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالىمىز دېگەن ئويدا بولۇپ باقمىغان، ھەتتا بىر ئۆمۈر

مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلاپ بولغاندەك قىلاتتى، قىسقىسى كەلگۈسىدىكى ھەر خىل يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى ئېھتىماللىقلارغا نىسبەتەن كاللىسىدا ھېچقانداق تەييارلىق يوق ئىدى.

ـ مىليونېر بولۇپ باققۇچىلار يوقمۇ؟ چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىپ باققۇچىلار يوقمۇ؟ ـ داچا سېتىۋالغۇچىلار يوقمۇ ؟ دېگەندەك بىر قاتار سوئاللارنى ئارقا ـ ئارقىدىن سورىدىم. ئۇلار يۇقارقى ئىشلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن قىلچە باغلىنىشى يوقتەك ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشتى. مۇشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا چوڭ بولىۋاتقان باللارنىڭ سىماسى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئىچىم ئاچچىق بولدى، چۈنكى ئۇستازنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن شاگىرتنىڭ كەلگۈسى ئەھۋالىنى كۆرىۋالماق بەك تەس ئەمەس ئىدىمانا مۇشۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئېسىگە بۈيۈك ئېمپىراتۇر ناپالىيوننىڭ گېنىرال بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان ئەسكەر، ياخشى ئەسكەر ئەمەس دېگەن گېپى كېلەتتى.

3

1991 ـ يىلى ئالى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن بىر ياش كىشلەر ھەۋەس قىلغۇدەك جايغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، لېكىن بىر نەچچە يىل خىزمەت قىلىپ بېقىپ بازار ئىگىلىكىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى يوشۇرۇپ ياتقانلىقىنى، ھازىرقى خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا دەرىجىدە ئىمكان بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ 1997 ـ يىلى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى سالدى. ناھايىتى ئاز مەبلەغ ۋە شارائىت ئىنتايىن ناچار ھالەتتە بەش ئادەم بىلەن ئىش باشلىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە بۇ ياشنىڭ شۇ چاغدىكى قارارىنىڭ بەكمۇ توغرا بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. مانا بۈگۈن ئۇ 10 يىل بۇرۇن تىككەن مايسا ئۈنۈپ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇلاردا تارماق دوختۇرخانىسى بار، قورۇلۇش كۆلىمى 11785 كىۋادرات مېتىر، 220 كىسەل كارۋىتى بار،300 ئىشچى خىزمەتچىسى بار بىر كارخانىنىڭ ـبوغدا دوختۇرخانىسىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. مۇھىمى كىشىلەر تۆمۈر تاۋاقتىن ۋاز كېچەلمەي ھەتتا ۋاز كېچىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەي يۈرگەندە ھۆكۈمەت بەرگەن بىر خىزمەت ئورنىدىن ۋاز كېچىپ جەمئىيەتتە 300 كىشىلىك خىزمەت ئورنى ياراتتى. 300 ئادەم ئۆزىنىڭ قورغان ئىگىلىكىدىن نەپ ئېلىپ ئائىلىسىنى بېقىشقا باشلىدى. كەم دېگەندە ئۈچ يۈز ئائىلە ئىقتىسادىي

كاپالەتكە ئېرىشتى. ئەلۋەتتە، بۇ دوختۇرخانا ياراتقان ئىجتىمائىي قىممەتلەرنى ساناپ كەلسەك گەپ تولا. ئۇ جەمىيەت ئۈچۈن دەل ئۈچ يۈز خىزمەت ئورنى ياراتتى، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ قالماي نۇرغۇن خىزمەت كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ خىزمەت قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شاڭخەيدىكى بىر نوقتىلىق ئالى مەكتەپنىڭ ئەتىۋارلىق بىر كەسپىنى پۈتتۈرگەن بىر ياش 1995 ـ يىلى ئۆزىنى مىڭ بىر جاپادا يىققان ئېشىنچىسى بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا بىر ئۇرۇق تىكتى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندە بۇ ئۇرۇق كۆكلەپ چېچەك بىر مۇنتىزىم كارخانىغا ئايلاندى. 600 كىشىلىك خىزمەت ئورنى ياراتتى، ئۇنىڭ ماركىسى ئارمان شىنجاڭنىڭ بۆلۈك ـ پۇرچاقلىرىغىچە تونۇش داڭلىق ماركىغا ئايلاندى. مانا بۇ ئۇرۇقنى تىككۈچى داڭلىق كارخانىچى رادىل ئابلا ئىدى.

ئابدۇۋەلى ئىسمىلىك بىر ياش شىنجاڭ داشۆنى پۈتتۈرۈپلا ھۆكۈمەت بەرگەن خىزمەتكە قانائەت قىلماي خوتەن تۇپرىقىغا بىر ئۇرۇق تىكتى، بۇ ئۇرۇق ناھايىتى تېزلا كۆكلەپ چېچەپ، ئابدۇۋەلى ئىسمىلىك بۇ يىگىت 30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ، مەسىۇلاتلىرى ناھايىتى چاپ ـ چاپ كىروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى ۋە شۇ ناملىق شىركەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. نۇرغۇن ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. مەن مۇشۇ ئۈچ مىسال يېتەرلىك دەپ قارايمەن، بۇ ئۈچ كارخانىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا پونكسسىيەلىرىنى، جەمىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرىنى سانساق گەپ ئاۋۇپ كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىم تۆھپە ئۇلار بىر يول بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن يول نۇرغۇن كىشىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى. چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى كاللىسى ھېلىمۇ پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى بىر ئۈلگە ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ كارخانىلار نۇرغۇن ئەگرى توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى، قۇرۇق قول دىگۈدەك ئىش باشلىغاچقا نۇرغۇن توسالغۇلارغا دۇچ كەلدى. لېكىن ئۇلار بۇ توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتتۈپلا قالماي شانلىق نەتىجە ياراتتى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ خەلقىمىز ئىش قىلماي گەپ تېپىش بىلەن خېلى مەشھۇر، بىزئۇلار ھەققىدە ھەرخىل گەپلەرنى توقۇيمىز. ھەتتا سېستىماقچى بولىمىز، كاللىمىزغا ئۇ بىزنىڭ كارخانىمىز، ئۇ بىزنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدىغان كارخانا، قوللىشىمىز، ئەپۇ قىلىشىمىز ۋە يول كۆرسىتىشىمىزگە مۇھتاج دەپ قارىمايمىز. ھەتتا ئۇلارنى جەمىيەتكە تىگىشلىك تۆھپە قوشمىدى دەيدىغانلارمۇ بار. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى ئۇلار ياراتقان

ئىش ئورنى جەمىيىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تۆھپە ئىدى. چۈنكى بىر ئادەمگە ئازراق ئىقتىسادى ياردەم بېرىپ قۇتقۇزغانغا قارىغاندا ئۇنىڭغا داۋاملىق ئەنە شۇنداق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىپ تۇرىدىغان بىر مەنبەنى هازىرلاپ بېرىش ھەقىقىي مەنىدىكى ياردەم ئىدى. بەزىدە كوچىلاردا بىكار يۈرىۋاتقان ئەنە شۇنداق نۇرغۇن كىشىلەرگە قاراپ، ماتىرىياللاردىن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىللىرىنىڭ ئىش تاپالمىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇپ ئۇلار ھەققەتەن ئىشسىزمۇ ياكى ئىقتىدارسىزمۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ئەلۋەتتە مەن جەمىيەت تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىشقا ئورۇنلىشىش فونكسىيەسىنىڭ ئىش ئورنى يارىتىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ئىنكار قىلمايمەن. لېكىن جەمىيەتتە ئەنە شۇنداق ئىشسىزلار بىلەن بازار ئىگىلىكى بارلىققا كەلتۈرگەن يوشۇرۇن پۇرسەتلەر ھەققىدە خىيالغا پېتىپ بىزنىڭ ئىشسىزلىقىمىزنىڭ تۈپ مەنبەسى نىمە؟ بىز ئىشسىزمۇ ياكى ئىقتىدارسىزمۇ دەپ خىيالغا پاتىمەن.

كوچىلاردىكى سانجاق ـ سانجاق ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ماھىيەتتە بىر كارخانىنىڭ ھۆلى ئىدى. لېكىن نۇرغۇن كىشى مەن كارخانا قۇردۇم دەپ ئەمەس ئاشخانا ئاچتىم دەپ تەپەككۇر قىلغاچقا بۇ ئاشخانىلار ئالغا باسماي ئاشخانا پېتى قېلىۋەردى. ئاشپەزلەر مەن ئىقتىدارىمنى جارى قىلدۇرۇپ مۇشۇ ئورۇندا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلەپ كەسپىمنىڭ قەنتىنى چاقىمەن دەپ ئويلىمىغاچقا ئاشپەز پېتى قېلىۋەردى ۋە ئۇيغۇر ئاشخانىللىرىنىڭ ئاشپەز ئىشلىتىش مەسىلىسى ئۇلارنىڭ كارخانىسىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر رايۇنىدا ئون يىل ئۆمۈر كۆرگەن بىرەر رېستۇران، ئاشخانىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ. ئۈرۈمچىدە رېستۇرانلارنىڭ نامىنى ئالماشتۇرۇش ۋە پات ـ پات يېڭى رېستۇرانلار بارلىققا كېلىش بىر مودا.

يول بويىدىكى بىر ساتراچخانا ئۆزىنى بىر ساتراچخانا دەپلا قارىغاچقا ۋە تېخنىكا يېڭىلاش تېخنىكا ئۆگۈتۈشكە سەل قارىغاچقا تەرەققىي قىلىپ ھۆسن تۈزەش مەركىزى ۋە مەكتىپىگە ئايلىنالمىدى. مۇزدۇزلار ئاياق تىكىشتىن ئاياق ياماش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ بىرەرسى مۇزدوزلۇقتىن ئاياق زاۋۇتى بارلىققا كەلتۈرۈشكە يۈزلەنمىدى. ھەتتا بەزى نورمال ئېچىۋاتقان كارخانىلار كارخانا باشقۇرۇشنى بىر ئىلىم دەپ قارىماي، زامانىۋىي كارخانا تۈزۈمىنى سىناپ باقماي، كارخانىنىڭ خوجايىنى ئۆلۈپ كەتسە كارخانا تەڭ تاقىلىپ قالىدىغان، كارخانا باشقۇرۇش ئىلمىگە ماھىر بىر ئادەمنى يۇقۇرى مائاش بېرىپ تەكلىپ قىلىشقا رازى

بولماي رىقابەتچىللىرىدىن تەرپىدىن شاللىۋېتىلىدىغان، ئىلىم بىلەن پۇل ئۆرگانىك ھالدا بىرلەشمەي، ئىلىم ئىگىسى نامرات، پۇل ئىگىسى بىلىمسىز قالىدىغان تەقدىر ئۇيغۇر كارخانىللىرى دۇچ كېلىۋاتقان نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي مەسىلە.

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پۈتتى

# تىلنىڭ قۇدرىتى، ئۇستاز ھۆرمىتى

ئابدۇمجىت مۇھەممەد

(مەن بۇ ئاددى يازمامنى ماڭا ئۆزۈندىن بۇيان سەممىي كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەستايىدىل يېتەكلەپ كېلىۋاتقان تەلەپچان ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشت بەرقىنىڭ ئۇستازلىق بايرىمىغا بېغىشلايمەن)

مەن ئۇنى قايتا كۆرگەندە ئۆز ئۆزۈمدىن ھەيران قالدىم. ئۇ بۇقىتىم بۇرۇنقى ئۆزىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ بىر شائىر ئىدى. بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى مەن ئۇنى ئۆرۈمچىدە ئۇچراتقان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ قەلبىمدىكى بۈيۈك شائىرلىق ئوبرازى بىر نادان دېھقان ئوبرازىغا ئالماشقان ئىدى. شۇ چاغلاردا مەن ئۇنىڭ شائىرانە تەپەككۇر ۋە ئىلمىي يەكۈنلىرىدىن گۇمانلانغان ئىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ نەتىجىسى بىرلا ئانا تىل بىلىمى ئاساسىدا ئانچە زور تەرەققى قىلالمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ۋاقىتتا بىز ئۇچەيلەن تىببى ئۇنىۋېرسىتېتى ئالدىدىكى قىستا قىستاڭ بازارنى ئارىلاۋېتىپ ئۇنىڭ نەچچە قېتىم قىزارغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبىي ئىنتايىن ئاددى لېكىن تولىمۇ تاساددىپىي ئىدى. ئۇ بىرتال تۇخۇمنى تۇتۇپ ئىغىزنى ئاچقىنچە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ئىدى. دەسلەپتە بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالدۇق. كېيىن بىلدۇقكى ئۇ ئۆز ئويلىرىنى خەنزۇ تىلدا تولۇقى بىلەن ئىپادىلەپ بىرەلمىگەنلىكىدىن، ئىپادىلىگەنلىرىنى قارشى تەرەپنىڭ تولۇق چۈشىنىپ كىتەلمىگەنلىدىن خىجىللىق ھىس قىلىۋاتقان ئىدى.

ئاردىن ئىككى مىنتۇ ئۆتمەي ئۇ يەردە بىز يەنە بىرقېتىم خەنزۇتىلىنىڭ بىسمىغا دۇچ كەلگەن ئىدۇق. بۇقېتىم بىز ئالما ستىۋالماقچى بولدۇق. بىراق بۇ ئەتراپتا ئالما ساتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىدى. ئۇ تىتىت بولدى، ئەتراپقا ئىزتىراپ بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ چىھرىدىكى ئازاپ، كەملىك تۇيغۇسى لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگەندىن كېيىنكى قىپقىزىل قاننىڭ لەۋلىرىگە، خىجالەت ئىلكىدىكى مەڭزىگە ئۇخچۇپ چىقىشى بىلەن ئىپادىلەنمەكتە ئىدى. كۆزلىرىمىز بىر نوقتىدا ئۇچراشتى. ئۇ شۇنچە بىچارە، شۇنچە مەيۇس ھالەتتە ئىدى. ـ ئاھ دېگەن ئىدى ئۇ ئاخىرى يۈرىگىنى قاماللاپ ...بۇنىڭدىن مەنمۇ ھەيران قالغان ئىدىم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ماڭا ئوخشاش بىر ساددا ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئۈچۈن نەچچە يىللاپ چوقۇنۇپ، ياخشى كۆرۈپ ئەسەرلىرىنى يادلاپ كىلىۋاتقان بىر ئۇستازىنىڭ شۇدەۋىرنىڭ ئەڭ ئاددى تەلەپلىرىدىن بىرى بولغان، ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ھەم ئاددى نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدىغان خەنزۇ تىلىدىن ئانچە يۇقىرى ساۋاتقا ئىگە بولالمىغانلىقى ئىدى. چۈنكى مەن ھەربىر قېتىن ئۇنىڭ شېرلىرىنى ئوقۇغاندا ئۇنى بۈيۈك شائىرلار بىلەن سېلىشتۇراتتىم. ئەلشىر ناۋايى مۇنداق دىگەن ئىدى. «ئەرەپ پارىس تىللىرىدا مەن چىلىك پاساھەتكە يەتكەنلەر يوقتۇر، لىكىن مەن يەنىلا شئىرنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازىمەن.» مەن يەنە توختىماي تەپەككۇر قىلاتتىم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ماڭا ئۇستازىمنىڭ ئۇستازىدەكلە تۇيۇلاتتى. ئۇ نىمە دىگەن ئىدى. «ئەي پىقىر ئۇيغۇر ئۇيغان ئۇيقۇڭ يىتەر...›› دىمەككى بۇگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە جۇڭگۇدەك مۇشۇنداق بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر مىللەت ئەزاسى ئۈچۈن ئىيتقاندا خەنزۇ تىلىنى بىلىش ئۆيغىنىشنىڭ ئەڭ ئەقەللى بەلگىلىرىدىن بىرى ئىدى.

مانا ئەمدى ئاردىن ئون يىل ئۆتكەندە مەن بۇ ئاددى يېزا شائىرنى يىراق سىپىل ئىچىدىكى بېيجىڭ شەھرىدە ئۇچراتتىم. بۇ قېتىم ئۇ تولىمۇ خۇشال ۋە روھلۇق ئىدى. نورغۇن ئادەملەر بىلەم سالاملىشاتتى. توختىماي چاخچاق قىلاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىغىزىم ئىچىپىلا قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ چاخچاقلىرى مىنى يەنە بىرقېتىم

چۈچۈتتى. ئۇ مەن ئۇيلىغان ئاددى يېزا شائىرى ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇنىڭ سىماسى قەلبىمدىكى ئىلگىرىكى بۆيۈكلۈكنىمۇ خىجىل قىلغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئىدى. ئىلگىرى ئۇ ئاددى ئاۋام ئارىسىدا ئۆز تەلەپپۇزىدىن، سۆز قىسىنچىلىقىدىن ئۇيالغان بولسا، مانا ئەمدى ئۇنىڭ راۋان خەنزۇ تىلىدىكى چاقچاقلىرىدىن جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ھەربىرى كۈلەلەيتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنى 56 مىللەتنىڭ ھەربىر قىز يىگىتلىرى ئاڭلىيالايتتى، يىغىسىغا يىغا كۈلكىسىگە كۈلكە قوشالايتتى، چۈنكى ئۇ ھازىر خەنزۇتىلىنى ھەربىر خەنزۇ زاتلىرىدىنمۇ پاساھەتلىك ئىشلىتەلەيتتى.

ـ ياق دىدىم ئۇستازدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن چۆچۈپ ۋە گۇمانلىنىپ. ئەجبا ئۇستاز شۇنچە تېز ئالغا باسالامدۇ؟ ئۇ قانداق ئۆگەنگەندۇ؟ ئۇنى شۇنچە تېز، شۇنچە پۇختا ئىلگىرلەتكەن نەرسە زادى نىمدۇ؟...

ئەمما يېنىمدىكى ئامىرىكىلىق ياش مەكەي باشقىچە قاراشتا ئىدى. مۇئەللىمدىنلا ئەمەس ئۇ ئۆزىنى تونۇغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر زىيالىسىغا قايىل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ، چىدامچانلىقىغا، بولۇپمۇ تىل ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىغا قايىل ئىدى.

ـ سىلەر ئۇيغۇرلار ئاجايىپ مىللەت ئىكەنسىلەر! دەيتتى مۇئەللىمنىڭ ئىنگىلىزتىلىدا ئىنتايىن راۋان بايان قىلىۋاتقان چاقچاقلىرىن زوقلىنىپ. مەن تۇيدۇرماستىن مۇئەللىمنى كۈزەتتىم، ئۇنىڭ چېھرىگە نەزەر سالدىم . ئەپسۇسكى ئۇنىڭدا بۇرۇنقى جىددىلىششىلەر، ئىككىلىنىشلەر ۋە يەنە قانداقتۇر غەلىتە تۇيغۇ، تەسىراتلار كۆرۈلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرتىلىدا ياكى خەنزۇ تىلىدا ۋە ياكى ئىنگىلىز تىلىدا سۆزلەۋاتقانلىقىدىن ھەيرانمۇ قالمايتتى. دۇدۇقلاپمۇ ئولتۇرمايتتى. پەقەت ئارىلاپ ئارىلاپ ئانا تىل ھەققىدە قوشۇمچە قىلغىنىدا ياكى قايسىدۇر ئۇلۇغ ھىكمەتلىك سۆزلەرنى، ياكى ئۇزۇندىلەرنى بايان قىلماقچى بولغىنىدا خۇددى خەنزۇ، ئىنگىلىز تىللىرى ئاجىزلىق قىلىۋاتقاندەك ئانا تىلدا شۇنچىلىك راۋان ۋە ئىنىق قىلىپ ئېيتىپ قوياتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ

كۆزلىرى تىخىمۇ چاقناپ، چىرايىدىن ھاياجان، پەخىر ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەتراپىدىكى تىڭشىغۇچىلىرىمۇ تىخىمۇ زور قىزىقىش ۋە ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭ ئىغىزىغا تىكىلىپ خۇددى ئۇيغۇرتىلىنى بىلىدىغاندەك، مەنىلىرىنى چۈشىنىدىغاندەك قايىللىق ئىلكىدە بېشىنى لىڭشىتاتتى. مانا موشۇ دەقىقىلەردە ئۇيغۇرتىلى ماڭا تىخىمۇ ئۇلۇغ، تىخىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ـ توغرا، دېدىم ـ ئۇستازىم چېھرىمگە مەنىلىك باققىنىدا. ئۇ ماڭا نورغۇن نەرسىلەرنى ئىيتماقچىدەك قىلاتتى. ئەمما ئادىمىلىكنىڭ بەلگىسى بولمىش ئاددى ئىنسان تىلى بىلەن ئەمەس بەلكى «يۈرەك كۆزۈڭنى كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل»دىگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى بويىچە ماڭا ئۇلۇغ بىر تىلدا سۆزلىمەكچى ئىدى.

بىز نەچچە مىنۇت كۆزىمىزنى ئۈزىشمىدۇق. بۇ قىتىم ئۇ ماڭا سۆزلىمەكتە ئىدى. ئىلگىركى خىجىلچىلىقنىڭ ئورنىدا ئەمدى بىرخىل ھاياجان، ئىشەنچ نورى چاقناماقتا ئىدى. ناھايىتى سىپايە ۋە ئىشەنچ بىلەن ماڭا شۇنداق دەيتتى: ـ تىرىشايلى ئۇكام. كىشىگە ھەربالا كەلسە نادانلىق ۋە خوراپاتلىقتىن كىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خورلۇقلار تاما سەۋەبىدىن تىخىمۇ ئىغىرلاپ كىشىنى ۋىجدان ۋە بۇرىچ ئالدىدا باش كۆتىرەلمەس قىلىپ قويىدىكەن...

مىللەتنى دۇنيا تونۇتۇش ھەرگىزمۇ قۇرۇق شۇئار، خەلق مەيدانىغا ئىسىپ قويۇلغان لوزىنكىلارنىڭ سانى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدىكەن. پەقەت توختىماي ئۆگۈنۈش ئۆگەنگەندىن كىيىن ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، سىرىتتا چىقىرىپ ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىكەن. ئەگەر نادانلىق تۈگىمىسە بۇنىڭغا بىز تاڭ خورازلىرى باش بولمىسان دۇنيا بىزنى تونىسىمۇ بۇ تونۇش بىزگە بالا قازا، خىيىم خەتەردىن باشقا نەرسە ئىلىپ كىلەلمەيدىكەن...

مانا ئەمدى ئىلگىركى باللارچە تەپەككۇرۇمدىن، قارغۇلارچە چوقۇنۇش نەتىجىسە كىلىپ چىققان ساددا تەپەككۇرۇمدىن قاتتىق نۇمۇس ھىس قىلىپ قالدىم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىنى يالغۇز يەتتە مىللىيۇن ئۇيغۇرلارئەمەس نەچچە مىللىيارت جۇڭگولۇق ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنگىلىز تىلىدىن خەۋىرى بار ھەرقانداق مىللەت ۋە خەلىقلەر چۈشىنەلەيتتى. ئۇ ئارقىلىق ئاۋال ئۇنى ئاندىن كىيىن ئۇنى ۋە بىزنى چۈشىنەلەيتتى. دىمەككى، بىرمىللەتنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئاۋال شۇ مىللەتتە دۇنياغا تونۇلغۇدەك ساپا ۋە ئاڭ بولۇشى، بۇخىل ئاڭ بۇرۇنقى مىللى ئەنئەنە ۋە مەدىنىيەت تىندىنسىيەسى بىلەن يۇغۇرلۇپ مىللەتنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە چۈكۈشىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلالىشى كىرەك ئىدى. بۇ بۇرۇلۇش خۇددى ئەشۇ ئاددى ئۇستازىمدەك ئەقلى ئويغاق كىشىلىرىمىزنىڭ بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەلەمكەش ساھىب قىرانلىرىمىزنىڭ تىرىشىشى ئۆلگە كۆرسىتىپ بىرىشى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشاتتى.

دەرھال قايسى بىر قىتىم بىر قەلەم ساھىبىنىڭ ئۇھەققىدە «ھەي! بۇ ئادەم كىنو سىنارىيىسى يىزىپ باقماپتۇ ئاشۇنى بىر يىزىپ باققان بولسا ھەممە ئىشقا چەتنى كىرىپ بولاركەن» دىگەن تەنقىدى ئىسىمگە كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ تەنقىدچىنىڭ كۆرەلمەسلىگىدىن، ھەسەتخورلۇقىدىن نارازى بولغان بولسام مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى چۈشىنىش ئىقتىدارىمدىن شەكلىنىشكە باشلىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ قەلەم ساھىبي ئۇستازنى تەنقىت قىلمىغان بەلكى ئۇستازنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا كۆزى يىتىپ شۇنداق باھا بەرگەن بولسا كىرەك دىگەن خۇلاسىگە كەلدىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ يىقىنقى مۇۋاپىقيەتلىرىدىن تولىمۇ رازى ۋە خۇشال ئىدىم. ئۇنىڭ « قىز پەسلى» دىن باشلانغان شېئىرلىرى، «كۆز ئىچىدىكى كۆز سۆز ئىچىدىكى سۆز» دىكى ئىلمىي تەپەككۇرلىرى ۋە كۆزىتىشلىرى، تەرجىمە ساھەسىدىكى «بۆركۈت سايىسى»، «بىل گەيتىسنىڭ بالا تەربىيلەش ئۇسۇللىرى»، «ئورۇۋقالاشنىڭ يىگى تەدبىرلىرى»، «تالانتلىق بالىلارنىڭ تەربىيلەشنىڭ سىرى» قاتارلىق ئەمگەكلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسا

«ئارتىبالىق ھەققىدە قىسسە» ، «قىساس» ناملىق رومان پوۋېستلىرى ئارقىلىق ۋايىغا يەتكەن ، «ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ ۋە چۇمۇلە روھى» دىكى ماقالىلىرىدە يەنە بىرقېتىم قاسراق تاشلىغان ئىدى . دىمىسىمۇ ئۇ ھەرقايسى ژانىرلاردا قەلەم تەۋرىتىشكە جۈرئەت قىلغان ۋە ھەر ساھەدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن زات ئىدى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئەمەلىيتىدىن ئۇنىڭ ھەرنىمە قىلالايدىغانلىقى ، قولىدىن كېلىدىغانلىقى ۋاقتى كەلسە خەلقنىڭ تەشنالىقى ئۇنىڭ جامىدىن قانائەت تاپالايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ئىدى.

دەرھال ئۆزۈمگە قايتتىم. شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ئەدەبىيات كەسپىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن ۋاقتىم ئىدى. بىركۈنى ئۇمىنى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. ئۇ ماڭا تۇزلا «ھە ، ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى پۈتتۈردىڭىز ، ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيلەۋاتقىنىڭىزغىمۇ 2 ـ 3 ـ يىل بولۇپتۇ ، ئەمدى ئەشۇ تەجرىبە ساۋاقلىرىڭىزنى يەكۈنلەيدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.تىل ئۆزى بىر كۆۋرۈك. ئوقۇغۇچى تەربىيلەشمۇ ياخشى ئىش، لېكىن بىر ئىزدا توختاپ قالسىڭىز بولمايدۇ.ئەمدى تىخىمۇ پىشىڭ» دەپ ئالدىمغا «ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسىنىڭ مەخپىيتى» ، «ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكىنىڭ مەخپىيتى» ۋە «ئىنگلىز تىلى جۈملە شەكىللىرىنىڭ مەخپىيتى»ناملىق ئۈچ كىتاپنى تاشلاپ بەرگەن ئىدى. دەسلەپتە تولىمۇ تەمتىرىگەن ، بۇ خۇددى بىر ئاجىز چۈمۈلىنىڭ زىمىسىگە بىر چوڭ تاغنى ئارتىپ قويغاندەك ، توكۇرنى سۇغا ئىتتىرگەندەك ئىش بولدى دەپ ئويلىغان ئىدىم ، لېكىن شۇنداق بولۇشنى ، ئەنە شۇنداق ئۆز شاگىرتىغا كۆيۈنىدىغان ، ئىشىنىدىغان ، قاتتىق تەلەپ قويالايدىغان بىر ئۇستازغا يولۇقۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن كۈچسىز بىلەكلىرىمگە كۈچ كىردى ، ئاجىز روھىمغا روھ كىردى. خۇددى شۇچاغلاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتدىكى يەنە بىر ئۇستازىم ئەنۋەر سەمەت قۇرغاننىڭ دائىملىق سۆز بولمىش «سەن قىلالمىغاننى ھېچ كىشى قىلالمايدۇ» ، «تەۋەككۇلنى ئاللاغا قىلغۇلۇق» دىگەن ھېكمەتنىڭ زورى بىلەن تەرجىمىگە كىرىشىپ كەتتىم. دەل ئالتە ئاي بولغاندا بۇ ئۈچ كىتابنىڭ دەسلەپكى تەرجىمىسى قولۇمدىن چىقتى.مۇئەللىم

تەكشۈرۈشتە ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىدى، لىكىن يەنىلا نورغۇن نەرسىلەرنى، مەسىلىلەرنى مىنىڭ ھەل قىلىشىمغا تاشلايتتى. بىرقېتىم ئاتالغۇ، ئىسىملار ھەققىدە مەسىلەت سورىدىم. مەسلەت ئىنتايىن ئاددى، خۇددى كىينكى ئۇستازىم مەترىھىم سايىتنىڭ دائىملىق سۆزى «ئۇيغۇرلارغا ئىككى سائەتتە پىشىدىغان پولۇدىن قورساق ئىچىپ ئۆلەي دەپ قالغاندا تىلغا ھەسەل تىتىدىغان ئەشۇ بىر پارچە نان تولىمۇ زۆرۈر. ئەمگەك قانچە ئاددى،ئۇسسىغان يەرگە بارىدىغان، بازارغا يارايدىغان بولسا شۇنچە ياخشى»دېگىنگە ئوخشاش پىكىرلەرنى بىرەتتى. ئۆز تەرجىمىلىرىمنى ئۆزۈم كۆرۈپ نەچچە يەردە ھايانجانلىنىپ كەتكەن ئىدىم. ئۇستاز مەن بىلەن تەڭ ھاياجانلىناتتى. دىمىسىمۇ ئۇ كىتابلار تولىمۇ ياخشى ماتىرىياللاردىن ئىدى. چۈنكى ئىنگلىزتىلىغا ھەۋەس قىلىدىغان خەنزۇ بالىلىرى خىلى يۇقىرى سەۋىيگە يەتكەندە ئاندىن كۆرۈپ پايدىلىنالايدىغان بۇ كىتابلار ئەملىيەتتە سۆز قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىغا تولىمۇ ئۆخشاپ كىتىدىغان بولۇپ، كىتابدىكى بۇ خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ دەسلەپكى سەۋىيدىلا بۇكىتابنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق سۆز ۋە گىرامماتىكىنى تىز ئىگەللەش مەخسىتىگە يىتەلەيدىغانلىغىنى ئالللقاچان ھىس قىسىپ يەتكەن ئىدىم. ھەرقېتىم بىر ئىسىل مەزمۇننى تەرجىمە قىلغىنىمدا ئۇستازنىڭ كىتاب تاللاش ئىقتىدارىغا بىر قايىل بولاتتىم. تولىمۇ ئەپسۇس، كىتاب پۈتكەندىن كىيىن نەشرىياتقىمۇ تاپشۇرىدۇق، تەھرىرنىڭ چەكلىك سەۋىيسى، ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ تازا ئادىل بولماسلىقى سەۋەبىدىن كىتابلارنىڭ ئىسلى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق كىتابي بولغان بۇ ئەسەرلەر ئىقتىسادى مەنپەت توقۇنۇشلىرى سەۋەبىدىن«سۆزلۈكنىڭ مەخپىيىتى»گە نەچچە ئادەمنىڭ ئىسمى قوندۇرۇلۇپ، خىلى بىر مەزگىل كىتاپ سۆدىگەرلىرى بىلەن نەشرىيات ئارلىقىدا سوزۇلۇپ ياتقان بولسىمۇ، ئىنگلىزتىلى بىلمەي تۇرۇپ ئىنگلىزچە ماتىرىياللارنى تەھرىرلەيدىغان تەھرىرى ۋە خەت ئۇرغۇچى سەۋەبىدىن بىرقىسىم قۇر ئالمىشىپ قىلىش ۋە ئىملا خاتالىقلىرى يۈزبەرگەن. كىينكى ئىككى كىتابنىڭ ئاتالمىش ئادىل رىقابەتنى قوغلىشىدىغان كۇرىس چىلارنىڭ غەيۋەت پاراڭلىرى، كۇرسلاردىكى تەتۈر

تەشۋىقاتلار ئارقىلىق كىتابنىڭ بىر مەزگىل بازار تاپالماسلىقىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ يەنە نۇرغۇن ئىلىم سۆيەر ئوقۇرمەنلەر، ئىنگلىزتىلى ئۇستازلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەھمەت، تەبرىك خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە 10يىل ئاۋال خەنزۇچىدا دۇدۇقلايدىغان، مانا ئەمدى خەنزۇ، ئىنگلىزتىللىرىدا مەخسۇس ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، ھوزۇرلىنىدىغان، ماگىستىر، دوكتور ئاسپىرانتلىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ، بۇ ساھەدە ۋايساپ يۈرگەنلەرگە ئۈلگە بولۇپ تۇلپاردەك كۆزنى چاقنىتىپ كىتىۋاتقان بۇ قەلەم ساھىبىنىڭ مەن ئارقىلىق روياپقا چىقارغان زور نەتىجىلىرى ئىدى...

ئاردىن يەنە نەچچە يىل ئۆتۈپ، ھايات بۈگۈنگە ئۇلاشقاندا ئاقىرىۋاتقان چاچلارغا كىرىزىس تۇيغۇسى ئىلىپ كىلىۋاتقان 27 ـ قىتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئاددى ئەسلىمىلىرىم ئارقىلىق بۇ ئۇستازغا سالام بېرىشنى، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىكى ھۆرمىتىم بىلەن يەنە بىر قېتىم بېيجىڭ سەپىرىگە ئۇزۇتۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

خەيرى ئۇستاز ئاق يول بولسۇن!...

2011 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى   ئۈرۈمچى

## لۈكچەكسىز زامان

بەرقى

بۆرە يوق جاڭگال جاڭگال ئەمەس ئۇ ،
شىر ، يولۋاسسىز
يوق ھايۋانلار پادىشاھلىقى .
بۇلبۇلسىز باغلار قەبرىستان ،
گۈلسىز چىمەن نەدە ؟
ئەڭ بىچارە يارسىز ئاشىق.
شىر ، يولۋاسسىز ،
مايمۇنلارغا ئەسىر بولار قاپلان .

كۆنلەر بەكمۇ ئۆتەر شىلىمشىق ،
لۆكچەكسىزلىككە ئايلانسا زامان .

لۆكچەكسىز زامان ،
قۇرتلار لۆكچەك بولۇۋالغان .
لۆكچەك بولۇۋالغان قاغا ، سېغىزخان .
قارغايلار يېقىلىدۇ پولاتتەك تۇرۇپ ،
بىر يۇمشاق قۇرت ئالدىدا .
پالۋانلار جان بېرەر ،
مەزلۇمغا ئايلىنار ،
قىلىچ ئالدىدا ئەمەس
ئادەملەرنىڭ سۆيى قاچقان قەلبى ئالدىدا .

كۆنلەر نەقەدەر ئاستا ئۆتمەكتە ،
مەنىسىز نەرسە تۇتامسىز شۇنداق .
يۈرەك بىر پارچە گۆش ،
ياق !
ئۇ بىر تاشتۇر،
زەخملەنمەسلىك ئۈچۈن
بولۇۋالغان يۇملاق ،
قاتتىق بولۇۋالغان
باغرىدىكى تىترەشلەرنى
سەزمەسلىك ئۈچۈن .

ماشىنا ئىچىدە قۇرۇتلار ،
لىفتلاردا ئۆرلىمەكتە يۇقىرىغا
توخۇلار ،
بۇركۈت قەپەستە ،
ئۇ قەپەستە باغلانغان ،
قاناتلىرى داغلانغان ،
كەڭرى ئاسمانغا
مۆڭگلانغانچە تۇرىدۇ قاراپ .
بۇلبۇلسىز باغلار قەبرىستان ،
ئاشىق قەلبى يارسىز باياۋان ،
شىر ، يولۋاسسىز
يوق هايۋانلار پادىشاهلىقى .
كۆنلەر نەقەدەر ئاستا ئۆتمەكتە ،
بىر پاشا پىچىرلىدى يەنە بىرىگە :
لۆكچەكسىز زامان .

بەرقىنىڭ « قىز پەسلى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن

## تەنھالىق تەشۋىشلىرى

مەيلى ھېچكىم كەلمىسە يوقلاپ ،
يوقلاپ تۇرار ۋاپادار چۈشۈم .
تاملار بىلەن سۆزلىشۋالار ،
ھىجران بىلەن تىترەپ تۇرۇشۇم .

مەيلى دوستلار كەتسىمۇ تاشلاپ ،
تاشلىمايدۇ بۇ دەردلىك جاھان .
ھېچكىم ھېچكىم ئۈچۈن دۇنيادا ،
دەرد تارتىشىپ بېرەلمەس ھامان .

مەيلى سەندىن كەلمىسىمۇ خەت ،
كېلىپ تۇرار خىيالىڭ بىراق .
پاكلىنىدۇ تەبەسسۇمىڭدا ،
خاتىرىلەر تۇغقان ئىشتىياق .

«قىز پەسلى»دىن

خەيرى، 18 باھار

قېنىغا پاتماستىن ئاققان بىر دەريا ،
كەپ قالدى دولقۇنلۇق دېڭىز ئالدىغا .
بىر چىنار پەلەككە قاراپ سوزدى بوي،
كۆرۈنۈپ بارغانچە گۈزەل بۇ دۇنيا.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
مىنۇتلار ئۆتمەكتە... تۇرمەن سېزىپ.
بىلمەن ئۇ مەڭگۈ قالماس تىرىلىپ.
يۈرىكىم چۈشمەكتە ياش بولۇپ ئېقىپ...

كۆمۈلدى بىر چېچەك يەرنىڭ ئاستىغا ،
كۆمۈلدى بىر يالقۇن تەكتىگە يىلتىز.
خوشلاشتى بىر دەريا ناخشىسى بىلەن،
باغاشلاپ دولقۇنلاپ تۇرغان كۆك دېڭىز ...

1989 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇست لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسى

## قىش شەپىسى

داللاردا ھۇۋلايدۇ شامال،
سارغايماقتا شاخلاردا ياپراق.
ئېتىزلاردا ئۇخلايدۇ مايسا،
بوشلۇقلاردا تىنەيدۇ توزغاق.

تاۋلانماقتا جۇدۇندا گىياھ،
زىمىستانغا ئېچىپ كەڭ ئېتەك.
ئەتىكى ئۈز ،يېڭى باھاردىن
قىش شەپىسى بەرمەكتە دېرەك.

1988 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر لوپ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

(بۇ شېئىر <<يېڭى قاشتېشى>>ژورنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

## ئاي تۇتۇلغان ئاخشىمى

ئاي تۇتۇلدى بۇلۇتسىز ئاخشام،
شۇنچە خۇنۇك ، قاتىل يۈزىدەك.
جىمىرلىشار يۇلتۇزلار سوغۇق،
ئالەم تىمتاس ئۆلۈك كۆزىدەك.

باغچىسىغا نازۇك كۆڭۈلنىڭ،
بايۋانلار كېلىدۇ دەۋرەپ.
سۇنۇق دەرەخ شېخىدا بىر گۈل،
ئاجىزغىنە تۇرغاندەك تىترەپ.

بىر مېھماندۇر چاقىرىلمىغان،
تومۇرلاردا ئەگەن تەشۋىش.
ئاي تۇتۇلغان بۇ سوغۇق ئاخشام،
روھىيەتتە ھۆكۈم سۈردى قىش...

1989 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال لوپ

## گۇم

تىنىمسىز بىر خىل شاقىرار ئازما،
قىرغاقتا تەكرار ئۇرۇلار دولقۇن.
ئىنسان چۈشەنمەس گۈزەل بىر تىلدا،
سۆزلىشەر تىنىماي،

سۇ بىلەن زىمىن.

قايناپ بۇژغۇنلار ياساپ كەڭرى گۇم،
سۇزۇك مارجانلار ئۇرۇلار ھەريان.
بەلكىم بىر چۆچەك ، بەلكىم بىر تارىخ،
قىلىپ بارىدۇ بۇ يەردە داۋام.

گۇمغا قارايمەن،ئەجەپقىنا ھال،
يۇرەك تىنىچسىز ،چېچىلار خىيال...

1988 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر سامپۇل

## بىر ئېشەككە تېز سىزما

(ھەجۋىي)

ھاڭرىشى يوق مۇستەقىل پەقەت،
باشقىلارغا جۆر بولۇپ ھاڭرار.
خىيالى يوق تەنھا ھەتتاكى ،
دەپ بولمايدۇ شەخسىي پىكرى بار.

يەم يىسە گەر يېنىدا بىرسى ،
ئۇمۇ دەرھال يەمگە يېپىشار.
خۇددى بىر تال سايىدۇر جىسمى،
باشقىلارنى دوراشقا تەييار.

ئۆلدى ئاچ قېپ ئاخىرى ئېشەك،
ئۆزى قالغاچ ئېغىلدا تەنھا .
چۈنكى ھېچكىم نەرسە يىمىسە،
بولمايدۇدە ئۇ يىسە توغرا.
1989 ـ يىلى 14 ـ يانۋار شەنبە سامپۇل

## ئىشەنمەيمەن ئادەملەرگە ھېچ

(بىر قۇش تىلىدىن)

قولىدا دان چاقىراپ ھارماي،
مېنىڭ ئۇچۇن بولۇپ پاي ـ پېتەك.
پەرۋازىمغا باقار زوقلىنىپ،
قونسۇن ئۇ دەپ ئېچىپ كەڭ ئېتەك.

لېكىن كۆلەر ئەجەپمۇ سىرلىق،
بىر كۆز ئوينار كۆزى ئىچىدە.

بىر يۈز باردۇر يۈزى ئىچىدە،
سۆز بار يەنە سۆزى ئىچىدە.

كۆرىنىدۇ تۇزاق سايىسى
كۆزىدىكى قارا كېچىدە...

1988 ـ يىل 26 ـ سېنتەبىر لوپ

## باللىق يالدامىسى

قوي باققان بالا ئىدىم،
سوۋغا بولغان قويلاردىن قوي كۆز.
سوۋغا بولغان بۇلاقلاردىن،
سۈزۈك بىر قەلب.

سوۋغا بولغان جاڭگاللىدىن،
قاراقچىغا ئوخشاش بىر مىجەز.
سوۋغا بولغان تىكەنلەردىن ،
تاپىنىمغا جەسۇرلۇق.

قوي باققان بالا ئىدىم،
باقماقتىمەن ھازىر
سۆيگۈلۈنىڭ قويلىرىنى
ئوتلىتىپ
مىسرالارنىڭ جاڭگاللىرىدا ...

1989 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال لوپ

## بـــــــايــــــــاۋان

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

چېقلارمەن تاك قىلىپ چەكسەڭ ،

جامالىڭنى كۆرستەر ئەمما

تولۇق قىلىپ ھەربىر سۇنۇقۇم .

ئەگەر ماڭا قىلماق بۇلساڭ سۆز ،

ئېغىزىڭ ھىچ مىدىرلىمىسىمۇ ،

نىمە دېمەكچىسەن

ئاڭلاپ بولار ھەممىنى قۇلۇقۇم .

كېلەر بۇلساڭ

كېلىشنى ھەم قىلساڭ خىيال ،

يۈرۈگۈم

بولار دەرھال يولغا ئايلىنىپ .

كۆرۈشىشنى ئىستەيمەن

كەلمەيسەن ئەمما .

سۆيۈشنى ئىستەيمەن

سۆيمەيمەن ئەمما .

2

قانچىنچى ئادەممەن بۇ ئالەمدە ،

تۇغۇلغان يەنە قانچىنچى بۇلۇپ ؟

بىلمەيمەن كۆسىمدىكى

شۇ كىچىك يۈرەك قاچان قالدى

بۇئۈلۈغ ئوتلارغا تولۇپ .

تىكىلىمەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق

ئۆزىم بىلمىگەن خىيالىمدىكى بىر يولغا .

شۇ يولدا كېلەر

يۈرىگىمدىكى ئوتنىڭ تىلىنى ئۇققۇچى .

تەنلىرىم گۆش ، بىزگە ئوخشاش

بىر ئادەم تۇرۇپ

شۇ ئوتلارنى يۇتۇپ ئۆتكىچى .

3

دېيەلمىگەن گەپلىرىم تولا ،

سورىسا بىرەرسى دېمەيمەن ئەمما .

ماڭمىغان يوللىرىم تولا ،

ماڭ دېسە بىرەرسى ماڭمايمەن ئەمما .

ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ ئېچىلمىغىنى خوپ ،

كېيىن

ئۆلمىنىڭ تۈنجى كېچىسى ،

چۈشەندۈرگەي مېنى ، يۈرىكىمنى

شۇ دېيىلمىگەن گەپ

شۇ ماڭمىغان يول

ئورنۇمدىن تۇرۇپ .

**4**

سالام خەتلىرىڭنى كۆيدۈرمەكچىدىم ،

خەتلىرىڭ كۆيدۈردى ۋە لېكىن مېنى .

كۆل قىلدى كۆز يېشىڭ مەغرۇرلۇقۇمنى .

ئاھلىرىڭ ئۆلتۈردى بۈيۈرىكىمنى .

ئۆزىمنى كۆيدۈردۈم ، ئۆزىمنى خالاس ،

خىيالىمدا سەن يەنە غالىپ .

سېغىنىشىم كۆكىدە شاھسەن

مېنى قىيناپ تۇرغان شۇنچە ئاجايىپ.

## پاشا قەسىدىسى

بەرقى

ياتىقىمدا بىر پاشا،
خامان بولدى بەدىنىم ئاڭا.
خالىسا چاقىدۇ، خالىمىسا
قۇلىقىم تۈۋىدە ئېيتىدۇ ناخشا.

قاچقۇم كېلەر تېرەمدىن چىقىپ ،
ماڭا قىيىن، ئاڭا تاماششا.
بۇنىڭدىن سەت ئاۋاز ،

ناچار لىرىكا ،

بىلمىدىم بارمىدۇ يەنە دۇنيادا؟
قوغلىسام قاچىدۇ،
قاناتلىرى بار،
توختىسام شۇھامان كېلىدۇ قايتىپ.
ئۇرساممۇ شۇنچىلىك ، چەنلەپ ئاۋايلاپ،
شاپىلىقىم ئاستىدىن بولىدۇ غايىپ.
چاقسىمۇ مەيلىتى ،
چىقماي ئاۋازى،
بەدەننىڭ دەردىگە بېرەتتىم بەرداش.
ۋە لېكىن ناخشىسى تەسۋىرلىمەك تەس،
مۇمكىنمۇ ئاڭلىماق ،مۇمكىنمۇ چىداش؟

بۇ ئاۋاز ھەممە يەردە ،
تارقالماق بولار ھەممە يەرگە.
ھەتتا كىرمەك بولار ،
بۇسۇپ قەلبىمگە.
ھالىتىم بىچارە،
ئامالسىزلىق دەشتىدە ،
مەن بولدۇم رەسۋا،
ئاڭلاش سەزگۈمگە بولالماي ئېگە.

بۇ ئاۋاز ھەممە يەردە ،
تارقالماق بولار ھەممە يەرگە.
سەت دەي دېسەم،
خىجىل بوپ قالىدۇ سەت دېگەن سۆيەت.
يېقىمسىز دەي دېسەم،
يېقىمسىزلىق ئۇنىڭ ئالدىدا،
بىباھا يېقىملىق،
راھەتتۇر راھەت!

ئېغىزى ئېچىلسا
ئاڭلىماسلىق ئىختىيار ئەمەس.
ئۇچار قۇلىقىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ.
سەزگۈڭ تېكەنلىشىپ ،

زۇلۇمغا ئايلىنار ،
سەن ئالغان نەپەس.
قۇلاقنى ئەتسەڭمۇ
تېرەڭ ئارقىلىق كېلىدۇ كىرىپ.
سەرگۈڭنى گويا

بىر گال پىچاقتا كېسىپ ۋە يىرتىپ .

قۇلىقىم تۇۋىدە بىر پاشا،
قىينالغان ھالىمنى قىلار تاماشا .
ئاۋازى
مەن ئۈچۈن دەججالنىڭ بۇرغىسى گويا،
ئۇ خوشال ۋە لېكىن ،
شۇنچىلىك پەرۋاسىز ئېيتىدۇ ناخشا.
تىڭشايمەن،
تار كېلىپ تېرەم.
تىڭشايمەن،

قۇلىقىمدىن ۋاز كەچكۈم كېلىپ.

2011 ـ يىلى 22 ـ سىنتەبىر بېيجىڭ .لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنىستىتوتى

## ئابلېكىم ئابدۇلئەھەد

(ئوقۇغۇچۇم، شائىر ئابلېكىم ئابدۇلئەھەدكە مەرسىيە )

شائىرلىق كوچىسىدا بىر دانە جېنى،
يېرىلغان ئاناردەك بولدى مىڭ دانە.
ئۆلۈمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئورۇپ ،
ھاياتقا ئۆلۈمدىن ئىزدىدى مەنە.

ئۆزى كەتتى، قالغان سۆزلىرى،
پارلايدۇ ۋە لېكىن مىسرا تۇۋىدە.
كەتتى دېمەڭ مۇمكىن ئۆچۈرشىش،
مەنەلەر باغرىدا قايتىدىن يەنە.

يازغان شېئىرلىرىدىن يازمىغىنى كۆپ،
دەپتىرىدە ئاخىرى ئۆزى،

قېتىپ قالدى بىر شېئىر بولۇپ.

ھايات نوپۇسىنىڭ تېلىپون نومۇرى

(ئوقۇغۇچۇم، شائىر ھاياتنوپۇسقا مەرسىيە )

ئۆچۈرۈۋېتەي دېسەم ھەي تېخى،
ئۆچۈرۈۋەتمەي دېسەم ھەي تېخى.
تېگىرقاشتىمەن ،
قېينىلار يۈرەك،
بەدىنىمدە ئاجىز بىر تىترەك.
گويا بۇگۈن ئەتە ئىچىدە
تېلېپونۇم تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ،
ھايات سوراپ قالىدىغاندەك،
ـ مۇئەللىم سىز نەدە؟

ئۆچۈرۈۋەتسەم تېل نومۇرنى
بىزدىن مەڭگۈ ئايرىلغان ھايات،
ئۆچۈپ كېتىدىغاندەك نومۇر بىلەن تەڭ.
ئۆچۈرۈۋەتمىسەم
ھەر كۆرگەندە بۇ نومۇر ،
ئازابىمغا ئاچار يېڭى جەڭ.
تېلېپونۇمۇر دەپتىرىمدىكى
ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغان،
نۇرغۇن دوستۇم ،يېقىنىم بىلەن.

ھايات ئوقۇغۇچۇم ئىدى تۇنوگۇن،
ئۇنىڭ ئۆلمى ئالدىدا ،
ئوقۇغۇچى بولدۇمەن بۇگۈن.
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا ئاجىزكەن ھەممە،
جېنىمىز تۇترۇقكەن ئۆلۈملەر ئۇچۈن.
ئالەمنىڭ كۆكسىدە ئېچىلغان گۈلكەن،
بىزگە مەنسۇپ دەملەر
ئەتە ۋە ئۆگۈن.

ئەلۋىدا، ئەلۋىدا، ئەلۋىدا ھايات،
تېلېپون نومۇرى ئىچىدە
بىر قۇش كەبى قېقىپ تۇرغان قانات.

## سۇ چېقىنلىرى

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى 1

شۇنچىلىك گۈزەل ۋە مۇلايىم،
بىر قۇتا ئىچىدە ئۇخلاپ ياتار جىم.
باشلىرىنى قويغۇڭ كېلىدۇ سىلاپ،
بىر تەلۋە تۇيغۇنىڭ دەردىگە چىداپ.

نېمە دەپ تەرىپلەي سۆزۈكلۈكىنى،

سۇزۇكتىن ئۆتە تۇزۇكلىكىنى...

سىلىدىم ،سىلىدىم،
بىر گەۋدە بولدى ئۇنىڭ بىلەن ئالقىنىم.
قارىدىم ،قارىدىم،
مەن ئۇنىڭ تېنى،
ئۇ مېنىڭ تېرەمدۇر بەلكىم.

ئىچىمدە ئاجايىپ قانماس بىر چاڭقاش،
شۇ چاڭقاش ئىچىدە ئاقىدۇ قېنىم.
چاڭقاشنىڭ ئىچىدە ئېغىر بىر قاناش،
قاناشنىڭ دەردىدە قىينىلار جېنىم.

ئالدىمدا بىر گەۋدە،
شەكىلسىزلىك ئۇنى قىلغان پەيۋەندە .
رەڭگى ئۇنلەيدۇ بولۇپ بىر كەپتەر،
تەمى
تاتلىق ئەمەس،
ئاچچىق ئەمەس.
دەپ بەرگىلى بولماس بىر تەم،
ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن تارقىتار خەۋەر.
مەن ئۇچۇن بەلكىم ،
ئۇ بىر يېرىم كېچە،
ياكى بىر سەھەر.

تېرەم بىلەن مۇڭدىشار،
دەپ بەرگىلى بولماس بىر تىلدا.
باغرىم بىلەن ئويىنشار،
كۆڭلۈم بىلەن بويلىشار،
مۇقەددەس بىر ئاھاڭ،

ئاھ بۇگۈن دىلدا!

2

ئاسماندىن تۆكۈلەر پەرىشتىلەر،
چېچىمدا ئۇچرىشار گويا ئىككى چۆل.
بىر ـ بىرىگە چەكسىز يېقىنلىشار،
قانماس جۇپ كۆڭۈل....

3

شامال ياپراقلارنىڭ كۆيۈك قەلبىنى،
سوۋۇتۇشقا ئۇرىنار،

ۋۇجۇدى بىلەن.

لېكىن ياپراق كۆيەر،
يامغۇرنىڭ سۆيۈشى
ئۇنى سۆيۈپ ،سۆيۈپ تۈگىتەر.
ئاھ بۇ سۆيۈك دەرتلىك نەقەدەر...!

4

بەزىدە قاتتىق....

قاتتىقلىقى ئوخشايدۇ تاشقا .

ياقساڭ لېكىن قەلبىڭنى

سۈزۈكلۈك ۋە پاكىزلىق بىلەن،

تاش ئېرىپ،

ئايلىنىدۇ بىر تامچە ياشقا .

تىلەيمەن رەببىمدىن ئەمما،
تاش بولۇشنى يولاتما باشقا.

5

ئامراقلىقىمدىن

يۇتۇۋەتكۈم كېلىدۇ قانماي...

نازۇكلىقىدىن
قارايمەن سائەتلەپ،

كۆزۈمنى ئالماي.

رەڭگى كۆك ياكى يېشىلغا

يېقىنلاشقاندا،

تۈگەيدۇ تاقەت بۇ ئاجىز جاندا.
ئۇندىن ئۆزگە نەپىسلىك قالماس جاھاندا.
ۋەسلىگە يەتسىمۇ لېكىن قانالماي،
رىغبەت يوق ئالدىغا مېڭىشقا ،
ياكى يانالماي
يۈرەك پارە-پارە بولار ئارماندا.

6

نەچچە مىڭ يىل ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا،
باغرى كاۋاپ بولغان تەكلىماكان.
سىموۋۇلى قەلبىمنىڭ بۈگۈن.
باشلاپ كەلسە دېڭىزنى
تەكلىماكان قانار.

قەلبىم قاناماس.

باشلانغاندەك ئەمدى ئۇسسۇزلىقى.

## قايتىش

قايتىپ كەلدىم يۇرتۇمغا ئاخىر،
سېغىنىشىمنىڭ باغرىنى يېرىپ.
قانىتىمغا ئۆرۈلۈپ بۇلۇت،
توزغاق كەبى كەتتى چېچىلىپ.
كۆزلىرىمنىڭ باياۋىنىدا ،
تونۇش سىما گۈل بوپ ئېچىلىپ.

ئۇچۇۋاتقان مەن ،ئۇچقۇ ئەمەس،
يىراقلاردا قالماقتا ۋاقىت.
تېنىم تېخى كۆكنىڭ قەھرىدە،
لېكىن ئۇچقۇر يۈرىگىم ھازىر،
بۇلبۇل بولۇپ ئۇنلەيدۇ غېرىپ.
مەنزىلىگە بولغاندەك يېرىپ.

سالام! سوغۇق سۆيدى لېۋىمنى،
بىر ئىللىقلىق لېكىن ئەپتىدە.
چىلىق چىلىق تەرلىدىم ھەتتا،
ئاپپاق قارنىڭ تۆككەن تەپتىدە.
تەكلىپ قىلار مېنى ئۇسۇلغا،
كۆپ ـ كۆك مۇزلار ئاۋات رەستىدە.
دەرۋازىدا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ،
سېغىنىشتا بولۇپ مەس —مەلەغ،
پىچىرلىدى ئۆز تىلىدا ئۇ،
سۆيۈپشكەندەك ئۆز تىلىدا سۇ.

ئالىپ بۈگۈن گويا بىر دېڭىز،
كۆك ئاسماندۇر باغرىم ئىلتەرىش.
قايتىپ كەلدىم ئۆيۈمگە ئاخىر،
ئۇنلىگەندە باھار بولۇپ قىش.

**2011** ـ يىلى **4** ـ يانۋار كەچ ،ئۈرۈمچى

## بۇلۇت

**1**

ئارىلىقىمىز شۇنچىلىك يىراق ،
كۆز ئالدىمدا تۇرسەن بىراق.

ئېسىمدە ،
خىيالدەكلا نازۇك باغرىڭغا
ئۇچۇپ كىلىپ ئۇرۇلغىنىمدا
بىر گۈل كەبى تۇزۇپ كەتكىنىڭ.
بۇلۇتلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا
مۇشۇ ۋىسال بولۇشى مۇمكىن.
ياكى بۇلۇت ئۆزگە تىلسىمات،
ۋىسال نىمە بىلمەيدۇ بەلكىم.

بەزىدە سۈكۈتنى ئاۋازىم بىلىپ،
توۋلايمەن :بۇلۇت، بۇلۇت!
سادا كىلەر ئاسماندىن :
ـ ئۇنۇت ،ئۇنۇت!
لېكىن تەستۇر ئۇنتۇماق،
ئۇنتۇشقا ئۇرۇنغانسىرى ،
ئېغىر كىلەر ئادەمگە پىراق.

جىسمى خىيالدىن يەڭگىل،
خىيالى
ئالەمدىن ئېغىر
كۆكۈمدىكى ئەي ئاپپاق بۇلۇت،
سىنى ئويلاپ قان بولدى بېغىر،
سىنى ئويلاپ خىيالىم يېغىر.

**2**

گۈلگە قاراپ بولىمەن خىجىل،
نەقەدەر ئاجىز ھە ئىنسانىدىكى تىل.
دېگەن گەپلىرىم چالدۇر دائىم،
ئەمما ئۆز تىلىدا شۇنچە بەھۇزۇر،
قىنىپ –قىنىپ مۇڭدىشىدۇ گۈل.

چىقماس ئاۋازى ،
تىلى ئۇنىڭ جىمجىتلىق.
بولۇپ لاۋۇلدىغان ئوت،
گۈلى ئۇنىڭ جىمجىتلىق.

ئەي ئاق بۇلۇت ئاسماننىڭ گۈلى،

ئەي ئاق بۇلۇت سۆيگۈنىڭ كۈلى.

**3**

ئۇچۇپ ئۆتتۈم بوگۈن يېنىڭدىن،
هوزۇر ئېلىپ يەنە جىنىڭدىن.
پەرۋاز قىلار بەهۇزۇر ئۇچقۇ،
قاراقلىرىم پاتتى باغرىڭغا ،
مەن ئۇچۇن بۇلۇتقا
ئايلانغان ئەي سۇ!

**2010 ـ يىلى دېكابىر**

## تەنھالىق تەشۋىشلىرى

مەيلى هېچكىم كەلمىسە يوقلاپ ،

يوقلاپ تۇرار ۋاپادار چۈشۈم .

تاملار بىلەن سۆزلىشۋالار ،

هجران بىلەن تىترەپ تۇرۇشۇم .

مەيلى دوستلار كەتسىمۇ تاشلاپ ،

تاشلىمايدۇ بۇ دەردلىك جاهان .

هېچكىم هېچكىم ئۇچۇن دۇنيادا ،

دەرد تارتىشىپ بېرەلمەس هامان .

مەيلى سەندىن كەلمىسىمۇ خەت ،

كېلىپ تۇرار خىيالىڭ بىراق .

پاكلىنىدۇ تەبەسسۇمىڭدا ،

خاتىرىلەر تۇغقان ئىشتىياق .

« قىز پەسلى » دىن ئېلىندى

## قىيامەت

يامالسا بىر قىزنىڭ قىزلىقى،

يىگىتنىڭ غورۇرى بولىدۇ خازان.

بىر قىزنىڭ قىزلىقى،

قىيامەتكە يېقىنلايدۇ بىر قەدەم جاھان.

بىر يىگىت خازان بولسا ،

باراۋەردۇر،

سۇنغانغا دۇنيانىڭ بىر تۈۋرىكى.

بىر يىگىت تامام بولسا ،

باراۋەردۇر،

پاچاقلانغا ئىشەنچىنىڭ بىر كۆۋرۈكى.

قىزنىڭ گۈلى قىزلىقى،

يىگىتنىڭ روھى قىزلىقى،

ئانىنىڭ روھى قىزلىقى.

بىر دەرەخ يىقىلسا،

تۇزايدۇ روھىمدىن بىر گۈل.

بىر باغ خازان بولسا

دوزاققا ئايلىنار بۇ روھىم پۈتكۈل.

بىر باغ ئىدىڭ كۆڭلۈمدە ئەي قىز،

باغۇەن ئىدىڭ قەلبىمدە ئەي قىز،

روھ گۈللىرىمنى پەرۋىش قىلغۇاتقان.

قىزلىقىڭ ياسالدى،

قەلبىمدە ئازاپتىن پۈتتى بىر دېڭىز.

1995 ـ يىلى

## روزى ھېيت

بارلىق دوستلارنىڭ ھېيتغا مۇبارەك بولسۇن!!

روزى ھېيىت كەلدى،

قەلبىمگە لىق تولدى ھېيىت خۇشاللىقى،

بالامغا ھېيتلىق بەردىم،

سۆيۈپ تۇرۇپ مۇبارەكلىدىم

سوراپ قالدى يەتتە ياشلىق بالام:

ـ دادا، بۇ ماۋزىدۇڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمۇ؟

جاۋاب بەردىم مەن:

ـ ياق بالام، بۇ بىزنىڭ ھېيتىمىز

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ

نەپسىمىز بىلەن جەڭ قىلىپ

ھەممە ئادەم غەلىبە شادلىقتىن بەھرىمان بولىدىغان بىر كۈن

شەيتاننى يېڭىپ

بالام!

دۇنيادا ئادەمنىڭ دۈشمىنى يوق ئۆزىدىن بۆلەك

ھېچكىمدىن يېڭىلمەس

ناۋادا

ئۈستۈن كەلسە نەپسىدىن يۈرەك

نەپسىنىيېڭىش

ئەڭ چوڭ دۈشمەننى يېڭىشتۇر دېمەك

بەندىگە قۇل بولماس ئۆزىنى يەڭگەن

ئۆزىنى يەڭگەنگە يوق باشقا دۈشمەن

ـ دادا، دادا،

ئۇنداقتا نېمشقا پوجاڭ ئاتمايمىز؟

ـ بالام بۇ بىزنىڭ ھېيتىمىز

پوجاڭ ئېتىش بەھاجەت

پەقەت بىز ياراتقۇچىغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز

قەلبىمىزدە باشقىلارغا ياخشىلىق ئويلايمىز

گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىمىز

بۇ ھېيتتا يەنە

بىر ـ بىرىمىزنى سۆيۈشنى قايتا ئۆگىنىمىز

مۇھەببەتنى يېڭىلايمىز ،چۈشقۇرلاشتۇرىمىز

قەلبىمىزدىكى ھەربىر تىۋىشنىڭ

ئاۋازى مىليونلاپ پوجاڭدىن ئارتۇق

دۇنياغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىش

ياراتقۇچى بىزگە بەرگەن ئەڭ ئۇلۇغ تارتۇق

بالام، بالام

مانا بۇ بىزنىڭ ھېيتىمىز بالام

مۇشۇنداق ئۇلۇغ بىر ھېيتىمىز بولغىنى ئۈچۈن

ئاللاغا مىڭ شۈكرى ئېيتىمىز بالام.

# شەيتان

(هېكايە)

يول شۇنچىلىك تېيىلغاق ئىدىكى ئۇ ئاستا چامداپ مېڭىپ كىتىۋېتىپ بۇ شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ مېڭىش قىياپىتىدىكى غەيرىلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. دەل شۇچاغدا ...ئالدىدا كېتىۋاتقان بىرەيلەن شۇنداق قاتتىق تېيىلدىكى مۈز ئۈستىگە تۇيۇقسىز چۈرت كىسىپ تاشلانغان دەرەختەك گۈپپىدە يىقىلدى. بېشىدىن ئۇچقان شلەپىسى ئادەملەرنىڭ ئايىقىدا غالتەكتەك دومىلاپ كەتتى. ئۇ يىقىلغان كىشىنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ قورسىقىنى تۇتۇپ شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدىكى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكىلى تاسقالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر شادلىق يامراپ كەتتى.

ـ قارا ما ئادەمنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى، بىرى يىقىلىپ ئۆلەر ھالەتتە ياتسا، ئېشەك ھاڭگىرىسا كۈتى غىجەك تارتىپتۇ دىگەندەك قىلىپ تۇرغىنىنى..

ـ بەزى ئەدەملەرگە ئامال يوق.

ئۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى توختاتقاچ مولاھىزىلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىر نەچچە ئادەم يىقىلغان كىشىنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. بىرەيلەن شلەپىسنى قېقىپ كېيگۈزۈپ قويدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش، ئېچ ئاغرىش ھېسداشلىق تۇيغۇسى لېكىن ئۇنىڭ ....

ئۇ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ كىچىكىدىن سوقۇش كىنولىرىغا ئامراق ئىدى.

كىنودىكى سوقۇش كۆرۈنۈش قانچە جىددى بولسا، ئادەملەر قانچە كۆپ ئۆلسە، بوزغۇنچىلىق چېكىدىن ئېشىپ شەھەر قىشلاقلار كۆزنى يومۇپ ئاچقۇچە ۋەيران بولسا قەلبى بىر خىل ھوزۇرلۇق كەيپىياتتىن تېترەپ كىتەتتى.

كوچىلاردا خەق ئۇرۇشۇپ قالسا ئەڭ ئاۋۋال يۈگرەپ كىلىپ تاماششا كۆرەتتى. ئەڭ ئالدىراش ئىش بولسىمۇ تاشلاپ قوياتتى. ئادەم قانچە جىق يىغىلغانسىرى شۇنچە ھوزۇرلىنىپكىتەتتى. مۇشلىشىۋاتقانلارنىڭ يىرتىلغان قاپاق، تۆكۈلگەن چىشلىرىنى تاماششا قىلاتتى.

ئەجەبا، ئۇنىڭ قىلغانلىرى خاتامدۇ؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا بوزغۇنچىلىق، قاتىللىق، ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن كىنولارغا كىشىلەر ئامراق؟ نېمىشقا كوچىلاردا خەق ئۇرۇشۇپ قالسا نۇرغۇن ئادەم كىلىپ تاماششا كۆرىدۇ؟ ئۇ بىردىن ئېنسان ماھىيىتىدىكى تۆزەشكە قارىغاندا بوزۇشقا ئامراقلىقىدەك خارەكتىرنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدى. راست ئۆيدە ئايالى ئاچچىقى كېلىپ قالسا چىنە قاچىلارنى چېقىپ دەردىنى ئالىدۇ. ئاچچىقى يانغاندا بولسا ئۇلارنى يەنە قاقشاپ يۈرۈپ سېتىۋالىدۇ. خوتۇنى ئۇچۇن چېنە ـ قاچا چېقىش بىلەن ئۇلارنى قاقشاپ سېتىۋېلىش ئوخشاشلا ھوزۇرلۇق ئىش.

ئۇبىر كۈنى كەچلىك بازارنى ئايلانغىلى چىقتى. تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئارقىدىن جىدەل باشلاندى. بىردەمدىلا ئەتراپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويۇش نىيىتى يوقتەك قىلاتتى. گەۋدىلىك ئۇچ لوكەك ئۇنى ئوتتۇرغا ئېلىپ تازا ئۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نىجادلىق ئىزلەپ ئەتراپتىكى ئادەملەرگە قاراپ چەكچىيىپ كەتتى. ساقچىلەر يىتىپ كەلگەندە لوكچەكلەر ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇگۈن تۇنجى قېتىم تاياق يىگۈچىنىڭ تاماششاسىنى كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنىڭ تاياق يىگۈچى ئۈچۈن زەھەردىن ئارتۇق تۇيۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇپۇلاڭشغان هالدا مەهەللسگە يېتىپ كەلدى. يېتىپ كەلدىيۇ چۆچۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپقالدى. ئۇيى كۆيۇۋاتاتتى. ئايالى ئىشىك ئالددا نېمە قلارنى بلمەي يىغلاپ تۇراتتى.

بىرچاغدا ئۇت ئۇلغىيىپ ئۆي گۇپپىدە يىقىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئۇرۇش، بۇزغۇنچىلىق تەسۋىرلەنگەن كىنولارنى كۆرمەيدىغان، ئىكراندا ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ كۆزىگە ياش ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

**1999 ـ يىل 29 ـ نويابىر**